«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

• ئۇستاز، ياش فولكلورشۇناس، مائارىپ تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور، دوكتور رائىلە داۋۇد خانىم •

XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

5

2005

ISSN 1008-6498
09>
9 771008 649003

● تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى بويىچە يېتىلىۋاتقان ئىجتىھاتلىق ياش تەتقىقاتچى ئادىل مۇھەممەد تۇران ئەپەندى ●



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitab.com

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(54 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2005 ـ يىل 5 ـ سان
(ئومۇمىي 275 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
زۇنۇن باقى (قوشۇمچە)
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نا-
زارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
رىسالەت مۇھەممەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


### ئانا قەلبى

ئەقىدە ئېھتىرامى ........ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن 2

### چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە

زۇنۇن قادىرىي كىم؟ ........ ئابلەت ئابدۇللا 8

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........ مۇھەممەتجان قۇربان قاتارلىقلار 38

### ئىلىم تەلەپكارلىرىدىن تەۋسىيە

دەرسخانا پۈتۈكلىرى ........ تەۋسىيە قىلغۇچىلار: نىياسەم ئوسمان، پاتىگۈل نىياز 58

### مەنىمۇ بىر نېمە دەپ باقاي

باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا ـ دولان ........ ئادىل مۇھەممەد تۇران 59

### ئوقۇرمەنلەر چايخانىسى

ساقايمىسۇن، سۆيۈملۈك «ساراڭ»! ........ ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 67

### قىرتاق پاراڭلار

ئاچچىق كۈلكىلەر ........ ئىمىننىياز مەتنىياز، ئابلىز ساقى پەزىلەتشاھ تەرجىمىسى 69

يەھۇدىيلاردەك بولغىڭىز كەلسە ........ تۇرسۇن تۇردى 70

### شەكلىۋازنىڭ ئەقلى تۆت چاسا

تۈزۈكىنى دورسۇن ........ گايىت مۇسا بەگتۇر 71

### ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

ئۇرۇقلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى ........ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس تەرجىمىسى 74

مۈشۈك قىسمىتى ........ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس 76

### تەرمىلەر

جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش دەرىجىسى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ ........ 75

### روھ سەپىرىدە

ھەشەمەتلىك ئۆيلەردىن ھەسرەتلىك ئويلارغا ........ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ 78



مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com

ئېسىل پەزىلەتلىرى بىز يەتتە بالىنىڭ ھەممىسىنى ھالال ياشاشقا ئۈندەپ كەلدى. بۇ ھەممىدىن ياخشى جاۋاب بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن ئۇنى قانچىلىك ياد ئېتىپ تۇرالىدىم؟ ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ، تۇپراق بېشىنى يوقلاپ قويمىغىلى قانچىلىك بولغاندۇ؟ ھەممىمىز ئانىلار ھەققىدە ئەڭ ئۇلۇغ شېئىرلارنى، ئەڭ تەسىرلىك ناخشىلارنى ئوقۇدۇق، ئەمما ئانىلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالدۇق...

دادا بولۇش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. ئانام بىزگە سەممىي، پاكىز ياشاشتىن ئىبارەت ھاياتلىق ئەندىزىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. دادام جاپا تارتىسمۇ ئېگىلمەي، پۈكۈلمەي، ئۆكتەملەر ئالدىدا باش ئەگمەي ئەركەكتەك ياشاشنى ئۆزىگە مىزان قىلدى. بۇ خۇي ھەممىمىزنىڭ تەبىئىتىنى ياشارتتى. مەن بولغۇسى بالامغا نېمەم بىلەن تەسىر كۆرستىپ، ئۇنى قانداقراق تەربىيلەپ چىقارمەن؟ ئۇ مەندىن كېيىن قالغاندا مېنىڭ نېمەمدىن پەخىرلىنىپ، قايسى تەرىپىمدىن نەپرەتلىنەر؟

مانا، بىر پاكىز، ياخشى بەندە دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كەلمىش ـ كەتمىشىنىڭ قانداق بولۇشى مەلۇم مەنىدە ماڭا ۋە ئايالىمغا باغلىق ئىدى.

بىر ئېغىر مەجبۇرىيەت ئىلكىدە بېشىم ئېگىلدى. تۇغۇت ئۆيىدىن ناھايىتمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان چىرقىراق ئاۋاز كەلدى. كۆزۈمدىن يۇرقىراپ ياش كەتتى.

2

تۇغۇت دېگەننىڭ مۇنچىۋالا قىيىن ھەم ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىكەنمەن. كۈتۈۋېرىپ تاقىتىم تاق بولغاندا تۇغۇت ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، نۆۋەتچى دوختۇر چىقىپ كەلدى ۋە خالاتلىرىنى يەشكەچ ئىشخانىسىغا ماڭدى. كۆڭلۈم تۇيدى. يېنىك، ئارامخۇدا شۈكۈر تۇيغۇسىنىڭ تومۇرلىرىمنى بويلاپ ئاققىنىنى تۇيۇپ تۇردۇم. «ئاخىر ساق ـ سالامەت تۇغدى» دېدى ئۇ ۋە بىردەم توختىۋېلىپ: «قىزدىن بىرنى، مۇبارەك بولسۇن!» دېگەننى قوشۇپ قويدى. «خۇداغا شۈكۈر، رەھمەت» دېدىم. دېمەككى، قىزىم، سەن تۇغۇلۇپسەن! ھەر ئىككىمىزنىڭ سالاھىيتىنى ئۆزگەرتىپ تاشلاپسەن. يېنىكلىك، تەنتەكلىك تۇرمۇشتىن كۆتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. سەن ئەرشتىن بىر ئۇلۇغ مەجبۇرىيەتنى ئالغاچ چۈشكەنىدىڭ. بىز ئۇنى خاپىلىق، جاپا، ئورۇنسىز بەدەل، باش ئاغرىقى دېمەستىن، بەلكى خۇشاللىق، ھاياتنىڭ مەنە ـ لەززىتى دەپ بىلىپ رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلغاندۇق.

دوختۇرنىڭ: «قىزدىن بىرنى» دېگىنىدىن، ئومۇمىيلىقتا ئايالنىغان «قىزدىن قېچىش» پىسخىكىسىنى ھېس قىلدىم. «قىز تۇغۇپتۇ» دېسە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا كەتكەن، «يەنە قىز تۇغدۇڭمۇ» دەپ تۇغۇتلۇق ئايالىغا تاپا قىلغان، ھەتتا ئۇرۇپ قوغلىۋەتكەن، قانۇنغا خىلاپ ھالدا تالاق قىلىۋەتكەن نائەھلى دادىلارنىمۇ كۆرگەن، ئاڭلىغاندىم. نېمە دەيلى؟ نېمە؟ قانداق تۇغۇش، نېمە تۇغۇش سېنىڭ، مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئىش ئەمەس. مېنىڭ مۇتلەق نوپۇزغا ئۆكتە قوپقۇم يوق. ھېلىمۇ گۇناھ ـ كىبىرلىرىمنىڭ ئەپۇسىنى توختاۋسىز تىلەۋاتقان بەندىمەن.

قىزىم، سېنىڭ تۇغۇلغانلىقىڭنى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمگە بىلدۈرگۈم كەلدى. توختىماي تېلېفون قىلدىم. بىر قىسىملارنىڭ سوغۇق تەبرىكلەشلىرىدىن ئۇيغا چۆمدۈم. ھەتتا چاقچاقچى بۇرادىرىمىزدىن بىرسى سېنىڭ ئات تويۇڭغا ئاتاپ ئالغان قوچقارلىرى كۆرۈپ چاقچاق قىلىپ: «قوچقار ئالدىڭمۇ تېخى، ئوغۇل تۇغالمىغان خوتۇنغا قوچقار تۇگۈل ساغلىقمۇ يوق» دېدى. مەن بۇ خىل كەيپىياتتىن شۈنى ھېس قىلدىمكى، قىزىم، سەن نەزىرە مۇھەممەد سالىھ خانىم «شېرىق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئاسمىنىمىزدا قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ يۇلتۇزى خىرەلىشىپ قالغان بىر چاغدا دۇنياغا كەپسەن. قىزلارغا بولغان سوغۇق نەزەر قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقىدىن كەلگەن. ۋەھالەنكى، بۇ سېنىڭ گۇناھىڭ ئەمەس. شۇنداقلا تۇغۇلۇش سېنىڭ ئىختىيارىڭمۇ ئەمەس. مەن، ئاناڭ سېنىڭ كەلگىنىڭگە: «مەرھابا!» دەپ قۇچاق ئاچقۇچىلاردىن. سالام، سېنىڭ يېڭى تېگىڭگا. مەشرەپنىڭ مۇنۇ مىسراسى ئېسىمگە كەلدى: «ھەي ـ ھەي، سىزگە مۇبارەك، دەپ ئادەم كەلدى!».

ئالاھەزەل بىر سائەتلەردىن كېيىن تۇغۇت ئۆيىگە كىرىشىمگە رۇخسەت قىلىنىشتى. ئاناڭنىڭ قانداق ھالدا ياتقىنىنى، ئۇنىڭدىن قانداق ئەھۋال سوراشنىمۇ بىلمەيتتىم. ئەمما، كىرىپ بىرەر نەرسە دەپ بولغىچىلا ئۇ: «يېتەر ئاشۇ بىرسى» دېدى كىنايە قىلىپ. ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپلا يىغلاپ سالغىلى تاس قالدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ جاپا تارتقانىدى. پۈتكۈل ئاياللار بالىلىرىنى مۇشۇنداق جاپا تارتىپ، قىينىلىپ تۇغقانىدى. مېھىر ئەجرىنى ئۇنتۇلدۇرغان، ئورنىنى تولدۇرغانىدى، خالاس.

يەنە كېلىپ، سەن ئاناڭ ناھايىتى زور بەدەل ھېسابىغا تۇغقان بالا ئىدىڭ. ئۇ قولىدىكى ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغانلىق چاقىرىقنى يىغلاپ تۇرۇپ تاشلىۋېتىپ ئانىلىققا يۈزلەنگەنىدى. ئۇ ئانا بولۇشنى، پەرزەنت تەربىيىلەشنى بىر ئايالنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۇرچى، ھەرقانداق نەتىجىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋەزىپىسى، دەپ چۈشەنگەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق، ئەجرىنى قورقماي قۇربان قىلالىغان ئايال ئىدى. بىز رېكورت يارىتىمەن، مۇسابىقىگە قاتنىشىمەن، تەتقىق قىلىمەن، خىزمىتىم ئالدىراش، دەپ قورسىقىغا تۆرۈلۈپ بولغان ھاياتلىقنى تۇنجۇقتۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ، ئالدۇرۇپ، چۈشۈرۈۋەتكەن ئانىلارنى كۆپ ماختىدۇق. ئۇلارنى تەرىپلەشكە جاھاندىكى ئەڭ نەپىس سۆزلەرنى ئىشلەتتۇق. ئەمما مەن ھاياتلىققا سەممىي مۇئامىلە قىلمىغانلارغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىغۇچىلاردىن. ئۆز پۇشتىغا رەھىمسىزلىك قىلغان ئادەمنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالالار كەلمەي قالمايدۇ. مەيلى ھەر قانچە كاتتا ئالىم، مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، كەم تېپىلىدىغان ئىستېدات ئىگىسى بوپكەتسىمۇ، ئۇنىڭ تەقدىرنامىنى ھاياتلىقتىن ئۈستۈن ـ ئەلا بىلىپ شاپاشلاشلىرى بىمەنىلىك، رەزىللىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاناڭنى ئەخمەق دەپ تىللىغۇچىلار، ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ قانچىلىك جىقلىقىنى سەن بەلكىم تالاي يىلدىن كېيىنمۇ تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭ ۋاز كېچىش ئۈچۈن قانچىلىغان ئىدىيىۋى قۇربانلىق بەرگەنلىكىنى نۇرغۇن ئادەم چۈشەنمەيدۇ. توي قىلىش، باللىق بولۇش، ئائىلە تۇتۇش زەنجىر ـ كىشەن دەپ قارىلىۋاتقان مەزگىللەردە بىر ئايالنىڭ ئاياللىق، ئانىلىق مەجبۇرىيىتىگە قول بېرىپ، ئىخلاس قويۇشى ساراڭلىق دەپ قارىلىدۇ. ئەمما بىز بۇ ساراڭلىققا مۇھەببەت قويدۇق. تۇرمۇشتا

پاكىز، مەنىۋى بۇلغىنىش، قىينىلىشلاردىن ئامال بار خالىي ياشاشنى چىن كۆڭلىمىزدىن خالىدۇق. ئاناڭ دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ سېنى تاللاشتىكى ئادىتى مەردانىلىكىنى مەن ناھايىتى زور دەبدەبە، دەپ قارىدىم. ئۇنىڭ تولغاقنىڭ قىينىقى كەتمىگەن تەنە ــ كىنايىسى يۈرىكىمگە بىر شېرىن ئېقىم بولۇپ قۇيۇلدى.

سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم. سېنى چىرايلىق زاكداپ قويۇشۇپتۇ. ھېچقانداق ۋەدە ــ قەسەمسىز ئادىتى ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغان نىكاھىمىزنىڭ مېۋىسى ــ سەن تولۇق سۈزۈلمىگەن كۆزلىرىڭنى ئۇيان ــ بۇيان مىدىرلىتىپ يېتىپسەن. ئارقىدىنلا سېنى ئېغىزلاندۇرماقچى بولدۇق. نەچچە كۈندىن بېرى يانچۇقۇمدا ساقلاپ كەلگەن ئۆرۈك مېغىزىنى يۇمشاق چايناپ يۇمران ئېغىزىڭغا سالدىم. بىزدە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى مېغىزدا ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى ساقلانغان. كونىلار: «مېغىزلىق، مەنىلىك سۆزلەيدىغان بولىدۇ» دەيدۇ. راست شۇنداق بولامدۇ، مەن بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما مەن بىدئەتلىك، خۇراپاتلىق بولمىسىلا، ئەل مەدەنىيىتىگە، خەلق تەجرىبىلىرىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغۇچى. مېغىزدىكى پەۋقۇلئاددە مول قۇۋۋەت بەلكىم پەرزەنتىمىزنى تەندۇرۇس، ئەقىللىق قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينار.

بىزدە يەنە بالىنى كىم ئېغىزلاندۇرسا بالا شۇنى دورايدۇ، دەيدىغان قاراش بار ئىدى. بوۋاق تۇغۇلۇپ ئېغىزلاندۇرار ۋاقتىدا بىز ئامالنىڭ بارىچە ئىلمىدىمۇ، پەزىلەتتىمۇ كامىلراق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلاتتۇق. ئاناڭ سېنى مېنىڭ ئېغىزلاندۇرۇشۇمغا چاقچاق بىلەن قارشى تۇردى. ياشلىقىمدىكى تەنتەكلىكىم ــ يەڭگىلتەكلىكىمنى ئۇنىڭ تەبىئىتى كۆتۈرەلمىگەنىدى. ئۇ، سېنىڭ بىر مۇكەممەل ئىنسان بولۇشۇڭنى تىلەۋاتقاندەك، سېنى مېنىڭ ئىۋەنلىرىمنى دوراپ سالمىسۇن دېمەكچىدەك قىلاتتى. مەنمۇ سېنىڭدەك بىر بىغۇبار، پاكىز، يۇمران قەلبنى ھاياتنىڭ چىن مەنىسىنى بىلگەن، بىلىدىغان بىرىنىڭ ئېغىزلاندۇرۇشىنى نەقەدەر ئارزۇلايتتىم ــ ھە؟! دوختۇرخانىدا مەن بىلىدىغان، تونۇيدىغان ئاقىلدىن بىرەرسى يوق ئىدى. ئۆزۈملا يەڭ تۇردۇم. ھېچبولمىسا ھاراق ــ تاماكا، سەپسەتە، چېركىن ئىدىيىلەردە بۇلغانغان ئېغىزىمنىڭ سېسىق ئىس ــ بۇسلىرى سېنىڭ سەبىي جىسمىڭدىن نېرى تۇرسۇن، دېدىم. ياراتقۇچىدىن ساڭا چىن ئەقىدە ــ ئېتىقاد، شەرم ــ ھايا، ئەخلاق، دىيانەت، نومۇس، غۇرۇر ۋە بارلىق ئىش ــ ئەمەلىڭگە مەنە تىلەپ يۇمشاق چاينالغان ئۆرۈك مېغىزىنى ئېغىزىڭغا يېقىن ئاپاردىم. ئىچ ــ ئىچىمدىن تۇۋا ــ ئىستىغپار قايناپ چىقتى. ئالدىمدا بارلىق يامان خىيال، رەزىل ئوي، ھارام تۇيغۇلاردىن خالىي پىلتىڭلاپ ياتقان سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ مېنى مۆكچەيتىپ، خۇنۇك، كۆرۈمسىزلەشتۈرۈۋەتكەندەك بىلىندى. يامانلىقتىن ئەمەس، ياخشى خۇلقلاردىن زوق ئالغىن، قىزىم، دېدىم بوغۇلۇپ.

3

چوڭقۇر شۈكۈر، ھەمدۇ ــ سانالار بىلەن سېنى ئۆيگە ئەكەلدۇق. بارلىق ئۇرۇق ــ تۇغقانلار يىغىلىپ يېڭى بىر ھاياتلىقنى ــ سېنى ساقلاپ تۇرۇشقانىدى. ھاياجانلىق يىغا ۋە خۇشال تەبرىكلەر بىلەن سېنى، ئاناڭنى ئالدىن تەييارلانغان ئورۇنغا ياتقۇزۇپ قايتىدىن مۇبارەكلەشتۇق. سەن ئىللىق بىر ئائىلىگە تېخىمۇ ئىللىقلىق ئەكەلگەندەك بولدۇڭ. «ئەمدى ئادەم بولدىڭىز، ــ دېدى يەڭگىلەردىن بىرى پېشىمنى تارتىپ، ــ بىرنى تۇغمىغان ئايال، بىر بالىغا دادا بولمىغان ئەر سالام قىلىش، سالىمنى ئىلىك ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، قىلچە».ئۇنىڭ بۇ كەسكىن سۆزىگە نۇرغۇن مەنە يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ بالا يۈزى كۆرمىگەن ئادەمنى ئىنساننىڭ، ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى سۇس، تۇۋىدىن يىراق، قەلبى تاشتىن قاتتىق بولىدۇ، دېمەكچىدەك قىلاتتى. مەن ھېچنېمە دېمىدىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە مەن دەيدىغان گەپلەرنىڭ نۇرغۇنى باردەك قىلاتتى.

قىزىم، دېمەككى، سەن مېنى ۋە ئاناڭنى ئادەم قىپسەن. بىز بۇرۇن تەنتەك، نادانلاردىن بولساق كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، بىز نېمە ئۈچۈن، قانداق بولۇپ دادا، ئانا بوپقالغىنىمىزنى ئۇقالمايلا بىر ــ ئىككى بالىنى يېتىلەپ قالغان بىر قىسىم ئاتا ــ ئانىلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگەنىدۇق. بىز ئات ــ ئېشەكتەك مەنە ــ ئاڭدىن خالىي، ئىدراكسىز يېقىنلىشىشنىڭ نەتىجىسىدە بىر ــ بىرىمىزگە بالا تۈپەيلى باغلىنىپ قېلىشتىن قورققانىدۇق. بالا ئاتا ــ ئانىنى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن باغلاپ تۇرىدىغان زەنجىرگە ئايلىنىپ قالسا، بۇنى بىر پاجىئە دېيىش كېرەك ئىدى. پەرزەنت نىكاھ بېغىدا ئاتا ــ ئانا بولغۇچىنىڭ ئورتاق ئەجىر قىلىشى بىلەن كۆكلەيدىغان مۇھەببەت دەرىخى. بەزىلەر ئۇنى كىچىك چېغىدىلا سۇندۇرۇپ تاشلايدۇ، بەزىلەر پەرۋىشسىز قالدۇرۇپ، ئوت ــ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ياۋايىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئوتاپ، سۇغىرىپ، چاتاپ، مېۋىسىنى يەيدۇ، سايىسىدا سالقىنلايدۇ، دۆلىتىنى كۆرىدۇ.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز سېنىڭ سايەڭدە سالقىنداش ئەمەس، قىزىم. سەن قالايمىقان، تەرتىپسىز شاخلاپ كەتمىسەڭلا بىز شۇنىڭدىن خۇش. ئاتا ــ ئانا بولغۇچىدا تەمە بولمايدىكەن، بەلكى ئۇ غەرەزسىز، تەمەسىز سۆيۈدىكەن. ئىپادىلەشتىكى ئۇسۇل، جەريان، سەۋىيىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىلا بەزى ئاتا ــ ئانىلار گۇناھكارغا ئايلىنىپ، ئاھانەتكە قالىدىكەن.

ــ قېرىپسەن، ــ دېيىشتى ئاغىنىلەرمۇ. بۇ، پىشىپسەن، دېگىنى ئىدى. چۈشەندىمكى، خەلقىمىز دادا بولغۇچىدىن قالتىس زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدىكەن. ئۇنى ئەمدى ۋايىغا يەتتى، ياشلىقنىڭ يەڭگىلتەك، ئالدىراقسانلىقى ئاخىرلىشىپ، ئويلىنىپ قەدەم باسىدىغان باسقۇچقا كىردى، پىشقان، بىلى قاتقان، ھاياتلىق ھەققىدە بىر قەدەر مۇپەسسەل ئويلىنالايدىغان ئادەم بولدى، ئەل ئالدىدا ئېغىر ۋەزىپىلەرنى يەلكىسىگە ئېلىشى، يۇرتقا تىرەك بولۇشى كېرەك، دەپ بىلگەنىكەن.

دادا بولۇش، بولۇپمۇ قىز ــ ئاياللارنى پەس كۆرۈش باش كۆتۈرۈپ قالغاندا، بىر قىزغا دادا، بىر ئۆيگە باش بولۇشنىڭ نەقەدەر قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى سەن تۇغۇلۇپلا ھېس قىلدىم، قىزىم. بۇرۇن بىر ئۆزۈم ئۈچۈنلا ئويلايتتىم. كېيىنچە جەمئىيەت ھەققىدە ئويلىنىش، پىكىر قىلىشنى بۇرچۇم، دەپ بىلىدىغان بولدۇم. تۇرمۇشۇمغا ئاناڭ، ئائىلە قېتىلدى، ئەمدى سەن. مەن ئويلىنىدىغان، پىكىر قىلىدىغان، ئىگە بولىدىغان مەزمۇن تېخىمۇ كېڭەيدى. ۋەھالەنكى، مەن ئۆز مەجبۇرىيىتىمنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىدىن ۋايسىغۇچى بەتبەخلەردىن ئەمەسمەن.

www.uyghurkitap.com

مەن بىر ئايال، بىر ئائىلىگە باش بولۇشقا يۈز نەچچە ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئاستىدا ھەققە قەسەم بەرگەن، رازى، خۇشال بولۇپ تەنتەنە قىلغان ئەرمەن. ئۆز ئائىلىسى، ئايالى بىلەنمۇ قانائەت ھېس قىلالمىغان، بەختنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمىغان ئادەم يەنە نەدىن مەنە، مەزمۇن، شادلىق تاپالىشى مۇمكىن؟ ئائىلىسىدىن خاتىرجەم، بەختىيار بولالمىغان ئادەم كەسىپ، تىجارەتتىمۇ نەتىجە قازىنالمايدۇ. ئۇلارنىڭ روھىياتى غەم ـ قايغۇغا لىپمۇ لىق تولۇپ كەتكەن بولىدۇ...

قىزىم، سەن مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا ئىللىق بىر تۇيغۇنى باشلاپ كىردىڭ. مەن شېئىر ئوقۇمىغىلى ئۇزاق بوپكەتتى. ئەمما سەن ماڭا ناھايىتىمۇ تاتلىق، پاكىز شېئىرىي كەيپ، مەستخۇشلۇق ئاتا قىلدىڭ. مېۋىلىك دەرەخلەر ھۇپپىدە چېچەكلەپ، دەل ـ دەرەخلەر يۇمران يوپۇرماق سوزغان، جىگدە چېچەكلىرىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئېتىز ـ يوللارنى قاپلىغان ئەتىياز پەسلىدە مەن ئائىلەمنىڭ تۇنجى چېچىكىدىن ئالەمچە ئىپتىخار ھېس قىلدىم. بۇ چېچەكنى ئاۋايلاپ پەرۋىش قىلىپ شىرىن مېۋىگە ئايلاندۇرۇش ئىستىكى ئانا ئىككىمىزنىڭ قەلبىدە تىكلەندى. «قىيامەت كۈنى ھەممىدىن كۆپرەك ئازاب چەككۈچى ئۆز ئائىلىسىنى نادانلىقتا قويغۇچىدۇر» دېيىلىدۇ «ھەدىس شەرىف»تە ①. بىز ئازاب، دەھشەتتىن يىراق تۇرۇشنى چىن دىلىمىزدىن ئارزۇلايمىز، قىزىم.

4

ساڭا ئىسىم قويماقچى بولدۇق. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ياخشى ئىسىم تاللاپ قويۇش بالىنىڭ ئاتا ـ ئانا ئۈستىدىكى ھەققىياتىدىن بىرى ئىدى. دوست ـ بۇرادەرلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار نۇرغۇن ئىسىم تېپىپ كېلىشتى. ھەممىسىلا چىرايلىق ئىسىملار ئىدى. ئاناڭمۇ، مەنمۇ ئۈندىمىدۇق. بىز تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قېقىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى تالاي رەت بىر ـ بىرىمىزگە ئەسكەرتىپ تۇرۇپ، يەنە قانداق ئىسىم قويۇش مەسىلىسى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندۇق. مەقسىتىمىز ياخشى، چىرايلىق ئىسىم قويۇش ئىدى. بىز زامانغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان كەلگىندى ئىسىملاردىن بىزار ئىدۇق. ئىسىمدىكى جەزبە ۋە مەنىنىڭ قانداقلىقى بىزنى قىزىقتۇراتتى. كىملەردۇر ئاناڭنىڭ ياكى مېنىڭ ئىسمىمغا ماس كېلىدىغان قاپىيىداش ئىسىملارنى تەۋسىيە قىلىشاتتى. بىر بۇرادىرىمىز: «قاپىيىداش قىلىدىغانغا بۇ شېئىر، قوشاق ئەمەس، چىرايلىق، ئېغىزغا يېقىن بولسىلا، يامان مەنە چىقىپ قالمىسىلا بولۇۋېرىدۇ» دېدى. دېمىسىمۇ بەزى ئىسىملار مەنە جەھەتتىن ياخشى ئەمەس ئىدى. بەزىلەر ھەتتا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندىمۇ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىشمەكتە ئىدى. بۇ بىۋاستە ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ ۋە ئاخۇنۇمنىڭ مەسئۇلىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان نازۇك ئىشقا ئايلىناتتى. ئېھتىيات قىلدىم ۋە ئاخىر «ئەقىدە»نى ساڭا ئىسىم قىلىپ تاللىدىم. سەندىن نېمىنى، قانداق يۈكسەكلىكنى تىلەيدىغىنىمنى ئىسمىڭ ـ ئېتىڭغا سىغدىلىپ كەتتى. سېنى ھەربىر چاقىرغاندا تۇرمۇشتىكى مەنىلەر تەكتىنى زىكىر قىلىپ تۇراي دېدىم. ئىسىم بىلەن جىسىم ئايرىم گەپ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىدىن بولغان ئادەمئاتىنىڭ ئىسمىغىلا ئىنسانىي كامالەتنىڭ بارلىق تەلەپ ـ تەلقىنلىرى سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇمۇ ئازدى. لېكىن ھاياتتىن كامىللىق ئىزدەش كېيىنكى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ غايىسىگە ئايلاندى. بەزىمىز ئۆلگىچە نان يەپ، قورساق توقلاپ ئۆتۈشنىلا ھايات، دەپ چۈشىنىۋالدۇق. تالاي گۈزەل ئىسىم دىللاردا زوق ـ ھاياجان، ئەمەلدە ئىجرا ھەۋىسى قوزغىتالماس بوپقالدى. ئەمما بۇ ئىسىملارنىڭ گۇناھى ئەمەس ئىدى. ئىسمىڭدىكى مەنە ھېلىھەم بىلگۈچى، تەپەككۇر قىلغۇچى ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ تامامىي تاكامۇلىغا ئىشارە ئىدى.

ـ ئىسمى ئەرەبچىمۇ، تۈركچىمۇ؟ ـ دېدى ئوچۇق، كەسكىن پىكىرلىك بىر قېرىندىشىمىز مەنىلىك كۈلۈپ. ئۇنىڭ بۇنداق سورىشىدا گەپ بار ئىدى. ئۈرۈمچىدە بىز خېلىلا ۋاي دەيدىغان ئەدەبىيات زوقمەنلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا گەپ ئارىسىدا: «ئەرەبچە ئىسىملارنىڭ كىشىنىدىن قۇتۇلساق بولاتتى» دەپ ئاھسىنىپتۇ. قېرىندىشىمىز مۇنداق دەپتۇ: «ئۇنتۇپ قالماڭكى، ئىسىم ئەرەبچە بولغان بىلەن ئۇنىڭ روھى تامامەن ئىسلامچە. سىز، بىزگە ھازىر نېمىنىڭ بەكرەك مۇھىملىقىنى ۋىجدان دەللىلەيدۇ. قۇتۇلۇش، تۇتۇلۇش ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى».

قىزىم، سېنىڭ ئىسمىڭ ئەرەبچىمۇ، پارسچىمۇ ياكى تۈركچە، ئۇيغۇرچىمۇ، بۇ ھەقتە ئويلانماپتىمەن. كېيىنچە «كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»نى ئاختۇرۇپ بېقىشنىمۇ ھاجەتسىز، دەپ ئويلىدىم. نەزىرىمدە «ئەقىدە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۈزدەك زۆرۈر بوپكېتىۋاتقان جانجان بىرلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۆزىلا مەنە، مەقسەت، تىل، دىل، دىن، مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك سەۋەب ئىدى.

ناماز بامداتتىن ئۇدۇل يانغان بىر توپ مەھەللە جامائىتى داموللا ھاجىمنىڭ ئېغىزىدىن جاكارلانغان ئىسمىڭنى بىر ئېغىزدىن مۇبارەكلەشتى. پاكىز، ئەقىدىسى بار ئادەملەر بىلەن ئىسمىنى قويايلى، ئىسمىغا شۇلار گۇۋاھ بولسۇن، دەپ ئويلىدىم. ھالال ياشاپ، ئارامخۇدا كەتمىنىنى چېپىپ، ئىبادىتىنى قىلىپ كەلگەن مۇشۇ دېھقانلارنىڭ روھىلا بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەت دەۋاسىدىن بىر قەدەر خالىي ئىدى. ئۇلار دۇئا قىلىشتى. مەن ساڭا ئىنساپ تىلىدىم، ئىسمىڭنى ئەمەلدىن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدىم، قىزىم.

5

كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىسەن، قىزىم. ئاناڭنىڭ، موماڭنىڭ ھارغىن، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى كۆرسەم ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن ھېكمەتكە چىنپۇتىمەن. ئاياللىرىمىزنى، قىزلىرىمىزنى قوغداش، ئاسراش، ئۇلارنىڭ ھايا ـ نومۇسىنى قەدىرلەشنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك، مۇھىملىقى ماڭا تېخىمۇ ئايان بولىدۇ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاناڭ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاناڭ، دېدى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاناڭ، دېدى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاندىن قالسا ئاتاڭ دېدى ② .

يىغاڭ، كۈلكەڭ، ئۇخلىشىڭ ھەممىسى ئاناڭنىڭ كۆزىدە. ئۇ ھەر

---

①، ② «سەھىھۇلبۇخارىي جەۋھەرلىرى ۋەقەستەلانىي شەرھى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى.

بىر قىلىقىنى كۆزىتىپ، خۇلاسىلەپ ماڭغۇچى. ئۇ سېنىڭ يىغاڭدىن ئەندىشە – ۋايىم يەپ ئىچى پۇشسا، كۈلكەڭدىن، تاتلىق قىلىقىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلىدۇ. بالا مېھرى بىلەن تۇغۇلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئىنسانىنىڭ پۇشتى – ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى بۇ چاغقا كاتتىكتە كۆمۈكلۈك ياتاتتى، دەيدۇ يۇرتىمىزدىكى ئەسىر يېشىغا يەتكەن مومايلار. ئۇلار ئاياللارنىڭ ئازابى، تولغىقىنىڭ تەمىنى ئەرلەر مەڭگۈ ھېس قىلالمايدۇ. ھېس قىلىدىغان بولسا ئاياللارنى خارلاپ – خورلاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، دېيىشىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز مېھنىتىگە يارىشا ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، مىننەت قىلماڭلار، ئاياللار! دەيمەن ئىچىمدە. ئۆزىمىزگە، ئەرلىرىمىزگە ئىچىم پۇشىدۇ. ئەر كاردىن چىقمىسا، ئاياللار تاپتىن چىقىپ بۇزۇلاتتىمۇ؟

ئېمىزگۈ – يالغان بېجىقنى ئەمگىلى زادىلا ئۇنىماپسەن. زامانىۋى پەتىۋاچىلار: ئېمىزگۈ ئەمسە كىيىنچە ئانىسىغا ئارام بولىدۇ. يىغلىغاندا ئېغىزىغا تىقىپ قويسا شۇنى ئېمىپ يېتىپ جىمىيدۇ، ئۇخلاپ قالىدۇ، دەپ پەتىۋا بېرىشىپتۇ. ئاناڭمۇ، موماڭمۇ ماقۇل كۆرۈپ سىناپ بېقىپتۇ. تىلىڭ بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپسەن. بېشىڭنى سىلكىپ، تولغاپ يېقىن ئەكەلگىلى قويماپسەن. شېكەر يالىتىپ، شېكەر سۈيىگە چۆكۈرۈپ ئەكەپتۇ، يەنىلا ئۇنىماپسەن، يۇمران قوللىرىڭ بىلەن تۇتۇپ ئېتىۋېتىپسەن، ئىتتىرىۋېتىپسەن. بىغۇبارلىقىڭ ساختىلىقنى ماقۇل كۆرمەپتۇ. ئاقىللار نادانلارنى گوللاشتىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلىدۇ. ئەمما قىزىم، سەن گول بولماپسەن. خوتەنلىككە خاس جاھىل خاراكتېر ئەمدىلا ھەپتىلىك بولغان تەن – روھىڭدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپتۇ. «بالىنى گوللىماڭلار، شۇ يۇمران تەن، سەبىي قەلب بولسىمۇ ساختىلىق، ئالدامچىلىقتىن نېرى تۇرسۇن. بوۋاق بولسىمۇ قۇرۇق ئەمچەككە كۆنۈپ قالمىسۇن. ئەڭ مۇھىمى، بىزلەر بولسىمۇ ئۆز بالىلىرىمىزنى ئالداشتىن تەسەللى تاپمايلى» دېدىم.

موماڭ: تۇۋا، قانداق بالا بۇ، سىيدىمۇ، قىقاس سېلىپ ئەسلا ياتمايدۇ، ئورنىنى قۇرۇقداپ ياتقۇزمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ، دەپ ھەيران قاپتۇ. ساڭا مەستلىكىم كەلدى. ياراتقۇچىدىن ئۆزىنىڭ مەينەتچىلىكى، يىرگىنچلىكىنىمۇ سەزمەي خاتىرجەم مىلىنىپ يېتىۋېرىدىغان ئاڭقاۋ – لەقۋالىقتىن سېنى بولسىمۇ ساقلاشنى تىلىدىم.

6

بۈگۈن سېنى بۆشۈككە بۆلىمەكچى. «بالا دېگەن بۆشۈككە بۆلىمىسىمۇ يوغىناۋېرىدۇ. قانداق قىلىسىلەر، كىچىك بالىنى قىيناپ قىسماقتا ئېلىپ» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. قىسماقتا، سولاقتا ئالماي بولمايدۇ. بىزدىكى ھەممىلا نەرسىدىن ئەركىنلىك، دەخلىسىزلىك ئىزدىگۈسى كەپقالىدىغان بىر قىسىم تەنتەكلەر بۆشۈككە بۆلەنگىنىنى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەكسىز، قورقۇنچاقلىقىغا ئارتىپ، ئاتا – بوۋىسىنى تىللاپ چىققانمۇ بولۇشتى. بۆشۈك يېڭى تۇغۇلغان، يېتىلىۋاتقان بوۋاقنىڭ تەن – ئەزايىنى رۇسلايدۇ، بوۋاق پوق – سۈيدۈكنىڭ ئارىسىدا قالمايدۇ، پاكىز يوغىنايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بوۋاقلارغا چەك – چېگرىسى يوق ئەركىنلىكنىڭ ئەسلا مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. بىز بالىلارنى ھەدېسە ھەممىلا نەرسىگە چېقىلىپ، بۇزۇشقا رىغبەتلەندۈرمەي، ئۇلارغا ھاياتلىقتا چېقىش – چېقىلىشقا قەتئىي بولمايدىغان مۇتلەق تۈزۈم – نىزاملارنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بولمىسا، بالىلار ھېچقانداق نەرسىدىن تەپتارتمايدىغان بەڭۋاش زوراۋانلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

مەن سېنىڭ مۇئەييەن تۇساق ئىچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلىدىغان، دادىل ئىزدىنىدىغان ئادەم بولۇشىڭنى تىلەيمەن، قىزىم. چېكى يوق ئاسمان بولمايدۇ. دېڭىزنىڭمۇ تەكتى بار، ئالەمنىڭمۇ ئېگىسى. بۆشۈكتىكى باغلاق سەندە ھالقىپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان مەلۇم چەكلىمىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرالىسا، بۇ بىزنىڭ غەلىبىمىز. بەلكىم سەن يىغلارسەن، سىقىلىش ھېس قىلىپ قۇتۇلۇشنى ئىزدەرسەن، ئاناڭنىڭ ئىچى ئاغرىپمۇ قالار. ئەمما سەن، مەن جەزمەن تەن ئېلىشىمىز كېرەك بولغان رېئاللىق ئەنە شۇ. سەن بەزى نەرسىلەرگە رىئايە قىلىشنى باغلاق، كىشەن ئەمەس، سەممىي ئىتائەت دەپ بىلگىنىڭدە، ئۇنىڭ نەقەدەر راھەتبەخش ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ھېس قىلىپ يايراپ كېتىسەن. شۇ چاغدىلا سەن ئىسمى – جىسمىغا لايىق «ئەقىدە»گە ئوخشايسەن. چەكلىمىسىز، تۇساقسىز ئەقىدىنى كىم كۆرۈپتىكەن؟!

7

سەن چوڭ بولۇۋاتىسەن. تېخىمۇ چوڭ بولۇسەن. تۇغۇلۇپ ئۈچ ھەپتە بولار – بولمايلا سەن ماڭا، ئاناڭغا ئالەمچە سىرۇ – ھېكمەتنى ھېس قىلدۇردۇڭ. بىز ئادەم بولۇش يولىغا قەدەم ئالدۇق. تېخى بايىلا ئاناڭ يېڭى بىر ئىشتىن ھەيران قاپتۇ: بالىنىڭ قورسىقى ئاچسا ئانىنىڭ كۆكسى چىڭقىلىدىكەن، بالا يىغلىسا ئانىنىڭ كۆكسى زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتىدىكەن. ھەتتا ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، ئەجەب ئىش، – دېدى ئاناڭ مۆجىزە – ھېكمەتكە چىن دىلىدىن قايىل بولغان ھالدا. مەن ياۋاشلاپ قالدىم. ئىنسانلار بىر – بىرىدىن چەت – يىراق بولسىمۇ، قېرىنداشلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى رىشتىنىڭ بىر، ئۈزۈلمەس ئىكەنلىكىنى ئاناڭ بايقاپ يەتكەندى.

بىز ياشايمىز، ئۆلۈمىز، ئەۋلادلار ياشايدۇ...بۇ ئالەمدىكى ھاياتلىق ئۈزۈلمەيدۇ، مۆجىزە تۈگىمەيدۇ، تەبىئەتنىڭ ئىلاھىي قانۇنىيىتى ئاخىرلاشمايدۇ. تەبىئەتتىكى ھەربىر مۆجىزە، قانۇنىيەت، ھەتتا دەققىلىق تەۋرىنىشمۇ تەپەككۇرى ئويغاقلارنى ھىدايەتكە باشلاپ تۇرىدۇ.

قىزىم ئەقىدە، مەن سېنى ئاشۇ ھىدايەت نۇرى ياغقان مەنزىللەردە ساقلايمەن.

2005 – يىل 5 – ماي، قاراقاش – ياۋا

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# زۇنۇن قادىرى كىم؟

—زۇنۇن قادىرى ۋاپاتىنىڭ 15 يىللىقىغا بېغىشلانغان مۇھاكىمە ۋە ئەسلىمىلەر

ئابلەت ئابدۇللا

## 1. ئارخىپ

## زۇنۇن قادىرى، م . گوركىي ۋە بىز

چۈشىدە كۆردى ئۇ بىر توپ خورمىنى،
بەك يىراق شەرقتە ـ بىر مەملىكەتتە.
ئوت يانغان قىياتاش باغرىدا يالغۇز،
خورمىمۇ تۇراتتى قايغۇ ـ ھەسرەتتە..

ـ ھېنرىخ ھېينې

قاچاندۇر بىر چاغلاردا ـ كىرسىن لامپىسىنىڭ يۇمشاق يورۇقىدا ئوقۇغان گېرمانىيىنىڭ مۇتەپەككۇر، لىرىك شائىرى ھېنرىخ ھېينىنىڭ «تۇرىدۇ شىمالدا بىر تۇپ قارىغاي» دېگەن شېئىرىدىكى بۇ ئاخىرقى مىسرالار يادىمغا كەلسە، بۇندىن 15 يىل ئىلگىرى چەت ئەلدە مۇڭ-

### چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە

لۇق، يالغۇز ـ غېرىب قەبرىسى قالغان «ئەزىز ۋە تەۋەررۇك» بىر كىشى ـ مەرھۇم زۇنۇن قادىرى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

زۇنۇن قادىرى كىم؟

شۈبھىسىزكى، بۇ سوئال كۆپلىگەن ئوقۇرمەنگە قىزىق ۋە كۈل-كىلىك ـ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. ئۇلار: «شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟» دېگەندەك مىيقىدا كۈلۈپ: «ئۇنى كىم بىلمەيدۇ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى، دراماتورگىغۇ!» دېسە، بەزىلەر: «ئادەمنى تولا ئوينات-ماڭ، ئاغىنە، داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچىمىز مۇھەممەت پولات ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا ئەڭ توغرا جاۋاب بەردىغۇ!...» دېيىشىپ، بىر ـ بىرىگە بېقىشىدۇ. مانا بۇ ھازىرقى ياشلار ۋە ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ گېپى. بۇ ئۇلارنىڭ «يېرىم» زۇنۇن قادىرىنى بىلگىنى، ئەمما «پۈتۈن» زۇنۇن قادىرىنى خەلق ـ يازغۇچى بىر ئۆمۈر ئەقىدە باغلىغان، قېنى بىلەن، جېنى بىلەن ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان جاپاكەش، سەنئەتخۇمار، سىرداش خەلقى ئوبدان بىلىدۇ. خەلق بىل-گەن زۇنۇن قادىرى ھەقىقىي، مۇكەممەل ۋە «پۈتۈن» زۇنۇن قا-دىرىدۇر!...

زۇنۇن قادىرىنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كەم

ئۇچرايدىغان خىزىر سۈپەتلىك كامالى ئىنسانىي خىسلەتلىرى، پەۋقۇلئاددە تالانتلىق قەلىمى ۋە تارىخىمىزدا ھەرقانداق قەھرىماندىن قېلىشمايدىغان ئۇزۇل ـ كېسىل، ئوتتەك قىزغىن خەلقپەرۋەرلىكى، «ھەرقانداق جىسمانىي ۋە روھىي بېسىملار ئالدىدا ھەقىقەتتىن ۋاز كەچمەيدىغان...» (1) ئالىيجاناب روھى، نۇرغۇن تارىخىي شەخسنىمۇ كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ يۈكسەك مەردانە غۇرۇرى... مېنى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئويلاندۇرۇپ يۈردى. مەن ئۆزۈم كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغان ئۇ ھەققىدىكى ئاچچىق ھەم مۇھەببەتلىك خاتىرىلەرنى كىشىلەرنىڭ قەلب سارايلىرىغا ئۆچمەس نەقىش قىلىپ تىزىپ چىقىشقا قەلىمىمنىڭ قۇربى يېتەرمۇ، دەپ ئويلاندىم. ئۇنى بىلگەن ـ چۈشەنگەنسېرى ئىچ ـ ئىچىمدىن پىغان كۆرلەپ، ئاشۇنداق ئاجايىپ بىر دانىشمەن، خاسىيەتلىك يازغۇچىنىڭ ئارىمىزدىن ئەلەم بىلەن كېتىپ قالغانلىقىغا تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن مەشھۇر زاتلىرىمىز: ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيېف ۋە زوردۇن سابىرلارنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى زور يوقىتىش ـ پاجىئە بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسىنىڭ پاجىئەسى زۇنۇن قادىرىنىڭ كۆلپەتلىك قىسمىتى ۋە ئۆلۈمىدەك زور تەسىر كۆرسەتكەن ئەمەس!...

بۇ يىل (2004 ـ يىل) 24 ـ سېنتەبىر خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان، ئارزۇلايدىغان مەشھۇر يازغۇچىسى، دراماتورگى ۋە ئاتاقلىق مەدەنىيەت ئەربابى زۇنۇن قادىرىي ۋاپاتىغا 15 يىل بولدى. ئۇنى ئويلىغىنىمدا، قەدىردان يازغۇچىمىز مەرھۇم زوردۇن سابىرنىڭ: «ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى سېنى شادلاندۇرسا سەن بەختلىك، ئەكسىچە، ئۇ خاتىرىلەر سېنى خاپا قىلسىچۇ، ئۇ چاغدا سەن مەڭگۈ ئۆكۈنگۈچى، پۇشايمان قىلغۇچى ئادەم بوپقالىسەن ـ دە، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ كۆڭۈلدە قالدۇرغان داغلىرىنى كەلگۈسىنىڭ ھېچقانداق خۇشاللىقى ۋە تۆھپىسى بىلەن يۇيۇۋېتەلمەيسەن» (2) دېگەن سۆزلىرى يادىمغا كېلىدۇ.

دەرھەقىقەت، مانا ھازىر زۇنۇن قادىرىي ياشىغان دەۋرنىڭ كۆڭۈلدە قالدۇرغان داغ ـ كۆلەڭگىلىرىنى لازېر نۇرى بىلەنمۇ يۇيۇۋەتكىلى بولمايۋاتىدۇ. كۆڭۈلدە ئېغىر ھەسرەت ئىزنالىرىنى قالدۇرغان بۇ جۇدالىق يېشى يۈرەكلەردە زەرداپقا ئايلىنىپ، بىز ۋە كېيىنكىلەرنىڭ قان ـ تومۇرلىرىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئەمدى بىزنىڭ پەقەت چوڭقۇر ئەپسۇسلۇق ۋە ئارمان گىرەلىشىپ كەتكەن قاراڭغۇ ئازاب ھاڭلىرىدا ئۇنىڭ ئەكس ساداسىنى تىڭشاپ، غەم شارابىنى ئىچمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق!...

شۇنداق، ئۇ كەتتى... پىتنە ـ پاسات، ھەسەت ـ خۇسۇمەت ۋە ئىككىيۈزلىمىلىك ـ رىياكارلىققا تولغان كىشىلىك دۇنياسىنى تاشلاپ ئارام ئالدى. ئەگەرى ئۇنىڭ پاك روھى ۋە پاك تېنى ـ پاك ھاياتىغا مۇناسىپ ئارامبەخش ماكان بەخش ئەتكەندۇر بەلكى. ئەمما ئۇنىڭ جىسمانىيىتى ئارىمىزدىن كەتكىنى بىلەن، ئۇلۇغۋار پاك روھى ھەر دەۋر بۇرجلىرىدا ـ ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ ئەڭ پاك، ئەڭ ساغلام قاتلاملىرىدا «تىرىلىپ» مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. «بۇ بايراق مەڭگۈ يىقىلمايدۇ، بەلكى بارغانسېرى ئېگىز لەپىلدەيدۇ» (3) . چۈنكى ئۇ ئۆز مىللىتىگە ئۆز: «شەخسىي قىسمىتىدىن ھالقىغان تارىخىي قىممەت ۋە ئومۇمىي كىشىلىك تۆھپىكارلىقى قىممىتى» (4) ياراتقان ئۇلۇغ زاتتۇر.

زۇنۇن قادىرىي ھەقىقەتەن پاك ـ چىن ئىنسان ئىدى. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆزىنىڭ شۇ ئۇلۇغ، ھەقىقىي يازغۇچىلىق قىممىتى بىلەن ياشاپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك، كىشىلەردە كەم ئۇچرايدىغان كامالى ئىنسانىي پەزىلىتى خەلق قەلبىدە خانتەڭرىدەك بۈيۈك ئابىدە تىكلەپ، قەلىمىدىن ھالقىپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي سۆيۈملۈك، پەخىرلىنەرلىك قەھرىمان ئوغلانىغا ئايلاندۇردى. ئۆزبېكىستان يازغۇچىسى ئۆتكۈر ھاشىموف: «يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن قابىلىيەت بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، قەلبى قەغەزدەك ئاق، قەغەزدەك يانىدىغان ئادەمدىنلا ھەقىقىي يازغۇچى چىقىدۇ» (5) دېگەنىدى.

رەزىللىك، قەبىھلىك، ئالدامچىلىق، ھىيلە ـ مىكىر، زورلۇق ـ زومبۇلۇق ۋە ئاچكۆزلۈك ـ نەپسانىيەتچىلىك بىلەن تولغان كىشىلىك دۇنياسىغا تۆرەلگەن ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئاشۇنداق ئېسىل پەزىلەت بىلەن بۇ دۇنيادىن ياشاپ ئۆتمىكى بەسى مۇشكۇل. چۈنكى بىز: «ھەممىمىز ساختا پۇل ياسىغۇچىلارمىز! كۈمۈشتەك سۆزگە ياسىما ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، شۇنىمۇ ساختىلاشتۇرۇۋاتقىنىمىز يوقمۇ؟» (6)

زۇنۇن قادىرىي مۇنداق ساختىلىق ـ رەزىللىكلەردىن مۇستەسنا ئىنسان ئىدى!..شۇڭا يېتۈك مۇتەپەككۇر ۋە شائىرىمىز مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1968 ـ يىلى تۇغقىنى مۇھەممەت ئابدۇللا (مۇھەممەت ئابدۇللا ئۇ چاغلاردا زۇنۇن قادىرىي پالىنىپ ياشاۋاتقان ئاقسۇدىكى «ياشلار» دېھقانچىلىق مەيدانىغا يېقىن بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى) ئۆيىگە يوقلاپ كەلگەندە: «زۇنۇن قادىرىنى ئاسراڭلار، ياردەم قىلىڭلار، خەلقىمىز ئۇنداق ئادەمنى قايتا تاپالمىقى تەس...» دېگەنىدى. ئېھتىمال مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئادەمنىڭ ئادەمى» دېگەن شېئىرى شۇ چاغدا زۇنۇن قادىرىغا ئاتاپ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ شېئىر زۇنۇن قادىرىنىڭ پەزىلىتىگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى:

ئادەمنىڭ ئادەمى نومۇستىن كۆپ كەم،
سىناقلار ئوتىدىن چىقار چىن ئىنسان.
بەزىلەر ھالاۋەت ئۈچۈن يەيدۇ غەم،
ئۇلارنى خەشەك دەپ يەكۈنلەر زامان (7) .

ھاياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى مۇتەپەككۇر ئالدىن ئېيتقاندەك بولدى. مانا ھازىر بۇ رەھىمسىز تارىخ «ھالاۋەت ئۈچۈن غەم يېگەن»لەرنى «خەشەك» قىلىپ، زامان، ھەقىقەت ئوچىقىدا كۆيدۈرۈپ، مەسخىرىلىك ھالدا توپىسىنى تۇرپانغا ئۇچۇرۇۋەتتى. ئەمما «ئادەمنىڭ ئادەمى» بولسا تا ھازىرغىچە ئەل قەلبىنىڭ بوستانلىرىدا خۇش پۇراق چېچىپ، ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن ياشىماقتا. ئۇنداقتا، بۇ ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ئىگىسى بولغان زۇنۇن قادىرىي قانداق ئادەم ئىدى؟ ئۇ قانداق يازغۇچى ئىدى؟ ئۇ قانداق ياشىغان ئىدى؟!...

مانا بۇ سوئاللارنىڭ توغرا يېشىمى ئۇنى كۆرمىگەن، بىلمىگەنلەرگە نىسبەتەن ئۇلار قەلبىدە زۇنۇن قادىرىنىڭ ئۇلۇغ، يارقىن ۋە ئالىيجاناب ئوبرازىنى تىكلەپ، ئۇلارنى تەربىيىلەش جەھەتتە يېڭى، كۈچلۈك روھ بەخش ئېتىپ ئىلھاملاندۇرىدۇ، قوزغايدۇ. «ئۇ،

كىشىلەرگە ئالىيجاناب تۇرمۇشنى، بىباھا ئىدىيىلەرنى ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ياشاش شەكلىنى بەخش ئېتىدۇ» ⑧ .

ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئالدىمىزدىكى پارلاق كەلگۈسىدە ئېھتىمال، زۇنۇن قادىرىيدىنمۇ تالانتلىقراق، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە قابىل ـ ئۆتكۈر ساھىبى قەلەم يارىتىشى مۇمكىن. لېكىن كۆڭلۈم شۇنىڭغا ئەمىنكى، ئۇنىڭدەك پاك، ھەقىقىي خەلقپەرۋەر، «مەنىۋى دۇنياسىدا قەلەم بىلەن سۈرىتىنى سىزىپ، تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغان» ⑨ ئەۋلىيا سۈپەت يازغۇچىنى كۆرەلىشى قىيىن!

ئېھتىمال، ئۇنى كۆرمىگەنلەر، بىلمىگەنلەر، چۈشەنمىگەنلەر بۇ مۇھەببەتلىك سەتىرلىرىمنى «ئاشۇرۇۋەتتىلىك!...» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر دەۋردە، بىر زامان ـ بىر سورۇندا بىللە بولغان زامانداشلىرى ئەلۋەتتە بۇ باھانى ئارتۇقچە دەپ بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ «ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىمۇ خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرالىغان، باشقىلارنىڭ ئامەتسىزلىكىدىن ئامەت، ئۆزگىلەرنىڭ كۆز يېشىدىن بەخت ئىزدىمەيدىغان، ھاياتىنىمۇ، تەقدىرىنىمۇ خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان، ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن يازغۇچى دېگەن ئۇلۇغ نامغا مۇناسىپ ئىش قىلغان» ⑩ يازغۇچى ئىدى.

ئەي، كەلگۈسىنىڭ ئەدەبىيات تارىخچىسى، ھەزرىتى نەۋائىي «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت قىلغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك شائىرى ئەبەيدۇللا لۇتفىي ھەققىدە ئۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ پەسخ ۋە بەلخ (ئۆتكۈر ۋە گۈزەل) ئەدىبى» دېگەنىدى. ئۇ يەنە لۇتفىينىڭ ئادىمىي پەزىلەتلىرىگە قاراپ: «ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشى» ⑪ دەپ ماختىغانىدى.

لۇتفىيدىن بەش ـ ئالتە ئەسىر كېيىنكى 20 ـ ئەسىردە ياشىغان، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە تۇغۇلۇپ قالغان بۇ سەبىي بالىدەك پاك بوۋاينى سەنمۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ پەسخ ۋە بەلخ ئەدىبى»، «ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشىسى» دەپ يېزىشقا مەجبۇر بولىسەن!...

بىز ئەنە شۇنداق «ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشى» نى ساقلاپ قالالمىدۇق، بەلكى خارلىدۇق. سەن بىزنى قانچە تىللىساڭ، ھاقارەتلىسەڭ، غەزەپلەنسەڭ ئەرزىيدۇ. چۈنكى بىزمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ «خام كاللا»لىقىغا نەپرەتلىنىمىز ئەمەسمۇ!...

ئەگەر ئۇيغۇر يازغۇچى ـ شائىرلىرىدىن كىمەرسىگە زۇنۇن قادىرىينىڭ بېشىغا قونغان شان ـ شۆھرەت، ئابرۇي، نوپۇز ـ ئىمتىياز، شۇنداقلا پەۋقۇلئاددە تالانتنىڭ ھومايۇن قۇشى قونغان بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە باشقىچە ياشىغان ۋە ئالاھىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتى. لېكىن مۇلايىم، توغرا كەتكەن، ئىنسانىي تەبىئەتلىك زۇنۇن قادىرىي مۇنداق تۇرمۇشنى تەرك ئېتىپ، ئۆز خەلقى بىلەن ئېغىرلىقنى تەڭ تارتىپ، بەلكى خارلىنىپ، ئەل قاتارى ـ ئاددىي ـ ساددا، ئادىمىيچە ياشاپ ئۆتتى...

ژۇرنالىست، يازغۇچى تۇرسۇن قاھارىي ئېيتقاندەك: زۇنۇن قادىرىي ھەققىدە يېزىشنىڭ مۇشكۇللۇكى ۋە شەرەپلىكلىكى مانا مۇشۇ يەردە. ئۇنى يېزىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىش ـ چۈشىنىش، ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش ـ تەتقىق قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە نۇرلۇق قەلىمى بىلەن بىرلىكتە مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئادىمىيلىك ئېسىل پەزىلەت جاۋاھىراتلىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ، ھازىرقى دەۋردىكى قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ روھىنى كۈنسايىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان ئۇلۇغ ئادىمىي روھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش كېرەك. چۈنكى: «تارىخ چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر روھتۇركى، ئۇنىڭمۇ تىرىكلەرنى جازالاش ياكى مۇكاپاتلاش قۇدرىتى بولىدۇ. ئۆتمۈش شاھىدلىرى ھامان ئۆزىنىڭ قابىل ھەم قۇدرەتلىك ئەۋلادلىرىنىڭ قەدىمىگە مەدەتكار بولىدۇ» ⑫ .

بىزنىڭ زۇنۇن قادىرىي ھەققىدە مۇنداق ئىنچىكە زىغىرلاپ، ئەسلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ، كۆڭۈل مارجانلىرىنى قۇرمۇقۇرلارغا تىزىشىمىز، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئەۋلاد ئالدىدا تارىخىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە، بىر زامان، بىر ماكاندا ئوخشاش مۇھىتتا ياشىغانلىقىمىز، شۇنداقلا ئۇنى ئوبدان بىلىش ۋە چۈشىنىشىمىز بىزنى بۇ قۇتلۇق ئىشقا ئۈندەيدۇ!... ئەپسۇسكى، تاھازىرغىچە ئۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك، ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئەسەر يېزىلمىدى. بۇ، ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ياسىن خۇدابەردى، ئابدۇرەھمان قاھار، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەتجان راشىدىن، ئەختەم ئۆمەر، ئالىمجان ئېبلخان، تۇرسۇن قاھارىي، مۇھەممەت ئابدۇللا، ئابدۇكېرىم ھاشىم، تۇردى ھاشىم، تۇردى داۋۇت، ئەھمەد ۋاھىدىي (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)... قاتارلىقلارغا رەھمەت! ئۇلار ئاز بولسىمۇ، ئۆز بوياقلىرى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئوبرازىنى گۈزەللەشتۈردى.

مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەن ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى م.گوركىيغا ئىچ ـ ئىچىمدىن ئاپىرىن ئوقۇيمەن! قارالىڭ، ئۇ ئۆز زامانداش ئەدىبلىرى ھەققىدە قانداق ياخشى خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. ئۇ نېمىدېگەن كەڭ قورساق، يىراقنى كۆرەر، مىللەتپەرۋەر ۋە قەلەم ساھىبلىرىغا مېھىر ـ شەپقەتلىك!... بىز نۇرغۇن رۇس يازغۇچىسىنىڭ خاراكتېرى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، شەخسىي ھاياتى ۋە ئەدەبىياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە پەقەت گوركىينىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ گۈزەل ئەسلىمىلىرىدىن بىلدۇق.

ئۇ، لېۋ تولستوي، چېخوف، كورولېنكو، بودياچېف، پىرشوېن، سېرگېي يېسىنىن، گارىن مېخايلوۋسكىي، مىخائىل ئېساكوۋسكىي... ۋە باشقىلار ھەققىدە تولۇپ تاشقان سۆيۈنچ، ھەيران بولغان ۋە تەئەججۈپلەنگەن ھالەتتە ئۇلارنى ئىنسانلىقتىن ھالقىتىپ، تارىخ تاسادىپىي ئاتا قىلغان مۆجىزىلىك ئۇلۇغ زات قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ھال بولۇپمۇ تولستوي، چېخوف ۋە يېسىنىنلاردا ئالاھىدە قىنىق رەڭدە كۆرۈنىدۇ:

«ئۇ، خۇداغا ئوخشايدۇ، ـ دەيدۇ گوركىي تولستوي توغرىسىدا زوقلىنىپ، ـ لېكىن ساۋائوفقا ياكى ئولىمپچىكە ئەمەس، بەلكى لىپا دەرىخى ئاستىدىكى ئىرەن ياغىچىدىن ئىشلەنگەن تەختتە ئولتۇرغان، گەرچە ئۇنچە سۇمباتلىق بولمىسىمۇ، بىراق، ئېھتىمال باشقا خۇدالارغا قارىغاندا ھىيلىگەررەك بولغان رۇس خۇداسىغا ئوخشايدۇ» ⑬ . ئۇ يەنە: «ئۇنىڭغا، يەنى تولستويغا ئۆلۈش مۇمكىنمۇ؟ پۈتكۈل ئالەم، پۈتكۈل يەر يۈزى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدۇ» ⑭ دەيدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ

قوللىرىنى تەسۋىرلەپ: «ئۇنىڭ قوللىرى ئاجايىپ ئىدى، قان تومۇرلىرىنىڭ بۆرتۈشىدىن ئۇنىڭ مۇشەكلىرى چىقىپ تۇراتتى ۋە شۇنداق بولىسمۇ ئالاھىدە جانلىق قىلىپ يارىتىلغانىدى. ئېھتىمال، لىئوناردو-داۋىنچىنىڭ قوللىرى شۇنداق بولغاندۇ» [15] . كۆزلىرىنىچۇ، قاراڭ، ئۇ:«بۇنداق ناھايىتى تەسىرلىك كۆزلەرنى مەن ھېچقاچان كۆرمىگەندىمەن. ل.ن. نىڭ بىر جۈپ كۆزىدە مىڭلىغان كۆز بار ئىدى»[16] دەيدۇ. كۆردىڭىزمۇ، بۇ ئۇلۇغلاشلارنى!...

لېۋ تولستوي بولسا چېخوف توغرىسىدا: «فرانسۇزلاردا ئۈچ يازغۇچى: ستېندال، بالزاك ۋە فلوبېر، بۇنىڭدىن تاشقىرى موپاسسان بار،لېكىن چېخوف ئۇنىڭدىن ياخشىراق» [17] دەيدۇ. قاراڭ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببەت ـ ھۆرمىتىنى...

گوركىي شائىر يېسىنىن توغرىسىدا بولسا: «سېرگىي يېسىنىن پەقەت ئادەم بولۇپلا قالماي، بەلكى تەبىئەت تەرىپىدىن پەقەت شېئىرىيەت ئۈچۈن، پۈتمەس ـ تۈگىمەس ‹ئېتىزلار قايغۇسى›نى باشقا جانلىقلاردىن كۆرە پەقەت ئادەملەرگە خاس بولغان مېھىر ـ شەپقەت ۋە دۇنيادىكى ھەممە جانىۋارغا بولغان مۇھەببەتنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان شائىر...»[18] دەپ تەرىپلەيدۇ.

گوركىينىڭ تولستوي توغرىسىدىكى ئەسلىمىسىنىڭ ھەر بىر قۇرىدا ئالتۇن يىپتەك سوزۇلۇپ تۇرغان بىر قىممەتلىك روھ ئادەمنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ. شۇ نەرسە قىزىقكى، تولستوي گوركىينى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇچراشقانلا يەردە ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىدۇ. ھەتتا ئۇ چېخوفقا: «گوركىي زەھەر ئادەم، ئۇنىڭ كۆڭلى چېقىمچىلىققا مايىل...» دەپ چاقىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق گوركىي ئۇنى ‹كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى› جان ـ جېنىدىن ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى: «پۇشكىن، تولستوي ـ بىزلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۇلۇغراق ۋە قەدىرلىكرەك ھېچ نەرسە يوق...»[19] دەپ ماختايدۇ. ھەتتا 1919 ـ يىلى «لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي توغرىسىدا خاتىرىلەر» دېگەن مەخسۇس كىتاب ئىشلەپ نەشر قىلدۇرىدۇ. قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ روھ. باشقىلار توغرىسىدا مۇنداق سەمىمىيەتلىك بىلەن ياخشى گەپ قىلىش ئۈچۈن ئىنساندا ھەقىقەتەن ياخشى تەبىئەت، كەڭ قورساقلىق، كۈچلۈك ئەقىدە ـ ئېتىقاد ۋە جۈرئەت بولۇشى كېرەك.

بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات سەركەردىلىرىنىڭ ئۆتكەنكى ۋە ھازىرقى بەزى ئىشلىرىنى ئويلاپ، ئىچىم كۆيۈپ ھەم نەپرەتلىنىپ، ھەم ئېچىنىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتىم.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز تەسەۋۋۇر قىلىڭكى، مۇبادا گوركىينىڭ ئورنىدا بىزنىڭ ھازىرقى «تاۋى نازۇك» داڭلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرەرسى ئۆزى ئۈستىدە بىرەر «ئاقساقال» يازغۇچىدىن شۇنداق بىمەنە سۆزلەرنى ـ ئەختەم ئۆمەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئاپشاركا ـ چېقىمچى!...» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالسا قانداق قىلغان بولاتتى؟!... بىزنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن خاراكتېرىمىز بويىچە، بىتەھقىقكى ئۇ «ئاقساقال» يازغۇچىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، ساقىلىنى يۇلۇۋەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ تېخى يېقىنقى يىللاردىلا بىر تۈركۈملەر چىقىپ، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز

خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن ھېسابلاشماستىن، «بىز چۈشتىن تۇغۇلغانلار، ياۋروپا ـ ئامېرىكىدىن ئوغۇزلانغان...» دەپ مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، جاپپار ئەھمەت، تۇردى سامساق... قاتارلىق ئاقساقاللارنىڭ ئالدىدا:«سىلەر بولدۇرۇپ، زاماندىن قالغان ساماۋى پۇچەك قەلىمىڭلارنى تاشلاڭلار ئەمدى. نەۋائىيدىن بۇيان شائىر تۇغۇلمىدى، مانا ئەمدى بىز قەلەمدىن چاقماق، قەدىمدىن گۈلدۈرماما چىقىدىغان يېڭى شائىر بولۇپ تۇغۇلدۇق. شېئىرنى قانچە چۈشەنمىسە بىزگە شۇنچە ياخشى. تېخى بىز ئەمدى چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىتىپ، شېئىرنى خالتا كوچىغا ئەكىرىپ نومۇسقا تېگىمىز!...» دېيىشىپ كۆرەڭلەپ، شاردەك ئۇچۇپ، رەھمەتلىكلەرنى تۇلۇقتىن چىققان ئاتتەك قارا تەرگە چۈشۈرۈۋەتمىگەنمىدى!...

تېخى يېقىندىلا ئىلىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان بىر يازغۇچى ئەدىبلەر يىغىلغان كاتتا سورۇندا مېھمانلارنىڭ كەيپىياتىنى ئۇچۇرۇپ، قورساق سوقۇشى قىلغانلىقى ۋە يەنە ئېيتىشقا تىل بارمايدىغان بەزى ئىشلارنىڭ... ئەلنىڭ روھىغىلا ئەمەس، قەلەمكەشلىرىنىڭمۇ روھىي دۇنياسىغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلەم ئەھلىگە نىسبەتەن مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ تۈۋىگە سۇ كىرگۈزۈۋاتقانلىقى كىشىنى ئويلاندۇرمامدۇ؟!

مانا، بىزنىڭ بەزى چوڭ زىيالىي ـ قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى....

بۇرادەر! ئىش ئۇنداق ئەمەس، ئادىمىي پەزىلەت ئۇنداق ئەمەس. «ۋىجدان»، «ئادىمىگەرچىلىك»، «ئىناقلىق!» ئەجەب يازىسىز ـ ھە! بېشىڭىزغا كەلگەندە «چاۋىڭىزنى چىتقا يايسىز». سىزنى قانداقمۇ خەلقىنىڭ يازغۇچىسى دېگىلى بولسۇن! شۇنى ئەستىن چىقارماڭكى ھەم قايىل بولۇڭكى، لېۋ تولستويدەك، چېخوفتەك، يېسىنىندەك، بىزگە نىسبەتەن زۇنۇن قادىرىيدەك، ئەھمەد زىيائىيدەك، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردەك، تېيىپجان ئېلىيېفتەك، زوردۇن سابىردەك... قەلەم ساھىبلىرى مىللەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكلىرى، تەڭرى ئۇلارنى ئالاھىدە روھتا ياراتقان شەخسلەر. ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغىنىدەك، ئىنسانغا تەقسىم قىلىنغان روھمۇ ئوخشىمايدۇ. مەيلى سەن ئۇنداق ئۇلۇغ زاتلارغا قارشى پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقلىرىنى تېرى، مەيلى ئۇلارغا قەست قىلىپ تىغ بىلەن ئۆلتۈر، مەيلى ستابلىرىنى كۆيدۈر، مەيلى خۇشامەت قىل... بەربىر، ئۇلار تەڭرى ئاتا قىلغان ئاشۇ ئالاھىدە روھىي قۇدرىتى بىلەن ئۇزاق ياشىسۇن، قىسقا ياشىسۇن، ئوخشاشلا يۇلتۇزدەك چاقناپ، ئىنسانىيەت ئاسمىنىنى يورۇتىدۇ. سېنىڭ دۈشمەنلىكىڭ، تىل ـ ھاقارەت، سۇخەنچىلىكىڭ، ھەتتا خۇشامەت ـ پورداقچىلىقىڭ ئۇلارنىڭ نۇر مەنبەسىنى كۈچلەندۈرىدۇكى، ھەرگىز ئاجىزلاشتۇرمايدۇ. چۈنكى ياراتقۇچى: «ھەر بىر ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ»[20] .

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ قىستۇرمىنى سۆرەپ كېلىۋاتىمەن. ئەقىللىق ئوقۇرمەن بۇنى ھېس قىلالايدۇ. بىزدە گوركىيدەك ئالىيجاناب روھ بولۇشى، ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلەيدىغان ئىش قىلىشىمىز كېرەك. «تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، ـ دەيدۇ سۇخوملىنسكىي، ـ

ئادەمنى قەدىرلەش، ھۆرمەت قىلىش، ئاسراش»[21] . بۈيۈك تاجىك مۇتەپەككۇر شائىرى جالالىددىن رۇمىمۇ: «ئىنساننى سۆيمەك ـ ئاللانى سۆيمەكتۇر»[22] دېگەنىدى.

بۇ جەھەتتە يازغۇچىلىرىمىز مەھمۇت مۇھەممەت ۋە نۇرمۇھەممەت توختىلارغا رەھمەت! ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن تېيىپجان ئېلىيېف، زوردۇن سابىر ۋە روزى سايىتلار ھەققىدە كىتاب ـ خاتىرىلەرنى يېزىپ ئەقىدىلىك، ھۆرمەتلىك ئىش قىلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات قوشۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى ئىجادىيەت مۇساپىسىدە تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان دەرىجىدە مول ئىجادىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقىمىزگە زور مەنىۋى بايلىق بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ئۆزىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، تەبىئىتىدە ئۆز بەدىئىي ئەسەرلىرىدەك ئىجابىي بۆسۈش ھاسىل قىلالمىدى.

بىزدە ھازىر روھىي ئىجىسلىق كۈچلىنىپ، ئادىمىي پەزىلەتنى بوغۇۋالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ روھىي ئىجىسلىق ۋە ئۇ كەلتۈرۈۋاتقان ئادىمىيلىككە يات ئىشلار تەبىئىي بولۇپ شەكىللەنمەكتە. مانا شۇنداق بولغاچقا بىزدە كەڭ قورساق، سەمىمىي نىيەتلىك، خەلققە ۋە ئەۋلادلىرىمىزغا كۆيۈمچان، مەسئۇلىيەتچان ئادەملىرىمىز ئاز بولدى. زۇنۇن قادىرىيدەك شۇ ئاز ئادەملىرىمىزنىمۇ قەدىرلىيەلمىدۇق. ئەسلىدە بىزدە ئۇلارنى تىرىكلىكىدە بولسۇن ياكى ئۇ ئالەمگە كەتكەندە بولسۇن، ماكسىم گوركىيدەك قەدىرلەش ئېڭى، ئادىمىي مۇھەببەت بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداقلا ھەر بىر داڭدار سەنئەتكارنىڭ تەتقىقاتچىسى، تەتقىقات ئورۇنلىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇلار يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى ئىدى. بۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئېنېرگىيە ئىدى. ئەپسۇسكى، بىز ھازىرغا قەدەر «مەن»نىلا ئويلاپ، بۇ ھەقتە ئويلاشمىدۇق. بۇ جەھەتتە ئالاھىدە تەشەككۈر ئەلۋەتتە نوپۇزلۇق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتقا خاس! ئۇ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، مەرھۇم زۇنۇن قادىرىينىڭ بىر پۈتۈن ئەسەرلىرىنى «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى» نامىدا 1992 ـ يىلى نەشرگە تەييارلاپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يازغۇچىنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىدىن بەھرىلىنىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «زۇنۇن قادىرىي ئىجادىيىتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق تەتقىقات ماقالىسى يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ زۇنۇن قادىرىي ئىجادىيىتى بىلەن چوڭقۇرراق تونۇشۇش، ئۇنىڭ ئوبراز، خاراكتېر يارىتىش، كومپوزىتسىيە ۋە سيۇژېت قۇرۇلۇشىدىكى ماھىرلىقى، تەسۋىرىنىڭ چىن ۋە يارقىنلىقى، شۇنداقلا تەپسىلات ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلىك كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ زۇنۇن قادىرىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەيلى پروزا ۋە دراماتورگىيىدىكى بولسۇن ئۇستازلىق ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ، زۇنۇن قادىرىينىڭ ئەدەبىيات خۇمارلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ھۆرمىتى، مۇھەببىتى ۋە ئېتىقادىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئەل قەلبىدىكى يارقىن ئوبرازىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى. بىز بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەنمىز. لېكىن!... تىلىمىزدا مۇشۇ «لېكىن» دېگەن قارىمۇقارشى باغلىغۇچى نەدىن پەيدا بولىدىكىن، ئادەم بىر ئوبدان «كاككۇك بىلەن خوراز»دەك ماختاپ ـ ماختىنىپ: «ئوخشايدۇ!...» دەپ ھۇزۇرلىنىپ تاماق يەۋاتقاندا، ئاشۇ «لېكىن» دېگەن قۇرۇق ئۇستىخان گالغا تۇرۇۋالدۇ ـ دە، ھېق تۇتقۇزۇپ پەيزىنى قاچۇرىدۇ. ئامال يوق، پەيغەمبىرىمىز: «ئاچچىق بولغان تەقدىردىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلىگىن» [23] دېگەن. ئاجىز قەلەم ساھىبى مۇھەممەت پولاتتەك داڭلىق ئوبزورچىغا ۋە «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»گە تەھرىرلىك قىلغان مۇھەررىرلەرنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازى، پېشقەدەم مۇھەررىر، مۆھتەرەم ئابدۇروسۇل ئۆمەر ئەپەندىگە دوستانىلىق بىلەن روبىرو تۇرۇپ، كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىك رومكىسىنى ئالدىغا قويماي ئامالسىز!

**تەنەپپۇسلۇق غۇدۇر پاراڭ:** ئۇلار كەچۈرگەيكى، «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»دەك شۇنداق بىر كاتتا، مۇھىم كىتابنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەشتە كەتكۈزۈپ قويغان. زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاشتا قىلچە خاتالىققا يول قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇستازنىڭ كىتابى،ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىيات قوشۇنى، ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغۇچىلار، ئۆگەنگۈچىلەر شۇنداقلا تەتقىقات قىلغۇچىلار ئۈچۈن دەرسلىك ـ قوللانما. چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تارىخى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆگىنىش ـ تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى مۇھىم ماتېرىيال. ئۇنىڭدا ئازراق خاتالىق بولىدىكەن، ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گەۋدىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى داڭلىق ئەدىب «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»نى نەشر قىلىشتا، بىر قانچە چوڭ سەۋەنلىككە يول قويغان:

1. «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»نىڭ 237 ـ بېتىدىكى «بەختىخاننىڭ ھاياتى» دېگەن چوڭ ماۋزۇ ئاستىدىكى «قىسقا ھېكايە»دە (زۇنۇن قادىرىينىڭ سۆزى) بىرىنچى كىچىك ماۋزۇ «گۆگشى باللىرىنىڭ ناخشىلىرى» ئاستىدا ھېكايە بېرىلىپ، ئىككىنچى كىچىك ماۋزۇ «خاتىرجەم بولغان ئائىلە» 220 ـ بەتتە ئايرىم ھېكايە قىلىپ بېرىلگەن. نەتىجىدە بۇ ھېكايىلەر بىر ـ بىرىگە باغلانمىغاننىڭ ئۈستىگە، «بەختىخاننىڭ ھاياتى» دېگەن چوڭ ماۋزۇ ئېچىلماي، ئوقۇرمەننىڭ ئاسمىنىدا چۈشىنىكسىز بىر نېمە بولۇپ، پارچە بۇلۇتلاردەك لەيلەپ قالغان. «بەختىخاننىڭ ھاياتى»نى ئوقۇغان ئادەم ئۇنىڭدىن بەختىخان توغرىلىق بىرەر ئېغىزمۇ ھېكايە ئاڭلىماي، بەلكى بالىلارنىڭ گۆگشى قوينىدا پاراۋان، بەختلىك، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى؛ يازغۇچىنىڭ ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى بالىلارنىڭ ھاياتى بىلەن ھازىرقى دەۋردىكى بالىلارنىڭ ھاياتىنى سېلىشتۇرۇپ يازغان قىستۇرمىسىنىلا كۆرەلەيدۇ. ئەمما بەختىخان بولسا ھېچنەدە كۆرۈنمەيدۇ. بۇ قانداقمۇ ھېكايە بولسۇن؟!...

ئاپتور يەسلىدە ناخشىسىنى زوقلىنىپ ئاڭلىغان ئوماق قىز ـ تۇرسۇنئاينىڭ ئانىسى بەختىخاننى «خاتىرجەم بولغان ئائىلە»دە ھېكايە قىلىدۇ. ئۇ، بۇ ھېكايىنىڭ بېشىدىلا: «بالىلار باغچىسىدىكى كىچىككىنە پومبۇلاق ناخشىچى تۇرسۇنئايىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن

مۇشۇنداق ئۇماق، چېچەن قىز ئوغۇلغان ئائىلىنى كۆركۈم كېلىپ، تۇرسۇنئاينىڭ ئانىسى ئىشتىن قايتقان ۋاقتىنى تېپىپ ئۆيىگە باردىم، بەختىخان مېنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى» ㉔ دەيدۇ.

مەن بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىغان ۋە تەھرىرلىك قىلغان بۇ ئىككىيلەن بىلەن بەسلىشىمەنكى، «بەختىخاننىڭ ھاياتى» ۋە «خاتىرجەم بولغان ئائىلە» پەقەت بىرلا ھېكايە.

ئەدەبىي تەنقىدچى، تونۇلغان تەتقىقاتچى قاۋسىلقان`قامىجانىمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلماي، «خاتىرجەم بولغان ئائىلە»نى ئايرىم ھېكايە قىلىپ سۆزلەيدۇ. ئۇلار ئويلىمايدۇكى، بىر ھېكايىدە بىر چوڭ، بىر كىچىك ماۋزۇ بولۇشى مۇۋاپىقمۇ؟ ئادەتتە تېمانىڭ ماۋزۇ ئاستىدا ئىككىدىن كۆپ ماۋزۇ قويۇلغان بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھېكايىلەر ئوخشاش بىر يىلدا ـ 1960 ـ يىلى يېزىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن «يولۋاس تۇغىدىغان» بۇ يازغۇچى ھەرگىز بىر يىلدا ئىككى يولۋاس تۇغقان ئەمەس. بۇنىڭدىنمۇ، ئىككىسىنىڭ بىر ھېكايە ئىكەنلىكىنى پەملىۋالغىلى بولىدۇ.

2. تېخىمۇ قىزىقى ۋە ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بىرى داڭلىق ئوبزورچى، يەنە بىرى پېشقەدەم، داڭلىق مۇھەررىر تورۇقلۇق، زۇنۇن قادىرىينىڭ «روھىي ئوزۇق توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى (675 ـ بەت)دىكى مىسالغا ئالغان ساتىرىك شېئىرنى پۈتۈنلەي خاتا ئورۇنلاشتۇرغان:

قىزىلگۈل زوقىدا سازەندە بۇلبۇل
كېلىپ باغۇ ـ بوستانغا قونسا بولدى.
نېمە كارى يەرگە تۆكۈلسە خۇنىنىڭ،
ئۇ مەخلۇقنىڭ قورسىقى تويسا بولدى.

بۇ نېمە؟ بۇ قانداق شېئىر؟! بۇ شېئىردا نېمە مەنە بار؟ خۇن تۆكۈۋاتقان «ئۇ مەخلۇق» ـ نېمە؟ بۇلبۇلمۇ! ... بۇلبۇل خۇن تۆكەمدۇ؟! بۇ شېئىردا مۇنداقلا قارىغاندا خۇن بىلەن كارى بولماي قورسىقى تويسىلا بولىدىغان «مەخلۇق» ـ بۇلبۇل بوپقالغان!...

بۇ شېئىرنىڭ ئالدىدا زۇنۇن قادىرىي مۇنداق يازىدۇ: «چىۋىن دائىم ئېشەكنىڭ يېغىرىنى كۆرگەندەك، يامان نىيەتلىك ئادەم باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنىلا كۆرىدۇ. مانا مۇشۇنداق يارىماس شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى يۇمۇر غەلۋىرىدا تاسقاپ، ئۇنىڭدىن چىققان ئىپلاس نەتىجىنى كۆرسىتىش كېرەك. قاراڭلار، تۆۋەندىكى بۇلبۇل بىلەن سېغىزخاننىڭ ھەرىكىتىنى سېلىشتۇرغان ساتىرىك شېئىردا ئۆزىنىڭ يامان نەپسىنى قاندۇرۇش يولىدا قان تۆكۈشتىنمۇ يانمايدىغان شەخسلەرنىڭ دەھشەتلىك خاراكتېرىگە نەپرەت ئوتى چېچىلغان» دەپ يۇقىرىقى شېئىر بېرىلگەن.

ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى سۆزى بىلەن شېئىر ھېچقانداق مەنتىقىي باغلىنىش، شېئىرىي پىكىر ھاسىل قىلالمايدۇ. ئۇ ئەسلىدە زۇنۇن قادىرىي ئۆزىنىڭ «ھەسەل ھەرە بىلەن كۆك چىۋىن» دېگەن مەسەلىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىشچان ھەرە بىلەن (زۇنۇن قادىرىينىڭ «چىۋىن دائىم ئېشەكنىڭ يېغىرىنى كۆرگەندەك» دېگەن سۆزىگە ماس ھالدا) تەييار تاپ كۆك چىۋىننىڭ خاراكتېرى سېلىشتۇرۇلغان:

ھەرە دېدى: «ئاساندىن نېمە لەززەت،
بىلەمسەن ئەمگەكنىڭ تۇۋۇي راھەت.
سەندەك تەييار راھەت ئىزدىمەيمەن،
قېزىپ جەۋھەردىن ھەسەل ياسايمەن».
چىۋىن دېدى: «مەن سەندەك كەزمەيمەن،
ئەتراپقا بىرلا نەزەر تاشلايمەن.
كۆرىمەن ـ دە، ئېشەكنىڭ يېغىرىنى،
تىنىپ چىقىرىمەن يۇرىقىنى...
چىۋىن ئۈچۈن نېمە كارىدۇر گۈلنىڭ؟
يېغىرنىڭ ئۈستىگە قونسىلا بولدى.
نېمە كارى يەرگە تۆكۈلسە خۇنىنىڭ،
ئۇنىڭ قورسىقى تويسىلا بولدى.
چۈنكى ئوخشاشلار بار جاھاندا،
ھەمىشە يېغىرنىلا كۆرىدۇ.
باشقىلارنىڭ ياخشى يېرىنى كۆرمەي،
يامان يېرىنىلا ئىزدەپ يۈرىدۇ» *.

ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، بۇ مەسەل ـ ساتىرىك شېئىر ئاپتورنىڭ ئالدىنقى سۆزلىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئىپادىلايدۇ، كۈچەيتىدۇ ۋە جانلاندۇرىدۇ. شۇڭا ئەسلىدە ئۇ ماقالىگە ئالدىنقى شېئىرنىڭ ئورنىغا: «چىۋىن ئۈچۈن نېمە كارىدۇر گۈلنىڭ؟» دېگەن شېئىرىي كۇپلېت ئېلىنىشى كېرەك ئىدى.

بۇ يەردە يەنە شۇ نەرسىنى كۆڭۈلدىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ئەسلىدە زۇنۇن قادىرىي ئالدىراشلىقتا شۇنداق يازغان بولۇشى مۇمكىن، ئاپتورغا بولغان قاتتىق ئېتىقاد ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن نەشر قىلغۇچىلارمۇ قەلەم تەگكۈزمىگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن (يەنە كەلدى بۇ «لېكىن») ئاپتور خاتا قىلغانىكەن، (بەلكى ياشىنىپ قالغانلىقتىن شۇنداق بولغاندۇ) نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ، بولۇپمۇ مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ خاتالىقنى تۈزىتىش مەسئۇلىيىتى بار ئەمەسمۇ!...

ئۇنىڭدىن باشقا، «غۇنچەم» درامىسىدىكى باسىنىڭ: «ئەمدى ئۇنىمىسا تاشنى ئاياققا تاڭمىزمۇ شەرۋان ئاغچا» دېگەن سۆزى سېيىتنىڭ سۆزى بولۇپ خاتا ئېلىنغان. شۇنداقلا «ھەسەل ھەرە بىلەن كۆك چىۋىن»، «قاغا بىلەن كەپتەر»... قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ بەزى كىچىك خاتالىقلار ھېجىيىپ تۇرىدۇ.

زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن مۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ يۈزىنى قىزارتىدۇ. زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرىنى قايتا نەشرگە تەييارلاشتا بۇنىڭغا ئوخشاش كۆرۈلگەن ھەممە خاتالىقنى تۈزىتىپ، باشقا خاتالىقلارنىڭ چىقىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە!

## 2. ئارخىپ

## زۇنۇن قادىرىينىڭ يېزىقچىلىق ئېتىقادى

ئۇ ۋىجدانى نېمىنى بۇيرۇسا، شۇنى يازدى. بىر ئەرنىڭ ياخشى كۆرۈشى، بىر ئەرنىڭ مەيلى ئېتىبارىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئەسەر يازمىغان زۇنۇن قادىرىي ھەقىقەتەن دۇنياغا پاك كېلىپ، پاك كەتتى ㉕ .

ـ ياسىن خۇدابەردى

* «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى» 711 ـ بەت.

بىز زۇنۇن قادىرىينىڭ يېزىقچىلىق ئېتىقادى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، نوپۇزلۇق ئەدەبىي تەنقىدچىمىز مۇھەممەت پولاتنىڭ زۇنۇن قادىرىي ئىجادىيىتىگە بەرگەن باھا كارتىسىدىكى: «ئۇ مۇشەققەتلىك مۇساپىنى بېسىپ، ھەقىقىي سەنئەت ۋە ھەقىقىي ئەدەبىياتنى يارىتىپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى بىرىنچى بولۇپ پۈتكۈل نەسلى ـ ۋەسلى بىلەن ئۇيغۇر بولغان ھەقىقىي پېرسوناژغا ئىگە قىلدى...» ㉖ دېگەن سۆزلىرىنى ئويلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

زۇنۇن قادىرىينىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتى مانا مۇشۇ دائىرىدىن چەتنىمەيدۇ. گەرچە مۇھەممەت پولات بۇ باھا كارتىسىدىكى ئۈچ «ھەقىقىي»نى ئالاھىدە ئېچىپ، تەپسىلىي شەرھلەپ بەرمىگىنى بىلەن، ئوقۇرمەنلەر ئىنچىكە تەھلىل قىلسا، بۇ يەردە ئۈچ «گۆھەر»نىڭ ياتقانلىقىنى بايقىۋالالايدۇ. بۇ ئۈچ «گۆھەر» زۇنۇن قادىرىينىڭ ئاشۇ قاباھەتلىك ـ ئېغىر يىللاردىمۇ ئۆزگەرمىگەن، رەڭگىدىن كەتمىگەن، پەقەت ئۆزىگىلا خاس ئالاھىدە خاراكتېرىنى ـ يېزىقچىلىق ئېتىقادىنى كۆرسىتىدۇ. ئاشۇ تارىخىي جەرياندا ھېچقانداق بىر قەلەمكەشتە مۇنداق ئۈچ «گۆھەر» بولغان ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ھېچكىمنى ئۇنىڭغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ!... بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ دوستلىرىلا ئەمەس، ھەتتا دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر،

ئەينى يىللىرى زۇنۇن قادىرىينى «مۇناپىق!» دەپ تىللاپ «دۈشمەن» كۆرگەن، ھەتتا ئۇ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئولتۇرۇشقا بىر ئورۇندۇق بېرىشكە «قورققان» ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى، مەرھۇم ياسىن خۇدابەردى زۇنۇن قادىرىي ۋاپات بولغاندا ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلاپ چىدىيالماي، يۈرىكىدىكى گەپنى ـ ھەقىقەتنى سۆزلەپ، ئەڭ يۇقىرى ئاۋازدا نالە قىلغانىدى: «ھەرقانداق جىسمانىي ۋە روھىي بېسىملار ئالدىدا ھەقىقەتتىن ۋاز كەچمەسلىك، پەقەت يازغۇچى دېگەن مۇقەددەس نامغا سازاۋەر بولغان، ھېچكىمدىن قورقمايدىغان قەيسەر ـ جاسارەتلىك ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. زۇنۇن قادىرىي مانا شۇنداق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدا مەدداھلارچە خۇشامەتچىلىك بىلەن ئېتىقادسىز شاللاقلىق يوق ئىدى. شۇڭا تارىخ ۋە خەلق ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزى يورۇق، ئىجادىيەت ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزى يورۇق، ئىجادىيەت ئالدىدا يازغۇچىلىق ۋىجدانى پاك قالدى...»㉗

مېنىڭ كۆڭلى يېقىن، ئىدراكلىق قەلەمكەش ئىنىلىرىم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۆتىۋەر نامايەندىلىرى: زۇنۇن قادىرىي، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر... ۋە باشقىلار توغرىسىدا قىزىقسىنىپ سورىشىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى ـ زۇنۇن قادىرىي. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس يېزىقچىلىق خاراكتېرى ۋە ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى... ئۇلارنىڭ قىزغىنلىق ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ.

مەن بىلگىنىمچە ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسەم: «خەپ، ئاشۇلارنى كۆرەلمىدۇق ـ دە! زۇنۇن قادىرىي قانداق ئادەم بولغىيدى!؟» دەپ يەنە قانماي سورىشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بۇ سەممىي، قىزغىن سوئاللىرىدىن ھەم پەخىرلىنىش، ھەم ئارماندا قالغان كىشىدەك ھەسرەتكە چۆمۈمەن.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىز دېمەتلىكلەرنىڭ ھايات باھارى ئاجايىپ دەھشەتلىك دولقۇنلارغا توغرا كەلدى. ھازىرقى ياشلار ئۇنداق دولقۇنلارنىڭمۇ ۋەھىمىسىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلار چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرسە ئىدى، بىز ۋە بىزدىن چوڭلارنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىنى، يۈرەك ئاغرىقىنى بىلگەن، ھاياتنىڭ ئېچىنىشلىق ۋە بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان ۋە ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەن بولاتتى!... بولۇپمۇ ئۆز شەخسىيىتى ئۈچۈن كەتمەن چاپماي، پۇل ـ بايلىق، مەنسەپنى قوغلاشماي، ئۆز خەلقى، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن تارىخىي قىممەت يارىتىشنى ئويلىغان بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ھاياتنى بەخش ئەتكەنلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىز دېمەتلىكلەر ئەينى يىللىرى بۇ مۇشكۇل ئىجادىيەت دېڭىزىنىڭ قەھىرلىك دولقۇنلىرى ئارىسىدا پالىقى سۇنغان، تاختايلىرى چىرىگەن ئاجىز قولۇقىمىز بىلەن، تاقىر ۋە شەپقەتسىز تۇرمۇش ساھىللىرىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ، نامراتلىق ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن روھسىز تېنىمىزنى سۆرەپ يۈرگەن بولساقمۇ، نېمىلا بولسۇن، ئاشۇ مۆتىۋەر زاتلار بىلەن بىللە ئاجايىپ غەلىتە قىسمەتلەرگە باي بىر دەۋرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. مانا شۇڭلاشقا ئاشۇ مۆتىۋەرلىرىمىز بىلەن بىللە بىر سورۇن، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىق لەتىپە ـ يۇمۇرلىرىنى، ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان ۋە ئۇنتۇلمايدىغان خۇش چاقچاقلىرىنى، يېزىقچىلىق ھەققىدىكى تەجرىبە ـ كۆرسەتمىلىرىنى، ئاتىلارچە بەرگەن تەربىيىلىرىنى ئاڭلاپ، خۇش نەپەس ئالغانلىقىمىز بىلەن پەخىرلەنسەك ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە!...

ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى جۇڭگو تارىخىدىكى سولچىللىق ھۆكۈم سۈرگەن بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللارغا توغرا كەلگەنىدى. كىشىلەر زەنجىرسىمان «ھەرىكەت» لەردىن ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، قايمۇقۇپ ۋە ياتلىشىپ، ئۆز جېنى بىلەنلا بوپكەتكەنىدى. بولۇپمۇ قەغەز ـ قەلەم ئەھلىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇلار ئۆزگىرىشچان ئېغىر بېسىملار ئالدىدا، مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «قۇلۇلدەك جان بېقىش پەلسەپەسى» ۋە «سول بولۇپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش» قېپىغا كىرىۋېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ «شادىيانە پوئېزىيە»لەر يېزىشاتتى.

زۇنۇن قادىرىي ئاشۇ ئېغىر، ۋەزىيىتى تۇراقسىز يىللاردا گەرچە ئىلىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ پاراۋىزى بولسىمۇ، ئۇ ئالدىراقسانلىقتىن، پوپاڭلىقتىن خالىي ھالدا تەمكىنلىك بىلەن يىراققا نەزەر تاشلاپ ماڭاتتى ۋە بۇ ئۇرۇقىي پۇچەك ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىرىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى دانىشمەنلەرچە ئالدىن بىلىپ تۇراتتى.

ئۇ ھەقىقىي خەلق يازغۇچىسى، خەلقنىڭ قەلبى، خەلقنىڭ ۋىجدانى ئىدى. ئۇنىڭ شەيئىلەرنى بايقاش ۋە ھۆكۈم قىلىش كۈچى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، خۇددى گوركىي: «تولستوينىڭ بىر جۈپ كۆزىدە مىڭلىغان كۆزى بار» ㉘ دېگىنىدەك، زۇنۇن قادىرىينىڭمۇ «بىر جۈپ كۆزىدە مىڭلىغان كۆزى بار» يازغۇچى ئىدى. ئۇ، خەلقنىڭ ھەقىقىي يازغۇچىسى بولغاچقا، ئۆز خەلقىنىڭ ئوي ـ پىكىرىنى،

ئۆزگىرىۋاتقان روھىي تەپەككۇرىنى، دەرد - ئەلەمنى ۋە خۇشاللىق - ھايات سۆيگۈسىنى، قىسقىسى، ھەقىقىي تۇرمۇشنى بەدىئىي چىنلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىشنى ئىزدەيتتى. ئەمما ئۇ كۈتكەن ھەقىقىي بەدىئىي سەنئەتلىك پروتوتىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ يالغاننى يېزىپ تارىخ ئالدىدا، ئەۋلادلار ئالدىدا يۈزى قىزىرىشتىن ئۇيۇلاتتى. ئېيتقاندەك، ئەينى يىللىرى «تەنتەنە ۋە ئالقىش»قا كۆمۈلگەن بەيگىدىكى تالاي - تالاي «ئارغىماقلار» ھايات تەرەققىياتىنىڭ غىلتاڭ تاشلىق سېپىغا كەلگەندە، تۇياقلىرىدىن ئايرىلىپ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ ئۆلۈكى چۆللەردە قالدى. چۈنكى ئۇلار ھەقىقىي ئەدەبىيات، ھەقىقىي سەنئەت، ھەقىقىي مىللىي پېرسوناژلار مىنگەن ئارغىماقلار ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇنداق كۈچلۈك بورانلىق مەنزىلدە، روسىيە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەردارى پوگاچېۋ ئىسنى ھىدلاپ نىشان بەلگىلىگىنىدەك، شەيئى ۋە ھادىسىلەردىن كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرگەن زۇنۇن قادىرىي ھەقىقىي ئەدەبىيات يارىتىش ئۈچۈن ئۇلۇغ سەنئەتكارلارغا خاس قەلەمنى توختىتىپ تۇردى.

بىر قەلەم ئەھلىگە، بىر سەۋدايى ئىشقى بىلەن مەست بولغان يازغۇچىغا نىسبەتەن قەلەمنى توختىتىپ قويۇش - ئۇنىڭ ھاياتىنى مەنىسىزلىك، ئەلەم ۋە ھەسرەت زىندانىغا بەند قىلدى. ئۇنىڭ يازاي دېسە كۆڭلى بارماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ، يازماي دېسە ئالتۇندەك قىممەتلىك ۋاقتى - ئۆمۈر كارۋىنى توختىماي:

پۇرقىراپ ئىس چىقىدۇ تاماكامدىن،
ئىس ئەمەس دەرد چىقىدۇ يۈرەك - جاندىن...

دېگەندەك ئەلەمدىن ھاراق ئىچىپ، كۈندىلىك غۇدۇر تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۆتۈشى - قانچىلىك بەختسىزلىك ۋە ئېچىنىشلىق!... شۇڭا مەرھۇم شائىر نۇرمۇھەممەت ئېركىمۇ: «يازساممۇ داغ، يازمىساممۇ داغ...» دەپ نالە قىلىپ كەتكەن ئەمەسمۇ!...

شۇ چاغلاردا زۇنۇن قادىرىنىڭ تۇرمۇشى قانداق ئىدى؟ ئېھتىمال، ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشلۇقى يوق، پەقەت ئەسەرلىرىنىلا كۆرۈپ ئۆلگۈرگەن تالاي كىشى: «زۇنۇن قادىرىي داڭلىق يازغۇچى بولغاندىكىن، تۇرمۇشى ئالاھىدە باياشاتتۇ» دەپ ئويلىشىدۇ. ياق، سىز ئويلىغاندەك ئەمەس! سىز ئىشىنەمسىز؟ ئۇ تا ۋاپات بولۇپ كەتكەنگە قەدەر پۇلنى دوست تۇتماي، يانچۇقىغا چوڭراق پۇل سالماي ئالەمدىن ئۆتكەن. زۇنۇن قادىرىنىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ جىگەرلىك قوغدىغۇچىسى زىلەيخان ھەدەم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: «رەھمەتلىك كىچىك بالىدەك: بىر سومىڭ بولسا بەرگىنە، تاماكا ئالاتتىم، دەپ سورايتتى...» دېگەنىدى ۋە «بىز توي قىلغان 1953 - يىلى ئۇ ئىشسىز ئىدى. توي كۈنى ئۇ ئۆڭۈپ كەتكەن، ئەمما پاكىز سۇررەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋاپتىكەن، ئۆيلىرىمۇ ئاددىيلا، داڭلىق يازغۇچى دېيىشىدۇ، نېمىسى داڭلىق يازغۇچى بۇنىڭ. ھېچنېمىسى يوقكەن، دەپ يېنىپ كېتىشكە تاس قالغانىدىم. ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىمنىڭ تەربىيىسى بىلەنلا بىز ئۆي تۇتۇپ قالغان...» دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

شۇ چاغلاردا زۇنۇن قادىرىنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ غورىگىل ئىدى. ئۇ ۋاقىتلىق ئىش ئورنىدىن بەرگەن ئازغىنە مائاشى، خۇدىيار يۈزى يېزىسىدىكى ئازراق يېرىنىڭ بۇغدىيى ۋە قۇدۇق مەھەللىسىدىكى ھويلىسىغا تېرىغان كاۋا، سەي - كۆكتاتلىرى بىلەنلا يېمەك - ئىچمەكنى قامداپ كەلگەنىدى. زۇنۇن قادىرىنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يوقسۇل - نامراتلار ئۈچۈن قانچىلىك جان قاقدىغانلىقىنى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە شاگىرتى ماناپ قادىرىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن تۆۋەندىكى بىر ئەسلىمىسىدىن بىلىۋالالايمىز:

تەنەپپۇسلۇق ھېكايە: 1952 - يىلى ماناپ قادىرىي غۇلجا شەھەر قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان، زۇنۇن قادىرىي بۇ مەكتەپتە ۋاقىتلىق دەرس بېرىۋاتقان مەزگىل ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار چۈشلۈك تاماق يېگىلى ھازىرقى 7 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىدىكى ئاشخانىغا ماڭىدۇ. شۇ چاغدا بۇ مەكتەپنىڭ يېنىدىكى سايغا ياغاچ قۇرۇلمىلىق چوڭ كۆۋرۈك سېلىنىۋاتاتتى. ياغاچچىلار تېخى ئىشتىن چۈشمىگەن بولۇپ، توققۇز - ئون ياشلاردىكى جىڭگىلەك چاچلىق، يالاڭ ئاياغ بىر كەمبەغەل قىز ياغاچچىلار يونۇپ - چېپىپ چىقىرىۋاتقان خەشەك ئوتۇنلارنى ئەسكى - يىرتىق تاغىرىغا سېلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ياغاچچىلاردىن بىرسى ئۇنى كۆرۈپ قالدى - دە، جۇدۇنى بىلەن كېلىپ قىزچاقنى ۋارقىراپ، قىزچاقنىڭ تاغىرىغا سالغان ئوتۇنلىرىنى تۆكۈۋېتىپ، تاغىرىنى يىراققا تاشلىۋېتىدۇ. يولدا كېلىۋېتىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قالغان زۇنۇن قادىرىي ئالدىراپ شىپىلداپ مېڭىپ، قىزچاقنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە يىغلاپ تۇرغان قىزچاقنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىيلاپ تەسەللىي بېرىپ، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، قىزچاقنىڭ تەلىيىگە ئۇنىڭ يېنىدىن ئون تىيىنمۇ چىقمايدۇ. ئۇ يېنىغا كەلگەن ماناپ قادىرىيغا:

- بۇ ئەبلەخ ئادەم ئەمەسكەن، يېنىڭدا پۇلۇڭ بارمۇ؟ - دەپ سورايدۇ ۋە ماناپ قادىرىي بەرگەن ئىككى سوم پۇلنى قىزچاقنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

- يىغلىماڭ قىزىم، بۇ پۇلغا ئاپىڭىز ئوتۇن ئېلىۋالسۇن. مۇنداق ئادەملەردىن رەھىم - شەپقەت كۈتمەڭ! - دەپ مېھرىبانلىق بىلەن يولغا سېلىپ قويىدۇ ۋە ئاچچىق بىلەن ماناپ قادىرىيغىمۇ قارىماي كېتىپ قالىدۇ.

ماناپ قادىرىي ھېلىقى ئورۇق - قاناڭغۇر ياغاچچىنى تۇتۇۋېلىپ:

- سىز بۇ ئادەمنى بىلەمسىز؟ «غۇنچەم»نى يازغان، رېژىسسورلۇق قىلغان مەشھۇر يازغۇچى زۇنۇن قادىرىي دېگەن ئادەم بۇ. سىز بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا يامان ئۇسال ئىش قىلىپ قويدىڭىز! - دېگەندە، ھېلىقى ياغاچچى:

- «غۇنچەم» دېگەن ئويۇننى يازغان دېدىڭىزما... ما ئىشنى كۆرۈڭ، راست، تولىمۇ ئۇسال ئىش قىپتىمەن، - دەپ ئەپسۇسلىنىپ كەچۈرۈم سورايدۇ.

زۇنۇن قادىرىي ئەنە شۇنداق ئېغىر تۇرمۇش بېسىمى ئاستىدىمۇ تىز پۈكمەي، پۇل، نام - شۆھرەت ۋە نوپۇز - ئىمتىياز ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇرماي، لېف تولستوينىڭ «يېزىقچىلىقنى تىرىكچىلىكنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىش ئىنتايىن قورقۇنچلۇق خاتادۇركى، بۇ ئالىيجانابلىقنىڭ ئارقىسىدا پەسكەشلىككە تەسلىم بولۇشتۇر...»[29] دېگەن ھېكمىتىگە ئەمەل قىلىپ ياشىدى. ئۇ ھېچكىمنىڭ رايىغا قاراپ

www.uyghurkitap.com

ياشىمىدى ۋە ئىجاد قىلمىدى ـ نە ۋەزىيەتنىڭ، نە مۇھىتنىڭ، نە كاتتا باشلىقلارنىڭ، نە باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىپ ئەسەر يېزىپ ئۆز قەلبىنى پۇچەكلەشتۈرمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىنى سەبىي بالىدەك پاك، مۇستەقىل قەلبىنىڭ تەلپى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مۇشۇنداق ساپ قەلەم تۇتۇپ ياشاپ ئۆتكەن كىم بار؟ ھەتتا ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى بولغان گوركىيمۇ ئابرۇيي ۋە پۇل ئۈچۈن ئۆز قەلبىگە يات ھالدا كىتاب نەشر قىلغانىدى:

«1934 ـ يىلى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن گوركىينىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە ‹ستالىننىڭ ئاق دېڭىز ـ بالتىق قانىلىنى قازدۇرۇش تارىخى› دېگەن كىتاب نەشر قىلىنىدىكەن. كىتابتا جىنايەتچىلەرنى ئىشقا سېلىپ، قانال قازغان تارىخ مەزمۇن قىلىنىدىكەن. 1933 ـ يىلى 17 ـ ئاۋغۇستتا گوركىي 120 نەپەر يازغۇچىنى تەشكىللەپ، قېزىلىپ بولغان قانالنى كۆرۈپ، ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كېلىدىكەن... جىنايەتچىلەر خارلانغان، ئۇرۇلغان ... قانال قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن كېيىن نۇرغۇن ناھەقچىلىق يۈز بېرىدىكەن. قىسقىسى، كەلگۈلۈك ئاشۇ جىنايەتچىلەرگە كېلىدىكەن. 80 نەپەر يازغۇچى بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، كىتاب ئىشلەشتىن يالتىيىدىكەن. ئەمما گوركىي مۇشۇنداق ناھەق ـ ئېچىنىشلىق ئارقا كۆرۈنۈشنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىرادىسىغا خىلاپ ھالدا ئاشۇ كىتابنى يېزىپ چىقىدىكەن.»[30]

يازغۇچى غەيرەت ئاسىمنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان «زىيالىي بولماق تەس» ناملىق بۇ ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا، بالىلىق چېغىدىن تارتىپ گوركىيغا «چوقۇنۇپ» كەلگەن بۇ ئاپتور گوركىينىڭ بۇ قىلمىشىنى ئوقۇپ: «گوركىينىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازىغا داغ تەگدى» دەپ ئەپسۇسلىنىدۇ ۋە: «ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ پەزىلىتىنى تەتقىق قىلىش كېرەك، خەلقنىڭ نەتىجىسى ئۆز ئوغلانلىرىنىڭ پەزىلىتىدىن كېلىدۇ» دەپ خۇلاسىلەيدۇ. «1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا (مەرھۇم) سەيپىددىن ئەزىزي خىزمەت تەكشۈرۈپ ئىلى رايونىغا بارىدۇ. ئۇ تېخىچە ئىلىدا ياشاۋاتقان زۇنۇن قادىرىينى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ، شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قوشۇنىنى كۈچەيتىشنى ئويلايدۇ ۋە زۇنۇن قادىرىي بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئەمما زۇنۇن قادىرىي غەرق مەست ھالدا سەيپىددىن ئەزىزىينىڭ ئالدىدا جوزىلارنى ئۆرۈپ، ئۆيلەرنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ ‹ساراڭلىق› قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سەيپىددىن ئەزىزي: ‹ھوي، بۇ ساراڭ بوپتۇ، ساراڭ بوپتۇ...› دېگىنىچە قايتىپ كېتىدۇ.» *

1960 ـ يىلىنىڭ بېشىدا زۇنۇن قادىرىي ئاخىرى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردىمۇ ئەسەر بۇيرۇتما ـ زاكازلارنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا: «يازغۇچى دېگەن جۇۋاز ئەمەس، سىقسا ماي چىقىرىۋېرىدىغان!...» دەپ ئۆزىنىڭ يازغۇچىلىق ئېتىقادىدا مەھكەم تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سەيپىددىن ئەزىزىينىڭ «كۆرەش يولى» ئوپېراسىنى كۆرۈپ چىققىنى تېخىمۇ قىزىق ھېكايە:

«سەيپىددىن ئەزىزي ئۆزىنىڭ ‹كۆرەش يولى› ئوپېراسىنى زۇنۇن قادىرىينىڭ كۆرۈپ پىكىر بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىدۇ. زۇنۇن قادىرىي سەيپىددىن ئەزىزىيگە: ‹ئۆيۈڭگە بېرىپ كىتابىڭنى كۆرمەيمەن، خالىساڭ ئۆيۈمگە تاشلاپ قوي!...› دەپ بېرىشقا ئۇنىمايدۇ.

باشقىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ: ‹ئاجايىپ ئادەمكەن بۇ، نېمىشقا بارمايسىز؟› دېگەندە، زۇنۇن قادىرىي: ‹خالىساڭ ئۆزۈڭ بار، ئەنە!...› دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

سەيپىددىن ئەزىزي ئاخىرى كىتابنى زۇنۇن قادىرىينىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئەستايىدىل ئولتۇرۇپ قىزىل قەلەم بىلەن تۈزىتىپ بەرگەن.» **

قاراڭ، زۇنۇن قادىرىينىڭ يېزىقچىلىق ئېتىقادى ـ روھى ئالدىدا گوركىينىڭ روھى قانچىلىك تۆۋەن! شۇنداق، بىز ئۇنتۇغىنىمىز بىلەن يامان يېرى تارىخ مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى «شەرەپلىك» تارىخىمىزغا ئۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرغىنى بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزى يىرتىلمايدىغان، ئۆچمەيدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان، سۇدا ئاقمايدىغان، ئوتتا كۆيمەيدىغان مەڭگۈلۈك تارىخنى زاھىر قىلىدۇ. ئۇ چاغدا پەقەت يەر ئاستى سۇلىرىدەك زامان قاتلاملىرىدا پىرقىراپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدىن مۇشكۈللەرنى يېڭىپ، يورۇقلۇق ۋە كەڭلىك ئۈچۈن ئىنتىلگەن سۈزۈك تامچىلارلا بۇلاق بولۇپ ئېتىلىپ، يورۇقلۇق بىلەن قۇچاقلىشالايدۇ. كەلگۈسى مانا مۇشۇ تارىخىي سەھىپىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. زۇنۇن قادىرىيدەك مانا مۇشۇ تارىخىي قاتلاملاردا ئاشۇ سۈزۈك تامچىلاردەك يۈزى يورۇق، ئۆزى پاك ھالدا ھاياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بالدىقىدىن ئالىيجانابلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرالايدۇ.

زۇنۇن قادىرىي ئۇزاق مەزگىل ئۆز دەۋرىنىڭ زامان ـ ماكان ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان مەدەنىيەت تورىدىن چىقالماي، داۋالغۇپ تۇرغان دەۋر مۇھىتىدا چايقىلىپ، مۇستەقىل، ھەقىقىي بەدىئىي پىكىرلىرىنى روياپقا چىقىرالماي، بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە قىممەتلىك مۆچەللىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ ئويلايتتى، تەكشۈرەتتى، ئۆگىنەتتى، سېلىشتۇراتتى، كۆزىتەتتى، ماتېرىيال توپلايتتى... بىز بۇنىڭ ئەمەلىي پاكىتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە تىلىنى قانداق كۆزەتكەنلىكى، قانداق ئۆگەنگەنلىكى ھەققىدە ئىككى ھېكايە ئېيتىپ بېرىمىز:

تەنەپپۇسلۇق 1 ـ ھېكايە: بىر كۈنى ئاخشىمى، ـ دەپ ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى ماناپ قادىرىي ماڭا، ـ 1995 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېل مەن ياتار ۋاقتىدا زۇنۇنكام ماڭا: «ئەتە سەھەر تۇر، سېنى بىر يەرگە باشلاپ بارىمەن جومۇ»، دېدى. مەن زۇنۇنكامغا:

ـ مېنىڭ ئۇيقۇم قاتتىق زۇنۇنكا، ئۆزىڭىز تۇرغاندا مېنى ئويغىتىۋېتىڭ، ـ دېدىم.

زۇنۇنكام سەھەر تۇرىدىغان. ئۇ قاراڭغۇ ـ ماراڭغۇدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ، گىمناستىكا ئويناپ، نېمىلەرنىدۇ خىيال قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ تۇرمۇشتا سەرەمجان، پاكىز ئادەم ئىدى، رەتلىك كىيىنىپ يۈرەتتى.

---

*، ** زۇنۇن قادىرىينىڭ ئىنىسى قۇربان قادىرنىڭ ئەسلىمىسى.

ئەنىسى سەھەردە زۇنۇنكام مېنى ئويغاتتى ۋە يانىدىن باشلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغان ۋاقتىمىز ئىدى. ئۇ چاغدا بىز قەشقەر شەھىرى سەمەن يولىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قورۇسىدا تۇراتتۇق.

تېخى تاڭ ئاتمىغان، قەدىمىي قەشقەر شەھىرى جىمجىت ئۇيقۇدا ئىدى. يولدا زۇنۇنكام مېنى نەگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ كېتىۋاتىمەن. زۇنۇنكامنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىمەن، سورىسامۇ بەرىبىر بارىدىغان يەرنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ. بارغان چاغدىلا: «مانا!...» دەپلا كۆرسىتىدۇ. كېتىۋاتىمىز، كېتىۋاتىمىز، مانا ئاخىرى ھېيتگاھقـــا كەلدۇق. ئاڭغىچە تاڭمۇ سۈزۈلدى. زۇنۇنكام مېنى ناماز بامداتقا ئەكەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ چاقچاق قىلدىم:

— تازا نامازگۈينى تېپىپسىز — دە، زۇنۇنكا، مېنى بامدات نامىزىنى ئۆتىسۇن دەپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىڭىزمۇ نېمە؟

زۇنۇنكام ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ كۈلۈپ كەتتى ۋە: — ھازىر كۆرسەن قارىۋاي، جۇرۇ، ئاۋۇ پەشتاققا چىقىمىز، — ئۇ ئالدىمىزدىكى ئېگىز پەشتاقنى كۆرسەتتى.

ھېيتگاھنىڭ ئىككى پەشتىقى بار ئىكەن. مەن:

— ئەزەن ئېيتامدۇق؟ — دەپ يەنە چاقچاق قىلدىم.

— ھەئە...

— ئۇنداق بولسا، ئىككى پەشتاق بار ئىكەن، ئىككىمىز ئىككى پەشتاققا چىقىپ ئېيتايلى.

— سەن ئەزەن ئېيتىشنى بىلمەيسەن، ئاۋۋال ماۋۇ تەرەپتىكى پەشتاققا مەن بىلەن بىللە چىقىپ، ئەزەننى قانداق ئېيتىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋال. ئاندىن ئاۋۇ پەشتاققا چىقىپ ئېيت، — دەپ كۈلدى زۇنۇنكام رەھمەتلىك.

زۇنۇنكامغا ئەگىشىپ، ئايلانما يول بىلەن پەشتاق ئۈستىگە چىقتىم. پەشتاق ئۈستىدىن پۈتكۈل قەشقەر شەھىرى ئالقاندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاسمان گۈمبىزى بىلىق قارىدەك ئاقىرىپ، تاڭ ئېتىۋاتاتتى. سەھەرچى قەشقەر خەلقى ئەتىگەنلىك ناشتىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

زۇنۇنكام پۈتكۈل دىققىتى بىلەن كۆز ئالدىدا خەرىتىدەك يېيىلىپ تۇرغان قەدىمىي شەھەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ:

— قارا، قارىۋاي، نېمىنى كۆرۈۋاتىسەن؟! — دېدى.

شەھەرنىڭ ئۇ يەر — بۇ يېرىدىكى ئاندا — ساندا ئۆيلەرنىڭ تورخۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۈس، ئاقۇش ئىس قەشقەر ئاسمىنىغا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

— ئاندا — ساندا ئىس كۆرۈۋاتىمەن، — دېدىم مەن زۇنۇنكامغا قاراپ.

— بۇ نېمە؟ — زۇنۇنكام ماڭا مەنىلىك قاراپ نېمە دەيدىكىن دېگەندەك تىكىلدى، — بۇ بىر قايغۇلۇق تېپىشماق، تاپە، قېنى؟

مەن بۇ دانىشمەن ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى غەمكىن كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان مۇڭلۇق تەبەسسۇمىدىن سېزىۋالدىم.

— ئاشۇ ئىس — تۈتۈن چىقىۋاتقان ئۆيلەردە، — دېدىم مەن قەشقەرنىڭ ھەرە كۆنىكىدەك زىچ جايلاشقان ئۆيلىرىگە قاراپ، — ئەتىگەنلىك چاي قاينىتىۋاتىدۇ، قالغان ئۆيلەر جىمجىت...

— ھەي، يامان قارىۋاي — دە سەن جۇمۇ، تاپىنىڭ، — دېدى زۇنۇنكام ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — مانا، قەشقەرنىڭ تۇرمۇشى... ئاشۇ ئىس — تۈتۈن چىقىۋاتقان ئۆيلەردە ئوت — بەش تەڭگە بار، شۇڭا ئەتىگەنلىك چاي قاينىتىپ ئىچەلەيدۇ، قالغان ئاشۇ ئۆيلەردە چاي قاينىتىشقا ئوشلۇق مادار يوق. ئۇلار سوغۇق سۇ بىلەنلا ناشتا قىلىدۇ، مانا تۇرمۇش دېگەن... — ئۇ ھەسرەتلىك يىنىك ئۇھ تارتىپ جىم بولدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ كۆزلىرىنى چوڭقۇر ھەسرەت كۆلەڭگۈسى قاپلىۋالدى. قورۇقلارنىڭ ئىنچىكە تورلىرى كۆزلىرىنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭ نەزىرىنى ئاستىن بىر يەرلەرگە ئەكەتتى...

تەنەپپۇسلۇق 2 — ھېكايە: ... بىر كۈنى زۇنۇنكام يەنە: «جۇرۇ بىر يەرگە بارىمىز!» دېدى، — دەپ ھېكايە قىلىدۇ ماناپ قادىرىي يەنە، — مەنمۇ ئۆتكەنكىدەك ئۈندىمەي كەينىدىن ماڭدىم. قەشقەرنىڭ قۇياشى ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ھېيتگاھنىڭ يېنىدىكى كۆلۈپقا كەلدۇق. كۆلۈپ ئالدىدا بىر دوغاپچى بار ئىدى. ئۇ قىزىقلا دوغاپچى ئىدى. قولى بىلەن تەڭ ئېغىزى ئىچىلاتتى. دوغىپىنى قوشاققا قوشۇپ، ئادەملەرنى كۈلدۈرۈپ ساتاتتى. سۆزلىرى قاپىيىلىك ھەم قىزىقارلىق ئىدى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ قوشقىنى، قىزىق — كۈلكىلىك گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ دوغاپ ئىچىشەتتى. زۇنۇنكام مېنى شۇ دوغاپچىنىڭ قېشىغا باشلاپ باردى ۋە دوغاپ ئىچكەچ بىر بالىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بېرىپ، دوغاپچىنى تېرىكتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ھېلىقى بالا پۇلنى ئالغاندىن كېيىن دوغاپچىنى قاتتىق تېرىكتۈردى. زۇنۇنكام شۇ ئەسنادا ماڭا: «چاپسان بول، قەلىمىڭنى ئال، تېز يازا!...» دەپ بۇيرۇدى. ئۆزىمۇ دەررۇ يېزىشقا كىرىشتى. ھېلىقى دوغاپچى تېرىككەنسېرى قىزىق — كۈلكىلىك ۋە بىرەپ تىللارنى شۇنداق ئۆكتىكى، ۋاي — ۋاي، نېمـــــــىنى دېسەن. قەشقەر خەلقى ئاجايىپ گەپدان بولىدىكەن، بىراق ئاغزى بەزەپرەككەن... زۇنۇنكاممۇ، مەنمۇ بىر ياقتىن كۈلۈپ، بىر ياقتىن يېزىپ ۋەردۇق. كېيىن يەنە بىر چىنىدىن دوغاپ ئىچىپ قايتتۇق...

**زۇنۇنكام تۇرمۇشنى، خەلق تىلىنى ئەنە شۇنداق ئىنچىكە كۆزىتىپ، ھارماي ئۆگىنىدىغان ئادەم ئىدى...**

**ئۇ راستىنلا تۇرمۇشنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئۆگىنىپ، ئۆزىگـە خاس ھەقىقىي رېئالىزملىق ئەسەر يارىتىشنى، ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى يارىتىشنى ئويلايتتى. خەلقمۇ ئۇنىڭدىن شۇنى كۈتەتتى. ئۇ، ئۆز خەلقى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان يېڭى بىر ئۆتكۈنچى دەۋرنى — يەككە — خۇسۇسىلىقتىن كوللېكتىپلىشىشقا، يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش ئەۋزەللىكىنى قەلەمدە يورۇتۇپ بېرىشنى ئويلىدى. مۇنداق بىر دولقۇنلۇق، ئىنسان ئۆزلۈكىنى يوقاتقان ۋە ئۆز ماھىيىتىنى ئىزدەۋاتقان دەۋرنى قانداق يورۇتۇپ بېرىش — ھەقىقىي مىللىي پېرسوناژ يارىتىش — نۇرغۇن يازغۇچىنىڭ قەلەمدە ھەرقانچە كۆچىسمۇ رويابقا چىقىرالمايدىغان مۇشكۇل ئىش ئىدى. «ئەمگەكنىڭ سەنئەتكە ئايلانغانلىقى» دېھقانلارنىڭ روھىدا يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئۆتمۈش جەمئىيەتتە ئېزىلگەن، ھۇرۇن — بوشاڭ كىشىلەرنىڭ يېڭى ھاياتىي دەۋردە روھى يېتىلىنىپ ۋە قۇۋۋەتلىنىپ، ئەسلىدىكى**

ئەمگەكچان خۇسۇسىيىتىنىڭ پارتلاپ، يېڭى ئوبرازىنى تىكلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يازغۇچى مانا مۇشۇ نۇقتىنى پۈتكۈل بىر دەۋرنىڭ ئاچقۇچى قىلدى ۋە خاسىيەتلىك قەلىمىنى قولغا ئالدى. ئالدى ـ دە، ئاخىرى ئۆزى ئېيتقاندەك: «يولۋاس تۇغدى!...»

مانا بۇ «ئۈچ گۆھەر» جۇلالىنىپ تۇرغان، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇدىيار يۈزى يېزىسىدىكى رېئال ۋەقە بەدىئىي چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتكەن «چېنىقىش» ھېكايىسى ئىدى.

«چېنىقىش» ھېكايىسى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تاڭدا تۇغۇلغان چولپاندەك پارلاپ، بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزغا يېڭى ئىلھام ـ نۇر بەخش ئەتتى. بۇ «يولۋاس»نىڭ ھەيۋىتى، بۇ دەۋردە يېزىلغان تالاي ـ تالاي ئەسەرنى «توشقان»غا ئايلاندۇرۇۋەتتى. زۇنۇن قادىرىي يەنە بۇ دەۋردە «چېنىقىش»تىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ «توي» دىرامىسىنى يېزىپ، مەملىكەت بويىچە زور شۆھرەت قازاندى.

بىز زۇنۇن قادىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئېتىقادىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن «چېنىقىش» ھېكايىسىنىڭ پروتوتىپىنى قانداق تاپقانلىقى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق ئۆگەنگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىساق كۇپايە. رېئالىزمغا قاتتىق سادىق زۇنۇن قادىرىي ھەرگىز يالغاننى يازمىغاندى.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىنىسى قۇربان قادىر ئاكا ماڭا بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەردى:

ـ ئاكامنىڭ «چېنىقىش» دېگەن ھېكايىسىدىكى مەتنىياز خۇدىيار يۈزىدە بىزگە قوشنا ئولتۇرىدىغان روزى دېگەن ئادەم شۇ. بىز ئۇنى «روزى قۇشناچ» دەيتتۇق. ئۇ چوقۇرراق كەلگەن، خۇددى ئاكام كىتابىدا تەسۋىرلىگەندەك ياۋاش، مۆمىن، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان ھۇنەرۋەن، قىزىقچى، خۇشچاقچاق، يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. مەن ئاكامغا ئۇ ھەققىدە جىق پاراڭ قىلىپ بەرگەنىدىم. ئاكام سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ قىزىقىپ قالدى. كېيىن ئۆزى خۇدىيار يۈزىگە پات ـ پات چىقىپ ئۇ ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ، مۇڭدىشىپ كېتىدىغان بولدى.

روزى قۇشناچ بەزىدە موزدۇزلۇق قىلاتتى، گاھىدا ياغاچچىلىق قىلاتتى، بەزىدە تۆمۈرچىلىك ـ مىسكەرچىلىك قىلىۋاتقان، بەزىدە بوغا ـ جاۋاڭلارنى ياماۋاتقان... ئىشقىلىپ قولىدىن ھەممە ئىش قېچىپ قۇتۇلمايتتى. ئەمما ئۇنىڭغا ئىش بۇيرۇغان ئادەم ئاكام يازغاندەك ئالدىراتماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇ مىسلىداپ ئىشلەپ، بىر ئىشنى سەككىز ـ ئون كۈندە ئاران پۈتكۈزەتتى. بەزى كۈنلىرى قوللىرى قارىنگۆل بىلەن بويىلىپ يېنىمىزغا كەلگەندە بىز چاقچاق قىلىپ: «روزى، بۈگۈن قاتتىق ئىشلەپسەن، نېمە ئىش قىلغانسەن؟!» دەپ سورىساق، «پالانچىخاننىڭ ئايىغىنى تىكىپ چىقتىم!» دەپ ھىجىيىپ كۈلەتتى.

روزىغا باش چۈشۈرتمەكچى بولساق، بىر كۈن كېتەتتى. ئۇ ھېكايە ـ جەڭنامىلارغا ئۇستا ئادەم ئىدى. چېچىمىز قۇرۇپ، بېشىمىزدىن يۈندىلار ئېقىپ، بويۇنلىرىمىزدىن ئىچىمىزگە كىرگەندە تاقەت قىلالماي: «ئۇستام، چاچ قۇرۇپ كەتتىغۇ!...» دەپ ۋارقىرايتتۇق... بۇنىڭ ھەممىسى راست ئىشلار.

روزى ئەسلىي دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىدا ساتىراشلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەن. ئۇ ساتىراشلىقنىمۇ چىدىيالماي، خۇدىيار يۈزىگە كۆچۈپ چىققانىكەن. يەر ئىسلاھاتىدا ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا يەر تەگكەن. ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان بۇ يەرنى تېرىيالماي يۈردى. قوناق تېرىپ، ياخشى قارىمىغاچقا، بەش ـ ئون تاللا ئۆسۈپ چىقىپ، قالغىنىنى قاغا ـ قوزغۇنلار يەپ كەتتى. ئاكام بىر كۈنى چىققاندا روزىدىن: «روزى، بۇ يەرگە نېمە تېراي دەۋاتىسەن؟» دەپ سورىغانىدى، روزى ھىجىيىپ: «ئوتتۇرىسىنى ياغ، چۆرىسىنى باغ قىلايمىكى دەۋاتىمەن» دېگەنىدى.

روزى دائىم باشقىلارغا بوزەك بولۇپلا يۈرەتتى. تىللىسىمۇ ھىجىيىپ ھار ئالمايتتى. بىر قېتىم ئۆستەڭ چاپقىلى كېتىۋېتىپ، باينىڭ چوڭ ئۆرۈكلۈك جاڭگىلىسىغا مۆكۈۋالغاندا، ئۇنىڭ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسى كۆرۈنۈپ قالغان. ھەيدەر دېگەن دېھقان:

ـ ھاي، ماياققا قاراڭلار، خۇدايىم بىزگە قوي بەردى، ـ دەپ ۋارقىرىغان. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بولغان ئىشلار.

ئۇ چاغلاردا ھەيدەر، مۇھەممەت، ساۋۇت... دېگەن پېشقەدەم دېھقانلار بولۇپ، ئاكام ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرمۇش ئۆگەنگەنىدى. ھېكايىدىكى ھەمراھ ـ ئاشۇ ساۋۇت دېگەن دېھقان. روزى قۇشناچ ئاكامنىڭ ئۆزىنى يازغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بوپكەتكەنىدى. ئۇ:

ـ سىلەر مېنى ياراتمايسىلەر، قاراڭلار، مەن ياخشى بولغاچقا زۇنۇن ئەپەندى مېنى يېزىپتۇ، قايسىڭلارنى يازدى قېنى؟!... دەپ ماختىنىپ يۈردى ۋە خۇشاللىقىدا ئاكامغا دائىم كاۋا ئاپىرىپ يوقلاپ تۇراتتى...

تەنەپپۇسلۇق پاراڭ: ئەدەبىياتچىلىرىمىز 1980 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئاندىن خۇددى مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «شادىيانە پوئىزىيلەر يېزىۋېتىپ، بىردىنلا سول ياكى ئوڭ قىياپەتكە كىرىۋالغان ھېلىقى قارا ئەرۋاھ تەرىپىدىن بوغۇلۇپ قېلىشىنى كېيىنرەك سەزدى»㉛ . ئۇلار ئارقىسىغا قاراپ ئەلەم بىلەن: «ھەي ئەپسۇس!...» دېيىشتى.

1982 ـ يىلى غۇلجىنىڭ قىيامىغا توشقان، ئۇلبۇللىرى مەست بولغان مەرگىلدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يازغۇچىلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى غۇلجىغا ساياھەت ـ زىيارەتكە كەلگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرىينىڭ يۇرتىدىن كەلگەن بۇ ئەزىز مېھمانلارنى يېزىمىزنىڭ پارتكوم سېكرېتارى، ئەدەبىيات ئاشناسى مەرھۇم تۇرسۇن ئەلىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالمىلىق باغدا كۈتۈۋالغانىدۇق (مەن ئۇ چاغدا ئاشۇ «خەنبېڭ» يېزىسىدا ئىشلەيتتىم). سورۇنغا غۇلجا شەھرىدىكى داڭلىق سازەندىلەر، ناخشىچىلار، ئەدىبلەر ۋە ئىلىدىكى مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرى قاتناشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سورۇنىمىزنىڭ گۈلىگە گۈل قوشۇپ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئىمىن تۇرسۇن، مەرھۇم زوردۇن سابىر، مەرھۇم قەييۇم تۇردى، ئابلىمىت سادىق، مەرھۇم رەھمىتۇللا جارىي ۋە قازاقلارنىڭ داڭلىق ئاقىن ـ يازغۇچىلىرىمۇ ھازىر بولغانىدى. شۇ كۈنى سورۇن ناھايىتى كۆڭۈللۈك

www.uyghurkitap.com

ۋە قىزغىن كەيپىياتتا بولدى.

ئەتىسى ـ 22 ـ ئىيۇندا مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە مەرھۇم قەييۇم تۇردىلار ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قەلەم ئەھلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يىغىن ھۆججىتىنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭدا راستچىل يازغۇچى بولۇش، يالغاننى يازماسلىق، يازغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى قاتارلىقلار تەكىتلەنگەنىدى.

شۇ كۈنى مەرھۇم تېيىپجىنىڭكام خىجالەت بولغان ھالدا: «بىز يالغاننىمۇ كۆپ يازدۇق. مەنمۇ بەزى يازغانلىرىمنى ئويلىسام بەك ئەپسۇسلىنىمەن. يولداش خۇچياۋمۇ: ‹راستچىل يازغۇچى بولايلى، يالغانچى يازغۇچى بولمايلى، يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىمۇ، ئەسىرىمۇ ياخشى بولۇشى كېرەك! ...› دېدى. شۇڭا بىز راستنى يازىدىغان پەزىلەتلىك يازغۇچى بولۇشىمىز، بولۇپمۇ ياش يازغۇچىلار بۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەك» دېگەنىدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋاپات بولغاندا ئاتاقلىق يازغۇچى، شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت مىنىستىرى ۋاڭ مېڭ ئەپەندى «تېيىپجانغا يىغلايمەن» دېگەن ماقالىسىدە: «تېيىپجان ئىككىمىز ئۇ يازغان، مەن تەرجىمە قىلغان ھېلىقى شوئار شېئىرلارغا پۇشايمان قىلدۇق»㉜ دېگەنىدى.

يۇقىرىقى سۆزلەر دانىشمەن قېرى ـ زۇنۇن قادىرىينىڭ تېيىپجان ئېلىيېۋ ئاشۇ يىللاردا ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ:

ـ زۇنۇنكا، مېنىڭ كەلگۈسىم قانداق بولار؟! ـ دېگەن سوئالىغا:

ـ سېنى ھازىرقى ئاكتوئال تېمىلىرىڭ ئۆلتۈردى!.. ـ دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

يالغانچىلىق شېئرىيەتنى كرىزىسكە ئۇچرىتىپ، كىشىلەرنىڭ روھىنى يالىڭاچلىۋەتتى. كۆپ شائىرنىڭ ئەل قەلبىدىكى ئورنى ئۆچۈرۈۋەتتى. بۇ ھەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. مۇبادا، «شائىر» نىڭ دادىسى سەكراتتا ياتسا، ئۇ ياتىقىغا كىرىۋېلىپ، بىر بولۇڭدا شامنى ياندۇرۇۋېلىپ «بۈگۈن شادلىقتىن يايرىدى كۆڭلۈم ...» دەپ شېئىر يېزىپ، جامائەتكە ئوقۇپ بەرسە، جامائەت نېمە دەر!... مۇنداق يالغانچى «شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆز ۋادىلىرىدا تىنەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇلار قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلدۇق دەپ سۆزلەيدۇ»㉝ .

بەزى خۇشامەتچى، مەنپەئەتپەرەس «شائىر»لار شۇ دەۋرلەردە يالغانچىلىق ۋە خۇشامەتچىلىك تارىخىدا ئەلمىساقتىن بۇيان كۆرۈلمىگەن داستان ياراتتى. ئۇلار يالغانچىلىق، خۇشامەتچىلىكتە شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھەتتا «قۇرئان كەرىم»دىكى ئاللانى مەدھىيىلىگەن: «ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىياھ) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىزنىڭ (سىياھسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، ئاللانىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ»㉞ دېگەن ئايەتنى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوشىقى» دەپ كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئاللا بۇ يالغانچىلارنى ئۇردى، ئۇلارنىڭ ئەمدى خەلقتىن، مىللەتتىن ئاغرىنىدىغان ھېچ يولى يوق!

راست، شېئرىيەت رومانتىزمنى قوچاقلايدۇ. ئەمما رومانتىزمنىڭ يىلتىزى رېئال تۇرمۇش چوڭقۇرلۇقىدا. ئۇ رېئال تۇرمۇشتىن روھ ئالغاندىلا ئاندىن كىشى كۆڭلىگە سىڭدىغان خۇش پۇراق چاچالايدۇ،

ئەلۋەتتە.

شۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىز لازىمكى، نېمە ئۈچۈن بەزى تەكەببۇر، مەسخىرىۋاز يازغۇچىلىرىمىز بىر غولنىڭ شېخى ـ قېرىنداشى بولغان شائىرلارنى ھېكايىلىرىغا خۇددى ئا. پ. چېخوفنىڭ «خامېلېئون»دەك يىرگىنچلىك سەلبىي پېرسوناژ قىلىپ يازىدۇ؟! نېمە ئۈچۈن بەزى شائىرلار خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، سورۇنلاردا تەنە ـ مازاق ۋە مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟... مانا مۇشۇلارنىڭ تۈپكى سەۋەبى يالغانچىلىقتا. شۇڭا ئاشۇ يىللاردا يېزىلغان تۈتام ـ تۈتام شېئىرلارنىڭ ھازىر قىممىتى قېنى!؟...

ھەر بىر قەلەمكەشكە نىسبەتەن ئۇستازىمىز زۇنۇن قادىرىينىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ گۆھەردەك ئېسىل يېزىقچىلىق ئېتىقادى نۇرلۇق ئەينەك ئەمەسمۇ!...

زۇنۇن قادىرىي ئاز لېكىن ساز يازاتتى. ئۇ يازمىغانلا دېسە تومـ تومـ ئەسەر يېزىۋېتەلەيتتى. ئەمما ئۇ ھەقىقىي ئەدەبىياتقا جان بەرگەن يازغۇچى ئىدى. كۆپ ھالدا ئۇ پۈتۈن ھېكايە سيۇژېتىنى ھەتتا دىئالوگ، پېرسوناژلار ئوبرازى، ئادەم ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرىگىچە كاللىسىدا پىشۇرۇۋالاتتى ۋە بىر ئولتۇرۇش بىلەن پارچە ـ پارچە قەغەزلەرگە يېزىپ ھېكايىنىڭ ئاساسىنى پۈتتۈرۈۋالاتتى. مۇھەممەت پولاتنىڭ: «سەرگۈزەشتە خاراكتېرلىك رومان ‹غەزەپ› نىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل لايىھەسىنى پۈتتۈرگەنىدى»㉟ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى شۇ ئىدى. ئۇ يازغۇچىنىڭ كاللىسىدا پىشىپ بولغانىدى، ھەتتا ئۇنىڭ كىرىش قىسمىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ نامى تولىمۇ كېچىكىپ ئەسلىگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ياشىنىپ ـ ئاجىزلاشقان كاللىسى رومانىنىڭ ئەسلىنى قايتا نامايان قىلالمىدى.

بىز بۇ يەردە يۇقىرىقى گېپىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر ئەسلىمە بېرىمىز:

**تەنەپپۇسلۇق ھېكايە:** غۇلجا شەھىرىدە مۇھەممەت لاتىپ دېگەن بىر كىشى ياشىغان. ئۇ ئەينى يىللاردىكى «ئۇيغۇر ئويۇشمىسى» ۋە «سانائىي نەفىسە»لەردە زۇنۇن قادىرىي بىلەن بىللە ئىشلىگەنىدى. ئۇلار تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، يېقىن ئۆتۈشەتتى.

«بىر كۈنى، ـ دەپ ھېكايە قىلىدۇ مۇھەممەت لاتىپ، ـ زۇنۇن قادىرىي بىلەن ‹ستالىن› كوچىسىدا كېتىۋاتاتتۇق. ئەكسىنىر (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرغان ئۇن زاۋۇتى ۋە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، ھازىرقى 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدا) نىڭ يېنىغا كەلگەندە، نېمە بولدى، بىلەلمەي قالدىم، زۇنۇن قادىرىي شىپىلداپ مېڭىپ ئالدىمدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپلا كەتتى (زۇنۇن قادىرىي ئۇسسۇلنى بەك چىرايلىق ئوينايتتى). مەن ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدىم. ئۇ كوچىدىكى قاراۋاتقان كىشىلەرگىمۇ پەرۋا قىلماي، خۇددى بىلمەي شۇنداق ئويناپ كەتتىكى، مەن كۈلۈپ: ‹ئوينا، زۇنۇن ئاداش، ئوينا!...› دېگۈم كەلدى، بىراق كوچىدىكىلەردىن ئىزا تارتتىم. ئاخىرى ۋارقىراپ چاقچاق قىلدىم:

ـ ھوي زۇنۇن، نېمە بولۇۋاتىسەن، توڭلىرىڭ (بۇ يەردە مۇھەممەت لاتىپ مەرھۇمنىڭ لەقىمىنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن) ئېرىپ كەتتىمۇ نېمە ئىسسىقتا؟

www.uyghurkitap.com

زۇنۇن قادىرىي ئاۋازىمنى ئاڭلاپ توختاپ، بىردەم گاڭگىراپ قالدى ـ دە، دەررۇ ئۆزىنى تۈزەپ، ئەسلىگە كەلدى. يېنىغا باردىم. قارىسام، ئۇنىڭ كۆزلىرى خىيال ئارىلاش ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى ... ئېھتىمال، ئۇ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭغىنى بىلەن، ئەس ـ خىيالى ئۆزى يېزىۋاتقان ئەسەردە چېغى ...» *

ئەدەبىياتنىڭ گۈلتاجىسى ئاتالغان دراما يازغۇچىنىڭ يازغۇچىسىنى تاللايدىغان ئەڭ قىيىن ساھە. ئۇ ئىككى سائەتتە ئوينىلىپ بولىدىغان سەھنە تىياترىغا پۈتكۈل بىر رومانىنىڭ كۆلىمىنى سىغدۇرۇپ، تاماشىبىنلارغا كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، پروزا، شېئىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە گۈزەل سەنئەت بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت تۈرى. شۇڭا ئۇنىڭ ۋەقەلىكى دولقۇنلۇق ۋە ئىخچام، تىلى ئاممىباب، دىئالوگلىرى قىسقا، سەھنە ئوبرازلىرىدا دەۋر، زامان، ئېتنىك خۇسۇسىيەتلەر، ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئېنىق ئەكس ئېتىشى ۋە ئاخىرقى كۆرۈنۈشى كىشىنى لەرزىگە سالىدىغان، ھاياجانلىق بولۇشى لازىم.

مانا مۇشۇنداق پۈتۈن بىر دەۋر كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋەقەلىكنى بىر سەھنە ئەسىردە ئىپادىلەپ بېرىش يازغۇچىلارغا نىسبەتەن تولىمۇ مۇشكۈل، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئالقىش ـ مەدھىيىچىلىرىمۇ، باھالىغۇچى ـ تەنقىدچىلىرىمۇ، سىناپ كۆزەتكۈچىلىرىمۇ، ساۋاتلىق ـ ساۋاتسىزلارمۇ، ھەتتا ئاپتورنىڭ دوست ـ دۈشمەنلىرىمۇ بىۋاستە كۆرىدىغان، ئاڭلايدىغان بولغاچقا، دۇنيادا ناھايىتى ئاز ساندىكى يازغۇچىلا بۇ «مۇستەھكەم سېپىل»غا ھۇجۇم قىلىپ، رېئال تۇرمۇشنى يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىگەن. شۇڭا دۇنيا دراما تارىخىدا پەقەت شېكسپىر، ئىبسىن، موللىېر، شىللېر، بىرناردشاۋ، تاگور، چېخوف ... قاتارلىقلارلا ھەيكەل تىكلىيەلىگەن.

زۇنۇن قادىرىي مانا مۇشۇنداق قىيىن ساھەنى قەلىمى ئۈستىگە قوندۇرغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان تۇنجى تالانتلىق دراماتورگ ئىدى. ئۇنىڭ دراما ساھەسىدىكى ئەمگىكى ۋە ئەقىل ـ پاراستى پروزىسىدىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ ئۆز خەلقى ئىچىدە ئاشۇ داڭلىق درامىلىرى بىلەن تونۇلغانىدى. ئۇنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن تۇنجى درامىسى «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراما ئىجادىيىتىدە يېڭى يول ئاچقانىدى. كېيىنرەك يازغان «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» درامىلىرىدا جىددىي دراماتىك توقۇنۇش، كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقى، مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك ـ مىللىي پىسخىكا يارقىن ئىپادىلىنىپ، «مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى ... نۇرۇم، غۇنچەم، گۈلنىسالارنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرى تېخىچە توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدىن قالماي ئېيتىلىۋاتىدۇ» [36] .

زۇنۇن قادىرىينىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىنىڭ درامىدىن باشلىنىشى 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئىلى دراما سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ سەھنە ھاياتىدىكى تەسىرىدىن ئايرىلمايدۇ. كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلى سەنئىتىنىڭ قۇچىقىدا ئۆسكەن زۇنۇن قادىرىي سەھنە ھاياتىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى ۋە سۆيەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

«... مەن تىياترغا شۇنچە ھېرىسمەن بولغانلىقىم ئۈچۈن 1941 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلى تىياترىدا ئاۋۋال ئارتىس، كېيىن رېژىسسور، دېكوراتور ۋە سۇنتچىك بولۇپ ئىشلەپ، ئىلى تىياترىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشقانىدىم» [37] .

ھەر قانداق ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭمۇ بىر ئۇستازى بولىدۇ. زۇنۇن قادىرىيمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ ئۆز پروزىلىرىنى م. گوركىي، سەدرىددىن ئەينى ۋە چېخوفلاردىن، مەسەللىرىنى كرىلوفتىن رەگلەندۇرگەن. لېكىن مەن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئويلاپمۇ، ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتىنى كىمدىن، قانداق رەگلەندۇرگەنلىكىنى بىلەلمىدىم. چۈنكى ئۇ چاغلاردا مەيلى ئۆزىمىزدە بولسۇن، مەيلى سىرتتىن بولسۇن، ھەقىقىي رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۆگىنىپ ئۈزلەشتۈرگىدەك دراملار يوق ئىدى. لېكىن شۇ نەرسىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇزاق مۇددەت سەھنە ھاياتىغا ئارىلىشىش تەبىئىي ھالدا زۇنۇن قادىرىي دراما ئىجادىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بىز بۇنى يازغۇچىنىڭ مۇنۇ ئەسلىمىسىدىن بىلەلەيمىز:

«شۇ چاغلار (1935 ـ يىللىرى) دا ماكسىم گوركىينىڭ تاتارچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئارخىپ بوۋا ۋە لىيونكا» دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇپ، شۇنىڭ تەسىرى بىلەن كەمبەغەل بىر بوۋاينىڭ كىچىك قىزى قەلەندەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ كېسەل بوۋىسىنى باقىدىغان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ‹جاھالەتنىڭ جاپاسى› ناملىق ئۈچ پەردىلىك بىر دراما يېزىپ چىقتىم» [38] .

زۇنۇن قادىرىينىڭ ئۇزاق يىللىق سەھنە ھاياتى ئۇنىڭغا مول تەجرىبە ۋە قەلەم قۇۋۋىتى ئاتا قىلدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان كۈچلۈك قەلىمى بىلەن تۇرمۇشىمىزدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى دراماتىك توقۇنۇش ئۈستىگە قۇرۇپ، ھاياتنىڭ يۈز بېرىۋاتقان چىن ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، كىشىلەرگە كىشىلىك تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئەسلىي روشەن روجەكلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. يەنى شۇ دەۋر روھىنى رېئالىزملىق ئۇسۇل بىلەن گۈزەللىككە، سەنئەت مەقامىغا كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر دراما تارىخىدا كلاسسىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن يۈكسەك سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى.

رۇس يازغۇچىسى ۋە دراماتورگى ئا. پ. چېخوفمۇ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، قىسقا دراملىرىنى يېزىپ، «رۇس ۋە دۇنياۋى دراماتورگىيىدە يېڭى سەھىپە ئاچقانىدى» [39] . ئەمما چېخوفتىن ئىلگىرىمۇ رۇسىيىدە رېئالىزملىق دراملار بار ئىدى. چېخوف رۇسلارغا ھەقىقىي، بەدىئىي دراما ئەكىرگىنى يوق، ئۇ پەقەت يېڭىلىدى، خالاس! ...

ئۇيغۇر دراما ئىجادىيىتىنىڭ گېپى بولغاندا بىز پەخىرلىنىپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى: «پەقەت زۇنۇن قادىرىيلا ئەدەبىياتىمىزغا ھەقىقىي، بەدىئىي درامىنى ئەكىردى» [40] .

### 3. ئارخىپ

## تۇرمۇشتىكى چېخوف ۋە زۇنۇن قادىرىي

دادام يالغان گەپ قىلمايدىغان، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى. ئۇ پەقەتلا مەنىسىگە باماشايتتى. تولىمۇ ئىقتىسادچىل،

* مەرھۇم مۇھەممەت لاتىن شائىر، ژۇرنالىست ئابلىز ھوشۇرنىڭ ئۆگەي دادىسى بولۇپ، بۇ ئەسلىمىنى ئابلىز ھوشۇرغا سۆزلەپ بەرگەن.

بالىلىرىغا كۆيۈمچان، ناھايىتى كەمتەر ئىدى ...

—ئۇمىد زۇنۇن

يېقىندا «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 4 ـ سانىدا جاھان مەدەنىيەت سەمەرىلىرىدىن ئا.پ.چېخوفنىڭ ۋاپاتىغا 100 يىل تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى خاتىرىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەسرەتلىك چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ قالدىم. «ئەجىبا، تا مۇشۇ كەمگىچە بىزدىن ئاشۇنداق بىرەر دۇنياۋى ئەدىب چىقمىدى ـ ھە» دېگەن مۇجمەل سوئال ئىختىيارسىز ماڭا زۇنۇن قادىرىينى ئەسلەتتى. ئۇنى كۆڭلۈمدە چېخوفقا سېلىشتۇرۇپ باقتىم. ئېھتىمال، بەزىلەر: «دۇنيا ھېكايىچىلىقىنىڭ پېشۋاسى» ـ دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىب چېخوفقا زۇنۇن قادىرىينى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ دېيىشەر...

شۇنداق، بەزىدە شاگىرتى ئۇستازىغا تەڭلىشىپ قالىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ. پلاتوننىڭ شاگىرتى ئارىستوتېل شېئىرىيەت ھەققىدىكى مۇنازىرىدە پلاتوننى يېڭىپ قويغانىدىغۇ ... بۇ يەردىكى تۈگۈن ـ زامان، ماكاندا!...

سىلەر شۇ نەرسىنى چوڭقۇرراق ئويلىنىپ بېقىشىڭلار كېرەككى، مۇبادا مەشھۇر بىرەر ئەدەبىي تەنقىدچى بىرەر ئەدىبنى بىر نەچچە قېتىم كۆككە كۆتۈرۈپ، سىرلىقلاشتۇرۇپ قويسا، بۇ تەلەيلىك ئەدىبنىڭ نوپۇزى ئۆسۈپ، مېڭىش ـ تۇرۇشىمۇ، گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ئاللاھىدىلىشىپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ، سىرلىق ـ تالانتلىق زاتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاندىن بۇ قەلەمدار قۇمۇش قەلىمىنى دۇغ سۇغا چىلاپ يازسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر بىر قۇرلىرى ئالتۇن يىپتەك نۇرلۇق كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭ گۇپپاڭچىلىرى كۆپىيىپ، بۇ ئالتۇن يىپتىن تون تىكىدۇ ... شۇڭا ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرگەن بەزىلەرنىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسى ـ نوپۇز تىكلەش. ئاندىن ئۇنىڭ پاراۋوزى توختىماي يۈشۈلداپ، ھەر قانداق تەھرىرلىك ئۆتكەللىرىدىن بىمالال ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. شۇڭا بەزى داڭلىق شائىرلارنىڭمۇ ئۆتكەندە ۋە ھازىرمۇ ئادەمنىڭ غىدىقى كەلگىدەك شېئىرلارنىڭ يېزىپ قالىدىغىنى شۇنىڭدىن ئەمەسمۇ!...

شۇ تاپتا كىمدۇ بىرسىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن كۈلكىلىك بىر ھېكايىسى قەلەمگە قونۇۋالدى.

**تەنەپپۇسلۇق پاراڭ:** ئىلىدا ھېكىمبەگ خوجا ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە بىر باي كاتتا زىياپەت تەييارلاپ، يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپتۇ. ھېكىمبەگ خوجا كەلگەندە ئۇ باي ئالدىغا بېرىپ: «تەقسىر، ئۆزلىرىگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى ...» دەپتۇ. ھېكىمبەگ خوجا: «خوش، نېمە گەپ؟» دېسە، ھېلىقى باي: «تەقسىر، جامائەت ئالدىدا مېنى يانلىرىغا چاقىرىۋېلىپ، قۇلىقىمغا پىچىرلاپ قويسىلا، تىللىسىلىمۇ مەيلى ئىدى!...» دەپتۇ. دېگەندەك ھېكىمبەگ خوجا جامائەت يىغىلغاندا باينى يېنىغا چاقىرىۋېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلاپ: «ھەزىلەك!...» دەپ تىللاپتۇ. ئۇ كىشى بولسا كۈلۈمسىرەپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشھال قىياپەتتە كىرىۋاپتۇ. بۇنىڭ مەنىسى: «قاراڭلار، پالانچى باي ھېكىمبەگ خوجىغا يېقىن ئادەمكەن» دەپ نوپۇز تىكلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھازىرقى كۈندە بولسا ئۇ سۈرەتكە ئۆرگەردى.

شۇڭا بىز قەدىمدىن بۇيان «ياندىكى موللام بار موللام، يىراقتىكى موللام داموللام» دېگەن ئەقىدە شېخىغا ئېسىلىپ كەلدۇق. مىللىتىمىزنىڭ پاجىئەلىك ئۆتمۈش تارىخىمۇ مانا مۇشۇ پىرقىرما قايدامىدىن پىرقىراپ چىقالماي كەلدى.

ھازىر بىزدىمۇ بىرەر نوپۇزلۇق ئەرباب خۇددى ئەختەم ئۆمەر «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» دېگەن كىتابىدا دېگەندەك: ھە، پالانچىمۇ، ھە، ئۇ مۇنداق، پالانچىمۇ، ھە ئۇ ئۇنداق ... دەپلا قويسا ياكى بىرەرسى ئۇ ئەربابنىڭ قۇلىقىغا: «سىزنى ئۇنداق دېدى، مۇنداق دېدى ...» دەپلا قويسا، ئۇنى تەكشۈرۈپ، راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلىمايلا ئۇنى ئەل ئىچىدە سېسىتىشقا، بارغانلا يېرىدە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈشكە، ھەتتا كىشى بار ـ يوق دېمەي ھاقارەتلەشكە ئۆرۈنىدۇ. نەتىجىدە ئىناق ـ ئىتتىپاقلىققا دەخلى يېتىپ، قاراپ تۇرۇپ بىر ئوبدان قەلەمكەش نابۇت بولىدۇ ...

بەزى نوپۇزلۇق ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزمۇ χ χنىڭ ئەسىرىنىڭ ھەققەتەن ناھايىتى چىققانلىقىنى، ھەتتا بەزى داڭلىقلاردىنمۇ ياخشى يازغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇ بىچارە قەلەمكەشنىڭ ئاشۇ كاساپەت نوپۇزى بولمىغاچقا، ئۇنى ئەلگە ماختاشتىن قاچىدۇ. ئەمما سورۇنلاردا: «قالتىس ياخشى يېزىپتۇ ـ جۇمۇ!...» دەپ ماختايدۇ.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىزگە باشقا دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقاتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئىچىمىزدىكى ئالاھىدە قەلەم ئىگىلىرىگە دىققەت نەزىرىمىزنى بۆلمەي، ئۇلارنى كۆتۈرمەي، سىرتنىڭ «ئۇلۇغ» لىرىغا مەست بوپكەتتۇق. مەرھۇم يازغۇچى خەمىت ھۆسەينوف بىر قېتىم: «ماڭا رۇس تىلى ئۆز ئانا تىلىمغا ئوخشاش. مەن پۇشكىننىڭ شېئىرىنىمۇ، تېيىپجاننىڭ شېئىرىنىمۇ ئوخشاشلا ئوقۇيمەن. بەزىدە تېيىپجاننىڭ شېئىرلىرى پۇشكىننىڭ شېئىرلىرىدەكلا سىزىلىدۇ ...» دېگەنىدى.

كىچىكىمىزدە رۇسلارنىڭ دۇنياۋى يازغۇچىسى بولۇپ تونۇلغان ئالېكسېي تولستوينىڭ «سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا» دېگەن ئۈچ توملۇق ـ تىرىلوگىيىسىنى ئوقۇغاندا ئەقلىمىز مەست بولۇپ: «پاھ، ئۈچ كىتابنى بىراقلا يېزىپتا، نېمىدېگەن ئۇلۇغ يازغۇچى ـ بۇ!...» دەپ خىيالىمىز ئۇلجا كەتكەن لەگلەكتەك پىرقىراپ يۈرگەنىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە: ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا بەلكىم «سوسما» رومانىنىڭ ئاپتورى نۇرنىكوف پىربىبوي بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بىر قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسىدە: «مەن بىر ئولتۇرۇش بىلەن يېزىپ چىقىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئوقۇپ، ھەيران قالغانلىقىمدىن ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە گاراڭ بولۇپ يۈرگەنىدىم. بۈگۈنكى كۈندە سورۇنلىرىمىزدا بىللە ئولتۇرغان كومپيۇتېردەك يازىدىغان تالانتلىق يازغۇچىمىز جالالىددىن بەھرام ئالتە توم رومانىنى تاتازىسى بىلەن تىزىپ قويسا: «ھەي، ھېلىقى ئالتە كىتابنى بىرلا يازغان يازغۇچى مۇشۇما!...» دەپ تېخى ئۇنى تۈزۈكرەك تونۇمايمىز.

ئەختەم ئۆمەر توغرا ئېيتىدۇ: «... شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ياۋروپالىق ئالىم بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈتىيا بىلگەن، ئۆزىنى پەرىشتە ھېسابلىغان بولارئىدۇق» . (41)

شۇنداق، چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار ھەققىدىكى ماختاشنى كۆپ ئاڭلىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئادەتتىكى ئەسىرى بولسىمۇ، بىزگە ئاجايىپ ئېسىل بىلىنىدۇ. ئەمما مەن بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنياۋى ئابرۇيىنى چۈشۈرمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت ئۆزىمىزگە توغرا مۇئامىلە قىلايلى، «ئەرنى ماختىساڭ قۇرۇق قول شىرنى ئالىدۇ» [42]، ئۆز قەدرىمىزنى بىلەيلى!... دېمەكچىمەن. نېتزىي: «ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆز قىممىتىگە توغرا باھا بېرەلمەيدىكەن، ئۇ مەۋجۇد بولۇشتىن قالىدۇ»[43] دېگەنىكەن. گەرچە نېتزىينىڭ بۇ گېپىدە ئاخىرقى ھۆكۈمى تازا توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئۆز قىممىتىگە توغرا باھا بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشى كىشى قەلبىنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

غايىۋى جۈرئەت نىدا قىلىدۇكى، «يىقىلساڭمۇ ناردىن يىقىل» دېگەندەك، بۈگۈنكى ئەنجۇمەنىمىزدە پېقىر تۇرمۇشتىكى ۋە قەلەمدىكى زۇنۇن قادىرىينى تەرەققىي قىلغان روسىيەدە ياشىغان دۇنياۋى شۆھرەتلىك چېخوف بىلەن پاراللېل سېلىشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر تارازىسىغا سېلىپ باقماقچىمەن.

م.گوركىي تۇرمۇشتىكى ۋە قەلەمدىكى چېخوفنى شۇ قەدەر يۇقىرى باھالايدۇكى، ئۇنى «ئەۋلىيا»ئىدى دېيىشكە ئازلا قالىدۇ. قاراڭ، «كۆلگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ ياخشى بوپكېتەتتى. قانداقتۇ ئاجايىپ خۇشخۇي، ئاجايىپ مۇلايىم ئىدى. ئۇنىڭ ھەمىشەم دېگۈدەك ئاۋازسىز كۈلكىسى قانداقتۇ ئاجايىپلا ياخشى ئىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭدەك ‹روھى› كۈلۈشنى بىلىدىغان باشقا بىرەر كىشى بارمىكىن» [44]. ئۇ قەلەمدىكى چېخوفنى: «ستىلىستىك سۈپىتىدە چېخوفقا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ ۋە كەلگۈسىدە ئەدەبىيات تارىخچىسى رۇس تىلىنىڭ ئۆسۈشى توغرىلىق سۆزلىگىنىدە، شۇ تىلنى پۇشكىن، تۇرگېنېف ۋە چېخوف ياراتتى، دەيدىغان بولىدۇ»[45] دېگەنىدى.

چېخوف 1860 ـ يىلى ئازوۋ دېڭىزىغا يېقىن روستوف ئوبلاستىنىڭ مەركىزى تاگانروگ شەھرىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

زۇنۇن قادىرىي بولسا 1912 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ 3 ـ ئوغلى ئۇگداي (1186 ـ 1241) ھاكىمىيىتىنىڭ قەدىمكى پايتەختى بولغان ئېمىل (دۆربىلجىن) ناھىيىسىدە ئۇششاق تىجارەتچى (شەھەر كەمبەغەلى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

چېخوف تاگانروگ شەھرىدە 19 يېشىدا گىمنازىيىنى پۈتكۈزۈپ، موسكۋاغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە 1879 ـ يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. زۇنۇن قادىرىي بولسا 1916 ـ يىلى غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە 13 يېشىغىچە يېڭىچە ئېچىلغان مەكتەپتە ئوقۇغان. چېخوف ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، زۇنۇن قادىرىي ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ كىشىلەر ئىشىكىدە ئىشلەپ يۈرگەن. ئىككى يىل ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇپ، 28 ياشلىرىغا كەلگەندە ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا بىرەر يىل چالا ـ پۇلا ئوقۇپ، 29 ياش چاغلىرى ئەتراپىدا ئاندىن جەمئىيەتكە چىقىپ، ئېلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن.

چېخوف بۇ يېشىدا يېزىقچىلىق جەھەتتە زور شۆھرەتكە كۆمۈلۈپ، 1888 ـ يىلى ئۆكتەبىردە چارروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن ئەڭ ئالىي مۇكاپات «پۇشكىن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا نائىل بولغان. قىزىق يېرى شۇكى: «چارروسىيە پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقلىرىنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالغان ... جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرىنى خۇددى دوختۇرنىڭ ئوپېراتسىيە پىچىقىدەك كولاپ چىقارغان»[46] بۇ يازغۇچىنى يەنە ئاشۇ چارروسىيە ھۆكۈمىتى: «سەن پېچاق تۇتۇشقا ئۇستىكەنسەن!» دەپ ئالىي مۇكاپات بىلەن تارتۇقلىغان. مانا بۇنىڭدىن ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە، تالانتلىقلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

زۇنۇن قادىرىي ياشىغان ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى دەۋردە نەدىمۇ چېخوف ئوقۇغاندەك ئالىي مەكتەپ بولسۇن. ئۇنىڭ ئەتراپى ئېڭراۋاتقان، نالە ـ زار قىلىۋاتقان، ماغدۇرىدىن كەتكەن «باقى»لار، نادانلىق، قاشاقلىق، ئەشەددىي خۇراپىي دىنىي مۇتەئەسسىپلەر بىلەن تولغانىدى. گەرچە بۇ چاغدا يېڭى مائارىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئەمدىلەتىن شەكىللىنىۋاتقان بولسىمۇ، تېخى ئومۇملىشىپ كەتمىگەنىدى. مانا مۇشۇنداق دەۋر، ناچار ماكان ـ زامان، قالاق مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىدا ياشاۋاتقان زۇنۇن قادىرىي چېخوف «پۇشكىن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن يېشىدا ئاجايىپ زور ئىدراك، پەۋقۇلئاددە تالانتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆلمەس مەشھۇر ئەسىرى «غۇنچەم»نى يېزىپ، رېئالىزملىق يېڭى ئۇيغۇر دراممىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئەدەبىياتتىكى بۈيۈك ھەيكىلىنى تىكلىدى. «غۇنچەم» ۋە «گۈلنىسا» دراممىلىرىنىڭ خەلق قەلبىدىكى زور ھۆرمەت ـ ئالقىشى ـ زۇنۇن قادىرىيغا بېرىلگەن «پۇشكىن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ئىدى ...

بۇ ئىككى گىگانت يازغۇچى ئوخشاشلا ئۆز خەلقىنىڭ كەلگۈسىدىن غەم يەيدىغان، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆيۈمچان زاتلار ئىدى

«بىر كۈنى چېخوف مېنى كوچ ـ كويدىكى يېزىسىغا مېھمانغا چاقىردى، ـ دەپ ھېكايە قىلىدۇ گوركىي، ـ ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىر پارچە يېرى ھەم ئىككى قەۋەتلىك ئاپئاق ئۆيى بار ئىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ‹ئەمىنىيە›سىنى كۆرسىتىپ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

ـ ئەگەر پۇلۇم جىق بولسا، مانا مۇشۇ جايدا يېزىلاردىكى ئاغرىق ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ساناتورىيە قۇرغۇزغان بولاتتىم. شۇنداق، بىر ئادەمنىڭ جۇل ـ جۇل كىيىمدە يۈرۈشى، زەي، ھۆتمە ـ تۆشۈك مەكتەپلەردە سوغۇقتىن دىرىلدەپ تىترىشى، ئىس تېگىپ، شامالداپ يۈرۈشى، ئوتتۇزغا كىرمەي تۇرۇپ لەرىنگىت، رېماتىزم، سىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىغا يول قويۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەسقۇ ... بۇ بىز ئۈچۈن بىر نومۇسقۇ!...» [47]

زۇنۇن قادىرىينىڭمۇ خۇدىيارىيۈزى يېزىسىدا بىر پارچە يېرى بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ چېخوفنىڭكىدەك «ئىككى قەۋەتلىك ئاپئاق ئۆيى»، كۆلى يوق ئىدى. ئۇمۇ خۇددى چېخوفتەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەردىنى چۈشىنەتتى ۋە ئۇلارغا كۆيۈنەتتى.

«ئاقسۇنىڭ قىزىل يېزىسىدىن شەرققە قاراپ بىر كۈن ماڭسا تەكلىماكان چۆلىگە كىرىپ كېتىدۇ، ـ دەپ ھېكايە قىلىدۇ ئەينى يىللىرى قىزىل يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلىگەن غۇلجىلىق پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى مۇھەممەت ئابدۇللا، ـ بۇ جايدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش

شارائىتى بەك ناچار، ئوقۇتقۇچىلار يىلدا بىر قېتىم شەھەرگە كىرسە ئالدىن يۈيۈنالايدۇ. قىشتا ھۆل ئوتۇن قالايدۇ، بالىلارنىڭ سىنىپ ۋە ياتاقلىرى سوغۇق. قاغا جىگدىسى سالغان ئۇماچنى ئىچىپ بولغىچە ئېڭەكلەر تېلىپ كېتىدۇ. ئاچارچىلىق، ئازاب ...گەدەنىگىچە قەرزدار دېھقانلار بالىلىرىنى ئەمگەككە سېلىش ئۈچۈن مەكتەپلەرگە ئەۋەتمەيدۇ. بۇ خىل ناچار شارائىتتىن جاق تويغان ياسىن ئىككىمىز غولجىغا كېتىش ئۈچۈن دەردىمىزنى تۆككىلى زۇنۇن قادىرىينىڭ يېنىغا باردۇق.

ـ ھوي ئاغىنىلەر، سىلەرگە نېمە بولدى؟ ـ دېدى زۇنۇنكام ئاچچىقلانغاندەك تەلەپپۇزدا، ـ زىلەي ھەدەڭلەر ئىككىمىز ئۆيىمىزنى كەچكۈرسى سىنىپ قىلىپ، ساۋاتسىز دېھقانلارنى ساۋاتلىق قىلغان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ دەپ ھەسرەت چېكىۋاتىمىز. بىزنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىمىز قارشى ئېلىنماي ‹زەھەر تارقاتماقچى› دەپ بالاغا قېلىشىمىز تۇرغان گەپ. مانا سىلەرچۇ، بىزنىڭ تىلىكىمىزنى ئورۇنداۋاتىسىلەر. بۇ يەردىكى بىچارە دېھقانلاردا نېمە گۇناھ!... سىلەر ئەۋلادلارغا بىلىم بېرىۋاتىسىلەر. ئوقۇتقۇچى مىللەت روھنى ياراتقۇچىلار، سىلەرنىڭ ئىشىڭلاردىن ئارتۇق نېمە بار؟!...

ياسىن ئىككىمىز زۇنۇنكامنىڭ تەربىيىسى بىلەن مۇشۇ چەت يېزىدا ئون نەچچە يىل ئىشلەپ، مىڭلىغان ئەۋلادنى تەربىيىلىدۇق ...» (48)

«ئۇ (چىخوف) ئاجايىپ پاك، كەمتەر ئادەم ئىدى» دەيدۇ گوركي چىخوف توغرىسىدا.

پاكلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ ئالىيجاناب پەزىلەت. ئىنساننىڭ پۈتكۈل ياخشى خۇلق ـ مىجەزى، ياخشى تەبىئىتى مانا مۇشۇ پاكلىق تۈپرىقىدىن ئۈزۈۋۇلىنىدۇ. شۇڭا ياراتقۇچى «قۇرئان كەرىم»دە: «روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ» (49) دېگەن. ئۇلۇغ دانىشمەن بوۋىمىز نەۋائىيمۇ: «ئادەمنىڭ ياخشىسى تەقۋادار، پاك بولۇر، ئۆزى پاك، كۆزى پاكنى ئىنسان دېسە بولىدۇ» (50) دېگەنىدى.

مەرھۇم زۇنۇن قادىري ئەنە شۇنداق ئۆزىمۇ، كۆزىمۇ پاك، ياخشى تەبىئەتلىك ئىنسان ئىدى. ھەر قانداق ساھىبى قەلەمنىڭ كۆزىگە تىك قاراپ ئېيتالايمەنكى، ھازىرقى دەۋردە ئۇنىڭدەك پاك، سەممىي، ئېسىل پەزىلەتلىك ئەدىبنى ئۇچراتماق تەس! «ئۇنىڭ ئىنسانىي خىسلەتلىرى، قابىلىيىتى ۋە ئادىمىلىكى كىشىلەرنى ھاياجانغا سالغانىنىڭ سىرتىدا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ» (51) . بۇ خىسلەت ئۇنى خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە قىلىپ، خەلقنىڭ ئېسىل ئوغلانىغا ئايلاندۇردى. دانالار ئېيتقاندەك: «ئاچكۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك، يامان غەرەزلىك، سۇيىقەست، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ھىيلە ـ مىكىرنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، ئەدەب ـ يوسۇننى تۇتقان كىشى مەڭگۈ ئىززەت ـ ئابرۇي باغچىسىدىكى گۈلنىڭ غۇنچىسى» (52) .

زۇنۇن قادىرىيمۇ چىخوفقا ئوخشاش ئىنتايىن كەمتەر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئىككى ئابزاس ھېكايە سىزگە كۇپايە قىلار:

«ئۇ (زۇنۇن قادىري) بىر كۈنى ياتقىمىزدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان، ـ دەپ ھېكايە قىلىدۇ ئاقسۇدا زۇنۇن قادىري بىلەن بىللە بولغان مۇھەممەت ئابدۇللا، ـ رۇس يازغۇچىسى تۇرگېنېفنىڭ ‹ئاتىلار ۋە بالىلار› ناملىق ئەسىرىنى قولىغا ئېلىپ: ‹بۇ ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازلارنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇ قانداق ئادەملەرنىڭ تىپىنى ياراتتىكىن!...› دېدى. زۇنۇنكامنىڭ بىلمەيدىغىنى، چۈشەنمەيدىغىنى يوق، دەپ قارايدىغان بىز ياشلارنى بۇ گەپ ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى. چۈشەنمىگەننى چۈشەنمىدىم دېيىش، ئۆزىنى خەلقنىڭ شاگىرتى ھېسابلايدىغان توغرا سۆز، كەمتەر، راستچىل ئادەمنىڭلا خىسلىتى» (53) .

«بىر كۈنى، ـ دەپ ھېكايە قىلىدۇ زۇنۇن قادىرىينىڭ ئوغلى ئۇمىد، ـ مەن دادامغا: ‹دادا، سىزنى قالتىس ماختاپ كېتىۋاتىدۇغۇ› دېۋىدىم، دادام ماڭا: ‹ھېچكىم ئىش قىلمىغاندا ئىش قىلىپ قويدۇق شۇ ...› دەپ جاۋاب بەردى. دادام ھەقىقەتەن كەمتەر، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى...»

«چىخوف رەزىللىكنى دائىم شەپقەتسىز ۋە كەسكىن قاربلايتتى» (54) ، «ئۇ، ھاياتنىڭ يىرگىنچلىك ۋەقەلىرىنى شائىرنىڭ ئالىيجاناپ تىلى، يۇمۇرىستىك مۇلايىم چاقچىقى بىلەن تەسۋىرلەيتتى» (55) دەيدۇ گوركي.

ئەزەلدىن رەزىللىككە ئۆچ زۇنۇن قادىرىيمۇ ھاياتلىقتىكى ناتوغرا ھادىسىلەرنى خۇددى چىخوفتەك «يۇمۇرىستىك تەبەسسۇم»، مەسخىرىلىك كۈچ ئاستىغا ئېلىپ، ھەجۋىي بوياقلىرى بىلەن بوياپ، كىشىلەردە بىزارلىق، ئۆچمەنلىك ۋە ھوشيارلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتاتتى. ئۇنىڭ «كۈچۈككە ھۇجۇم»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «رودۇپاي» ناملىق ھېكايىلىرى ۋە بىرقانچە كىنايىلىك مەسلى سۆزىمىزنىڭ دەلىللىرىدۇر.

ئۇ، رەزىللىككە قەلەمدىلا ئۆچ بولۇپ قالماي، بەلكى تۇرمۇشتىمۇ ئۇنداقلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، يۈز ـ خاتىرە قىلمايتتى.

«بىر قېتىم، ـ دەپ ھېكايە قىلىدۇ ماناپ قادىري، ـ بىزنى قەشقەرنىڭ بىر بېغىغا كاتتا سورۇن راسلاپ چاقىرىپتۇ، باردۇق. سورۇنغا قەشقەرنىڭ كاتتىلىرى، داڭلىق ئارتىسلىرى ھازىر بوپتۇ. سورۇن قىزىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل باشلانغاندا، بىر راۋابچى راۋابنى سازلاپ ناخشا باشلىدى. ئۇ ھەدەپلا ‹ۋاي جالاپ!...› دەپ توۋلىغىلى تۇرۇۋېدى، زۇنۇنكام شۇ زاماتلا:

ـ ھاي، ھاي، توختا، توختا! ...ـ دەپ ۋارقىرىدى، ـ بۇ قانداق ناخشا! نېمە دەۋاتىسەن ئاغىنە! ‹جالاپ› دېگەن قانداق گەپ؟ سېنىڭ ئاناڭ شۇنداقما؟ مېنىڭ ئانام شۇنداقما؟! ... ھەممىمىزنىڭ ئانىسى بار ئادەملەر، نېمە گەپ بۇ!... بۇ قانداق سەنئەت!؟...

زۇنۇنكامنىڭ گېپى بىلەن سورۇن جىمجىت بولدى. كىشىلەر بىر ـ بىرسىگە قاراپ ئاستا كۇسۇرلىشىپ كەتتى. مەن زۇنۇنكامنىڭ قەشقەرگە كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم شۇنچە ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمگە گەپ قىلىۋاتقاندەك چىڭقىلىپ كەتتىم ...»

«ئۆزى چىرايلىق، ئاددىي بولغان چىخوف ھەر قانداق ئاددىي ۋە سەممىيلىكنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئاددىي قىلىدىغان ئۆزىگە خاس يولى بار ئىدى» (56) .

زۇنۇن قادىرىيمۇ چىرايلىق، دۇگلەك ئاق يۈزلۈك، چىخوفتەك

www.uyghurkitap.com

كۆزەينەكلىك ئويچان كۆزلىرىدىكى يېقىملىق كۈلۈمسىرەش ئاستىدا ھاياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇمۇ ئاددىيلىقنى، سەممىيلىكنى، توغرىلىقنى ياخشى كۆرەتتى. ساختىلىق، ياسالمىلىق ۋە سۇنئىيلىككە ئۆچ ئىدى. بىز كۆپ ھالدا ساختىلىق ۋە ياسالمىلىق بىلەن ياشايمىز. تۇرمۇش ۋە كىشىلەرنىڭ رايىنى قوغلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىيلىكىنى يوقىتىمىز. ياسىنىشقا رايىمىز بارمىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ گېپىدىن قورقۇپ ئالىپتە كىيىنۋالىمىز. رېستوران، زىياپەت ... ھەشەمەتلىرىگە رايىمىز بارمىسىمۇ، مەيلىمىز بولمىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئىختىيارسىز بارىمىز ۋە سورۇن راسلاپ ئۆزىمىز چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك ئولتۇرىمىز. گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش، يېمەك ـ ئىچمەك، تاماكا ـ ھاراق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ۋەھاكازا ـ ھاكازالار ... تولىسى يالغان ـ ساختا!

مەن كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بۇ ساختا، گىرىم قىلىپ ياشاش سەنئىتىنى تەتقىق قىلىپ، ناھايىتى بىزار بولغانىدىم ۋە ئىچىم قايناپ «ئۆز ـ ئۆزىنى يوقىتىش» دېگەن شېئىرمۇ يازغانىدىم. ئۇنىڭ ئىككى كۇبلېتى مۇنداق ئىدى:

تۇغۇلغاندا مەن ئۆزۈم ئىدىم،
ئەس كىرگەندە يوقالدىم ئاستا.
ئۇنتۇلدى چىن تىلىم، خىسلىتىم،
يېڭى قۇلاق بوپقالدى پەيدا.
يوقاتمىدىم ئۆزۈمنى دەرگىم،
چۈشەنمەس ئۇ، بىلمەس ھېچقاچان.
ئىنسانىنىڭ چىن، گۈزەل ئەسلىنى
يوقىتىدۇ تۇرمۇش ۋە زامان ....

شۇنداق، كىشىلەر تۇرمۇشتا بېشىغا كەلگەن ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلىسىمۇ، ئەمما ھاياتنىڭ مۇشۇ ساختىلىق چاپىنىدىن قۇتۇلالماي، بىر ئۆمۈر ئىچى ئۆزى، تېشى باشقا بولۇپ، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما زۇنۇن قادىرىيدەك ئىچىمۇ ئۆزى، تېشىمۇ ئۆزى ئادەملەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

«بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا:

ـ زۇنۇنكا، سىز ئۇرۇش دەۋرىدە ئالدىنقى سەپتە مۇخبىر بوپتىكەنسىز، قەھرىمانكەنسىز جۇمۇ، ـ دېدىم.

ـ مېنى دەمسەن، ـ دېدى ئۇ، ـ تازا قورقۇنچاقتىم. جان دېگەن تاتلىق دېگىنە. تاراسلاپ ئوق چۈشكىلى تۇرغاندىلا غاچچىدە ئاكوپقا چۈشۈۋېلىپ، قولۇمغا قەغەز ـ قەلەمنى تۇتۇپ ئولتۇراتتىم. باشقىلار: ‹نېمە قىلىۋاتىسەن؟›دېسە، ‹يېزىۋاتىمەن ...›لا دەيتتىم.

مۇنداق ئۆز ـ ئۆزىنى مازاق قىلىش پەقەت ئۆزىگە ئىشەنچىسى بولغان ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ» [57] .

«بىر كۈنى دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ يولغا چىقتۇق، ـ دەپ ھېكايە قىلىدۇ يەنە مۇھەممەت ئابدۇللا زۇنۇن قادىرىي بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈش روھىي ھالىتىنى ئەسلەپ، ـ خىيالىمىزدا بۇ مەشھۇر ئادەم بىلەن ئۆزىمىزنى قانداق تۇتۇپ كۆرۈشۈش كېرەك دېگەن خىياللار ئەكس ئېتەتتى. خىيال بىلەن زۇنۇنكامنىڭ يول ئۈستىدىكى ئۆيى ئالدىغا (ئاقسۇدىكى) كەپقاپتۇق. بىزنى زىلەيخان ھەدەم (زۇنۇن قادىرىينىڭ ئايالى) باھاردەك ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئالدى ۋە زۇنۇنكام بىلەن كۆرۈشتۈردى. ھايال ئۆتمەي ياسىن ئىككىمىزدىكى ھودۇقۇش ۋە تارتىنىشتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. چۈنكى ئوچۇق چىراي بۇ كىشىنىڭ چىرايىدىن كۆيۈمچانلىقى مانامەنلا دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى يېقىملىق ۋە تۈز بولۇپ، ھەدەپلا بىزنى: ‹قېنى، ئاغىنىلەر ...› دەپ ئارىمىزدىكى قورۇنۇشنى يوققا چىقاردى. بۇ سۆز بىزگە ھەقىقەتەنمۇ يېقىملىق، تونۇش بىلىندى. بىز كونا دوستلاردەك چىقىشىپ كەتتۇق ...» [58]

«خۇشھال ـ خۇراملىقتىن مەھرۇم بولغان شۇ تەشۋىشلەرگە چەخوف ياشلىق دەۋرىنىڭ پۈتكۈل كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلدى. شۇنداق شارائىتتا ئۇنىڭ ئۆز يۇمۇرىنى قانداق ساقلاپ قالغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ»[59] .

گۆدەك چاغلىرىدىن تارتىپلا خۇشھال ـ خۇراملىقتىن مەھرۇم بولغان ـ تىرتاي يېتىم قالغان زۇنۇن قادىرىي ئېچىنىشلىق باللىق ۋە ياشلىق كەچمىشلىرىنى «خاتىرىلەر»دە بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ گۆدەك چاغلىرىدىلا باقى («ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى باش پېرسوناژ)نىڭ قىسمەت ـ تەقدىرىدىن يۈرىكى يىغلاپ: «بۇ ـ بولۇمسىز ئادەم دەيمەن ئىچىمدە، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭغا ئېچىنىمەن. ‹بۇ گاڭگىراپ كەتكەن ئادەم، مەنمۇ چوڭ بولغىچە تۈزۈكرەك يول تاپالمىسام ئەنە شۇنداق تەمتىرەپ قالىمەن ـ دە! ...› دېگەن تەشۋىشلىك خىياللارغا بېرىلىمەن» [60] دەپ ئۆزى باشقىچە ياشاشنىڭ يېڭى يوللىرىنى جان تىكىپ ئىزدىگەنىدى. بۇنى «خاتىرىلەر»دىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئېچىنىشلىق، جاپا ـ مۇشەققەتلىك بالىلىق ـ ياشلىق ھايات، كېيىنكى يىللاردىكى قاتمۇقات ھەرىكەت، بېسىم، تۇراقسىز ـ ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەت، ئۇلۇشۇپ كەلگەن ئېغىر قىسمەتلەر ۋە ئېغىر پالاندىلىق ھاياتىدا «ئۇنىڭ ئۆز يۇمۇرىنى قانداق ساقلاپ قالغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ». ئۇ ھەممە دەردنى چاقچاققا يۆلەپ، يۇمۇرىستىك قىزىق گەپلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

**تەنەپپۇسلۇق كۈلكە:** بۇ ھەقتە زۇنۇن قادىرىينىڭ ئايالى زىلەيخان ھەدەمنىڭ كۈلكىلىك بىر ھېكايىسىنى قىستۇرما قىلساق كۆڭۈلگە قانائەت تاپار:

«ئاقسۇدىكى ۋاقتىمىز ئىدى، ـ دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى زىلەيخان ھەدەم 2004 ـ يىلى 8 ـ ئۆكتەبىر كەچتە كېلىنى ماھىرەنىڭ ئۆيىدە، ـ بىر كۈنى بازارغا بارماقچى بولۇپ جابدۇندۇق. بازار بىز تۇرغان يەردىن بەش ـ ئالتە كىلومېتىر نېرىدا ئىدى. ئارىدا چوڭ بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. ئەر ـ ئايال، قولۇم ـ قوشنىلار جەم بولۇپ ماڭدۇق. ئۆستەڭگە كەلسەك لاتقا توشۇپ كېتىپتۇ. قوشنىلارنىڭ ئەرلىرى ئاياللىرىنى ھاپاش قىلىپ ئۇقاتقا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆتۈۋېلىپ بىزنى: ئۆتۈڭلار! دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى ۋە كۈلۈشتى ... قارىسام، زۇنۇن ئاكىڭىزنىڭ مېنى كۆتۈرگىدەك ھالى يوق. ‹كېلىڭ، مەن سىزنى كۆتۈرەي› دېدىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ ئۈستۈمگە چىقتى. پاچىقىمنى تۈرۈپ ئۆستەڭگە چۈشتۇم. ئۇ قاتتىكىلەر كۈلۈشۈۋاتىدۇ. مانا ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدۇق.

زۇنۇن ئاكىڭىز ئاۋۇلارنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ نېمە دەيدۇ دەڭ: «ھاي ئاغىنىلەر، بىزنىڭ ئېشەك قانداقكەن، ئۆتكەندە 200 سومغا سېتىۋالغانىدىم، بۈگۈن ئەسقاتتى، قاراڭلار!، دېمەمدا، ئۇ قاتتىقكىلەر تېخىمۇ قاتتىق كۈلكىلى تۇردى. ئاچچىقىمدا مانا ئەمسە دەپ ئۇنى ئۆستەڭگە چۈشۈرۈۋەتتىم. قىقاس – چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ...»

گوركىي چېخوفنىڭ ئەمگەك سۆيەر، سەرەمجان، باغ – راۋانغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى تەرىپلەپ: «ئۇ (چېخوف) قورۇشنى، باغ ئەھيا قىلىشنى، يەرنى بېزىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئەمگەكنىڭ گۈزەللىكىنى بىلەتتى. بېغىدا ئۆزى تىككەن مېۋە دەرەخلىرى بىلەن مەنزىرىلىك چاتقاللارنىڭ ئۆسۈشىنى ئاجايىپ مېھىر بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى» [61] دەيدۇ.

زۇنۇن قادىرىمۇ تەبىئەتكە ئامراق، ئەمگەك سۆيەر زات ئىدى. ئۇ غۇلجا «ئالتەشوئار» مەھەللىسىدە ئولتۇرغان مەزگىللىرىدە ئۆيىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ساسلىققا بېرىپ، توغقانلىرىنىڭ كىچىك باللىرى بىلەن ئىتتىپلىق تۇتاتتى ۋە ئۇلار بىلەن تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايتتى. ئۇ: «ئىككى – ئۈچ مو يېرىم بولسا، باغلارنى، كۆللەرنى ياسىسام، چىرايلىق ئۆيلەرنى سالسام، گۈللەرنى تېرىسام ...» دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما تەقدىر ئۇنىڭغا مۇنداق بايلىقنى نېسىپ قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ھويلىسىغا ئىشلەپ، گۈللەرنى، كاۋا ... قاتارلىق ئۆتياشلارنى تېرىيتتى. زۇنۇن قادىرى كاۋا مانتىسىغا بەك ئامراق ئىدى. باشقىلار ھويلىسىغا ئۈزۈم بارىڭى قىلسا، زۇنۇن قادىرى كاۋا بارىڭى قىلاتتى ۋە كاۋىلىرىنى ناھايىتى تۈجۈپلەپ، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرەتتى. ئۇ ئەڭ قەدىرلىك مېھمانلىرىغا ئۆز قولى بىلەن كاۋا مانتىسى ئېتىپ بېرەتتى ...

ئۇ ئاقسۇدا يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ ئۆز ھويلىسىغا كاۋا تېرىغانىدى. بۇ كاۋا ئۇرۇقى ئاقسۇنىڭ بولماستىن، بەلكى غۇلجىنىڭ كاۋا ئۇرۇقى ئىدى. ئۇ: «ئاقسۇلۇقلارنى كاۋىچى دېگەن بىلەن، كاۋىسى غۇلجىنىڭكىدەك تاتلىق بولمايدىكەن» دەپ ئوغلى ئۈمىد ئارقىلىق غۇلجىدىن كاۋا ئۇرۇقى، كۆك تاۋۇز ئۇرۇقلىرىنى ئالدۇرۇپ، ئۇلارنى تېرىپ ئاقسۇدا يەرلەشتۈرگەنىدى. زۇنۇن قادىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقۇغاچقا مېۋىلەرنى سۈنئىي چاتلاشتۇرۇشنى بىلەتتى. شۇڭا كاۋىلىرىنىڭ بىرمۇ چېچىكىنى زايە قىلماي، كاۋىدىن مول ھوسۇل ئالاتتى. ئاقسۇنىڭ يېرى ۋە ھاۋاسى كاۋىغا تازا ياققانلىقتىن، ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى كاۋىلىرى شۇنداق ئوخشاپ كېتەتتىكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى يىپ بىلەن باغلاپ قويمىسا باراڭدا تۇرمايتتى. يەرلىك دېھقانلار زۇنۇن قادىرىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، باراڭدىكى ئوخشاپ كەتكەن كاۋىلارنى كۆرۈپ، بىر – بىرىگە قاراپ: «ما ئىشنى، كاۋىنىمۇ باراڭغا ئالامدۇ؟» دېيىشىپ ھەيران قېلىشقانىدى.

ئۇ ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا كاۋىدىن باشقا تۈرلۈك سەي – كۆكتاتلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىپ، يەرلىك دېھقانلارغا تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاقسۇنىڭ تۇپراق، ھاۋا، سۇ ۋە باشقا ئۆسۈملۈككە ماس تەبىئىي شارائىتلىرىنى تەكشۈرۈپ، باغ ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزى ئىشلەۋاتقان «ياشلار» دېھقانچىلىق مەيدانى رەھبەرلىكىگە دەپ بەش مو يەر ئاجرىتىپ بېرىشنى، بۇ يەردە باغ بەرپا قىلىدىغانلىقىنى ۋە دېھقانلارغا باغ پەرۋىشى، ئۇلاقچىلىق... قاتارلىق باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. رەھبەرلىك بۇ پىكىرنى ئويلىشىپ، زۇنۇن قادىرىغا بەش مو يەر ئاجرىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ ئىلىدىن مەخسۇس ئالما شوڭلىرىنى ئەكەلدۇرۇپ، بۇ يەرنى ناھايىتى چىرايلىق، زامانىۋى باغ قىلىپ يېتىشتۈرگەن ۋە ئوغلى ئۈمىد غۇلجىدىن كەلگەندە ئۇنى ئالاھىدە باشلاپ بېرىپ كۆرسەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا: «شيۇجېڭجۇيىنىڭ ئۇرۇقىنى تەرگەن» دەپ زۇنۇن قادىرىنى تەييار بولغان باغدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، چوشقا بېقىشقا سالغانىدى...

زۇنۇن قادىرىمۇ خۇددى چېخوفتەك ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ قارايتتى: «ھاي بۇرادەر، سىز ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسىز، مەن سىزنى خىلمۇخىل ئەھۋالدا ئۇچراتتىم. قاچانلا سورىسام ‹ھەم ئېيىن گۈزرەت› دەيسىز، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ دەپ سوراپتۇ ئۆتكۈنچى.

– ھەم ئېيىن گۈزرەت دېگىنىم – بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگىنىم... ئەھۋالىمنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى سۆزۈمنىڭ مەنىسى ئەمەسمۇ. سىز ئېيتقاندەك، مەن ئاجايىپ ئادەم ئەمەس، بەلكى بۇ زاماننىڭ ئۆزى ئاجايىپ. بىلەمسىز، مېنىڭ ئېتىم بۇھەم، مەنىسى بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ» دەپتۇ[62] .

پىرىزىخان موماي (پىرىزىخان موماي ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر مەرھۇمنىڭ «پىرىزىخان موماي» ناملىق ھېكايىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن) خۇددى سىگان خوتۇنلىرىدەك پال ئېچىپ ئالدىن بېشارەت بەرگەندەك، ئۇنىڭ ھېكايىسىدىكى «بۇھەم» ئىسىملىك ئادەمنىڭ تەقدىرى كېيىنكى كۈنلەردە زۇنۇن قادىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەنىدى. ئۇ، تەقدىرنىڭ بۇ خىل رەھىمسىز قىسمەتلىرىدە «بۇھەم – زۇنۇن ئېيىن گۈزرەت!» دەپ قارىغاچقا، خاھ ئاسمانغا چىقسۇن، خاھ نام – شۆھرەت چوققىسىدىن غۇلاپ، بەدەن – بەدەنلىرى تىتىلسۇن، خاھ «جىنايەتچى»گە ئايلىنىپ، ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان ئىنتايىن قەبىھ تىل – ھاقارەتلەرنى ئىشىتسۇن، خاھ غالجىرلاشقان بىر توپ قېرىنداش – دوستلىرى، شاگىرتلىرى ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئىتتەك تالىسۇن، خاھ ياشىنىپ، سۆڭەك – سۆڭەكلىرى قېتىپ، بىر قېتىم كەتمەن چېپىش خاڭدا سۇ چاپقاندىن ئېغىر تۇيۇلىدىغان ئاشۇ «ھاشا» – زەيكەش، پاتقاق ئۆستەڭدە ئىشلىگەندىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سۇنماس بىر جاسارەتنىڭ ئۇچقۇنى يېنىپ تۇرغانىدى. ئۇ شۇنچە ئېغىر ئەھۋالدىمۇ بىرەر باشلىققا ياكى بىرەر كىشىگە يالۋۇرۇپ ھالىنى ئېيتىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۆزى «روھىي ئوزۇق توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۈمىدۋار ئادەم ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىشتا غەيرەتلىك بولىدۇ. ھەرقانداق شارائىتتا خۇشاللىق كەيپىياتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇ ھاياتنى سۆيىدۇ. يامان شارائىتتىمۇ چىدام بېرەلەيدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ» [63] دەپ يازغانىدى.

دىلى بىلەن تىلى، قەلىمى بىلەن قەلبى بىر بولغان بۇ يازغۇچى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، ئۆز بېشىغا ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ پەسەنت قىلماي، بەلكى: «بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ!» دېيەلىدى ھەمدە

ھايات خۇشاللىقنى ئىزدىدى، يامان شارائىتنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ ئاقسۇ «ياشلار» دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالى، ئەلۋەتتە!...

«چىخوف ئۇمۇمەن ئەدەبىياتقا ناھايىتى چوڭ دىققەت بىلەن قارايتتى. بولۇپمۇ ‹باشلىغۇچى يازغۇچى›لارغا ئاجايىپ غەمخورلۇق قىلاتتى... ئۇلارنىڭ چوڭ ھەجىملىك قوليازمىلىرىنى ئاجايىپ تاقەت بىلەن ئوقۇپ چىقاتتى⑥④ .

زۇنۇن قادىرىمۇ ئەدەبىياتقا ھاياتىنى بېغىشلىغان يازغۇچى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ راۋاجلىنىشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر تۈركۈم ياش كۆچلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ناھايىتى تەقەززا ئىدى. ئۇ مەزگىللەردە مەيلى پوئېزىيىدە بولسۇن، مەيلى پروزىدا بولسۇن تالانتلىق يېڭى كۈچلەر ئاز ئىدى. ئۇ «ئىنتىپاق» مەجمۇئەسىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە تېيىپجان ئېلىيېف، ماناپ قادىرىي، تۇرسۇن قاھھارىي، قۇرمانئەلى ئوسپانوف ... قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش تالانتلىق قەلەم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەندى. 1937 ـ يىلىدىن تارتىپ زۇنۇن قادىرىنى بىلىدىغان ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇرسۇن قاھھارىي بۇ ھەقتە ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «زۇنۇن قادىرىي ئۆز كەسپىنى پۇختا بىلىدىغان، باشقىلارغا يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان مۇھەررىر ئىدى... مەن زۇنۇنكامنىڭ ‹خىيالىي تېۋىپ› دېگەن كومېدىيەمگە بەرگەن ئالتە تۈرلۈك پىكرىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۇ ھەققەتەن ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە پېرسوناژلارنىڭ قانداق بولۇشى، ئەسەردە ھەل قىلىدىغان مەسىلە نېمە؟ قارىمۇقارشىلىقلارنى قانداق كۈچەيتىش كېرەك؟ دېگەنلەر ۋە ئەسەرنى كومېدىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش توغرىسىدا ئىلمىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى...»⑥⑤

زۇنۇن قادىرىي ياش كۈچلەرگە ئەنە شۇنداق كۆيۈمچان ئۇستاز ئىدى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گەرچە زۇنۇن قادىرىنىڭ تۇرمۇشى سۆزلىگىنىمىزدەك باياشات بولمىسىمۇ، ئۇ چېلپەكزىلىك تېيىپجان ئېلىيېفنى ۋە قازاق مالچى دوستىنىڭ ئوغلى قۇرمانئەلى ئوسپانوفنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەش ۋە ئوقۇشىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغانىدى. ھەتتا قۇرمانئەلى ئوسپانوفنى مال بېقىۋاتقان يېرىدىن ئەكېلىپ ئۆزى ئوقۇتقانىدى... ئەگەر زۇنۇن قادىرىي بولمىغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيېف، قازاقلارنىڭ داڭلىق شائىرى قۇرمانئەلى ئوسپانوف، يازغۇچى ۋە دراماتورگ ماناپ قادىرىي، يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست تۇرسۇن قاھھارىي...لار بولمىغان بولاتتى. بىز زۇنۇن قادىرىنىڭ مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېفنى قانداق يېتەكلىگەنلىكى ھەققىدە قىسقا تەنەپپۇسلۇق ھېكايە بېرەيمىز:

**تەنەپپۇسلۇق ھېكايە:** «دادام ماڭا، ـ دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى ماڭا زۇنۇن قادىرىنىڭ ئوغلى ئۇمىد، ـ تېيىپجان ئېلىيېف توغرىسىدا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەنىدى: بۆلۈمدە ئىشلەۋاتاتتىم، بىر بالا سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تارتىنىپ ئىشىك تۈۋىدىلا تۇردى. قارىسام، بېشىدا تۇماق، پەرىجە كىيگەن، قارىي سۈپەت بالىكەن، قولىدا بىر قەغەز. بېرى كەل، بېرى كەل! دەپ چاقىردىم. ئۇ تارتىنىپ كېلىپ، ‹بىر شېئىر يازغانىدىم› دېدى. شېئىرنى ئېلىپ كۆرۈپ باقتىم. ‹چىراغىم› دېگەن شېئىر ئىكەن. ئۇ ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىدىن تەسىرلىنىپ، بىلىم ئېلىش توغرىسىدا بۇ شېئىرنى يازغانىكەن، خېلى ياخشى يېزىپتۇ. خەلق تىلىنى ئىشلىتىپتۇ. ‹بولىدۇ، بۇ شېئىرىڭنى ئىشلىتىمىز› دېدىم. بىزدە بۇنداق تالانتلىق كىشىلەر ئاز. مەن سەيپىددىنگە دەپ (ئۇ چاغدا مەرھۇم سەيپىددىن ئەزىزىي ‹ئالغا› گېزىتىدە ئىشلەۋاتاتتى) بۇ بالىنى 40 سوملۇق مائاشلىق قىلىپ قويدۇم. ئۇ ئەسلىي چېلپەكزىلىك بىر ئىماممنىڭ بالىسىكەن...»

«دادام قۇرمانئەلىنى يادا بېقىۋاتقان يېرىدىن ئەكېلىپ ئوقۇتقانىدى. ئۇ كېيىن قازاقلارنىڭ داڭلىق شائىرى بوپكەتتى. ئۇلار ھەر ئىككىسى بىزنىڭ ئۆيدە يېتىپ ـ قوپاتتى...»

يازغۇچى ۋە دراماتورگ ماناپ قادىرىينى مەخسۇس دراما سەنئىتى ئىجادىيىتىدە بىر قوللۇق تەربىيىلەپ، ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئاتاقلىق دراماتورگ بولۇشىغا «خوجاتام» بولۇپ بەرگەنمۇ زۇنۇن قادىرىي ئىدى. 1950 ـ يىللىرى زۇنۇن قادىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ماناپ قادىرىي بىر قانچە دراما يازغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «زومىگەرلەر خەلق قولىدا»، «ئۆگەي ئانا ئەسلىي ئۆگەي ئەمەس» قاتارلىق دراملىرىنى زۇنۇن قادىرىي ئۆزى كۆرۈپ ۋە تۈزىتىپ، ھەتتا رېژىسسورلۇق قىلىپ سەھنىگە ئېلىپ چىققانىدى. ماناپ قادىرىي بۇ ھەقتە سۆيۈنۈپ مۇنداق دەيدۇ: «زۇنۇنكامنىڭ كۆڭلى دەريادەك كەڭ، كىشىنىڭ ئەسىرىگە چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولىدىغان ئادەم. مەن ئەمەلىيەتتە ئۆرەدەك يازغانىدىم، زۇنۇنكام ئۇنى غاز قىلدى...»

زۇنۇن قادىرىي ئۆز نوپۇزى ۋە ئابرۇيىنى پەش قىلمايدىغان، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ ئىچىگە يۇتۇپ، كىشىگە ھالىنى ئېيتمايدىغان، ئۆز شەخسىيتى ئۈچۈن غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرمايدىغان غۇرۇرلۇق يازغۇچى ئىدى. مۇنداق ئۆز غۇرۇرى ـ قىممىتىنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلمايدىغان پەزىلەتكە ئىگە قەلەم ساھىبى قەلەمكەشلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، كىشىلىك ئالەمدىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. زۇنۇن قادىرىي ھەقىقەتەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي غۇرۇرلۇق ئارسلانى ئىدى!...

ئۇ، ئۆز بېشىغا ھېچقانداق قەلەمكەشكە كەلمىگەن ئاجايىپ ئېغىر دىشۋارچىلىقلار چۈشسىمۇ، بىرەر قېتىم ئېغىز يېرىپ، يا ئىلتىماس يېزىپ باشقىلارغا يالۋۇرۇپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئېغىر ھايات مۇساپىسىدا پەقەت ئىككى قېتىم ـ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغانىدى ـ يەنى تېيىپجان ئېلىيېفنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن سەيپىددىن ئەزىزىگە (يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك مەرھۇم سەيپىددىن ئەزىزىي «ئالغا» گېزىتىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە)، ئىنىسى قۇربان قادىرغا ئۆزلىرىنىڭ گۆڭشىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەن 300 مو يېرىدىن جايلىق ۋە باغلىق يەر ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىلتىماس ـ تەلەپ قىلغانىدى. ئەمما ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز شەخسىيىتىنى ـ ئۆز تۇرمۇشىنى ئويلاپ كىشىلەرگە تىنغان ئەمەس. ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى پۈتكۈل ئىشىنى جىگەرلىك ـ باتۇر ئايالى زىلەيخان ھەدە ئۆزىلا پۈتكۈزۈپ كەلگەنىدى.

زۇنۇن قادىرىي ئاقسۇدا ۋاقتىدا، بىر قېتىم قەشقەردىن قايتقان تېيىپجان ئېلىيېف يوقلاپ كەلگەنىدى. زۇنۇن قادىرىنىڭ كۆزى تازا

ياخشى كۆرمىگەچكە («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا زۇنۇن قادىرىنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، تاقىر بېشىغا سىر سۈركەپ، بوينىغا يوغان تاختا ئېسىپ سازايى قىلغاندا، سىر بېشىدىن سىرغىپ كۆزىگە ئېقىپ، كۆزىنى زەخىملەندۈرگەنىدى)، دەسلەپتە تېيىپجان ئېلىيېفنى تونىيالماي قالغان ۋە زىلەيخان ھەدەمدىن:

— ھويلىدا بىر كىملەر يۈرىدۇ، كىم ئۇ؟ — دەپ سورىغان. زىلەيخان ھەدەم: «تېيىپجان! سېنى يوقلاپ كەپتۇ...» دېگەندىن كېيىن تېيىپجان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتكەن ۋە ئۇنى مېھمان قىلىپ، ئىككىسى كېچىچە يىغلىشىپ — كۈلۈشۈپ، بىر — بىرىنىڭ دىدارىغا، كۆڭلىگە قانمىغان... تېيىپجان ئېلىيېف: «سەن بىر ئىلتىماس ياز، مەن ئەكېتىپ رەھبەرلەرگە كۆرسىتەي. مۇنداق تۇرۇۋېرەمسەن، ھەممىمىز ئازاد بولدۇق، مەن ئۆزۈم ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن كۆرۈشەي!...» دەپ قانچە يالۋۇرسىمۇ زۇنۇن قادىرى: «سەن ئۆزۈڭ ياز، مەن يازمايمەن!...» دەپ رەت قىلغان...

«ئارىلاپ مەن ئۇ (چېخوف)نىڭ كىشىلەرگە بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە كۆڭلى سۇۋۇپ، ئۈمىد ئۈزگەنلىكىگە ئوخشىغان قانداقتۇ ئۈمىدسىزلىك باردەك بىر تۇيغۇنى سېزەتتىم.

— رۇس ئادىمى غەلىتىلا بىر نېمە، — دېدى ئۇ بىر قېتىم، — غەلۋىردە سۇ تۇرمىغاندەك رۇس ئادىمىدىمۇ ھېچ نەرسە تۇرمايدۇ... پۈتكۈل روسىيە قانداقتۇ ئاچ كۆز ۋە ھورۇن ئادەملەرنىڭ مەملىكىتىگە ئوخشايدۇ. بۇلار ئۆيلەنگەندە ئۆيدە تەرتىپ بولسۇن دەپلا ئۆيلىنىدۇ. لېكىن جەمئىيەت ئارىسىدا داڭق چىقىرىش ئۈچۈن ئويناش تۇتىشىدۇ...

چېخوفنىڭ بۇ سۆزلىرىدە مۇڭلۇق ۋە سوغۇق نەپرەت ساداسى جاراڭلايتتى. ئەمما نەپرەتلەنسىمۇ ئېچىناتتى»[66] .

زۇنۇن قادىرىمۇ بەزىدە ئۆز مىللىتىنىڭ قەبىھ — رەزىل ئىشلىرىنى كۆرگەندە، قاتتىق كۆڭلى قالغاندەك تولىمۇ بىئارام بولاتتى، نەپرەتلىنەتتى، لېكىن يەنىلا ئۇلارغا ئىچ — ئىچىدىن كۆيۈپ، نادانلىقىغا ئېچىناتتى. بۇ ھەقتە ماناپ قادىرىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسى تولىمۇ ئىبرەتلىك.

**تەنەپپۇسلۇق ھېكايە:** «بىر كۈنى، — دەپ ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى ماناپ قادىرى ماڭا، — جۈرۈ، يەكشەنبەگە بارىمىز، — دېدى زۇنۇنكام. ‹نېمىشقا› دەپ سورىسام، ‹بارغاندا كۆرۈسەن، ساڭا تىياتىر كۆرسىتىمەن!› دېدى چاقچاق قىلىپ. زۇنۇنكام يەنە قانداق قىزىق ئىش تاپتىكى دېگەن خىيال بىلەن مەنمۇ ئۈندىمەي زۇنۇنكامغا ئەگىشىپ يەكشەنبەگە باردىم. كوچىلارنى ئايلاندۇق، تاماقلاندۇق، رەستىلەرگە كىردۇق، ھېچگەپ يوق.

— قېنى، ھېلىقى قىزىق تىياتىرىڭىز، زۇنۇنكا؟ — چاقچاق قىلدىم مەن زۇنۇنكامغا.

— ھېلى كۆرۈسەن، تېخى پەردە كۆتۈرۈلمىدى، ئەمما مەن ئېلانىنى ئاڭلىغان...

ئۇياققا مېڭىپ، بۇياققا مېڭىپ خېلى ۋاقىت ئۆتتى. كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈردۇق، كۈنمۇ كەچ كىرىپ، قايتىدىغان ۋاقتىمىزمۇ بوپقالغانىدى. بىر كوچىغا كەلسەك، تازا سوقۇشۇۋاتقان ئاياللارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىمىز. زۇنۇنكام كۈلۈپ كېتىپ:

— مانا، تىياتىر، كۆردۈڭمۇ، ئەمدى تاماشا كۆرۈسەن! — دېدى ماڭا قاراپ.

ئىككى ئايال ئەتراپىدا توپلانغان ئادەملەرگىمۇ پىسەنت قىلماي، ئاغزىنى بۇزۇپ، تولىمۇ بېزەپ تىللار بىلەن بىر — بىرىگە سوقۇشقاق خورازلاردەك ھۈرپىيىشەتتى. بەزى ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئاغزىنى بېسىش ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشاتتى. ياشانغان بىر ئايال سوقۇشۇۋاتقان، يۈزى زاغرا ناندەك قىزارغان بىرسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ چەتكە تارتقانىدى. ئۇ ئايال بوش قالغان يەنە بىر قولىنى رەقىبىگە شىلتىپ، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— سەن ياخشىما، ۋوي، سولامچى جالاپنىڭ گېپىنى قايلا... سەن ياخشى بولساڭ... ئاشناڭ بولماسمىدى!؟...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زۇنۇنكامنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ:

— ھەي، خۇدا، ئۇيغۇر!... — دېدى — دە، يەرگە «تۇفىي» دەپ تۈكۈرۈپ، كۆزلىرىگە لىممىدە ياش ئالدى. ئاندىن ئۇ توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ، ماڭىمۇ گەپ — سۆز قىلمايلا يولغا چۈشتى. مەن بۇ دانىشمەن ئادەمنىڭ شۇ تاپتا ئىچىدە بىر پارچە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يېنىدا ئۈندىمەي ماڭدىم. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ: ‹بىز ئادەم بولمايمىز!... ھەي ئەزىزانە قەشقەر، ھەي ئەزىزانە قەشقەر!...› دەپ يەنە كۆزىگە ياش ئالدى. زۇنۇنكام قەشقەرنى، سەيلىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ‹ئاتا — بوۋىلىرىمىزنىڭ تەۋەررۈك ماكانى بۇ، — دەيتتى ئۇ ماڭا دائىم، — بىزنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىمىزنىڭ پايتەختى — دە بۇ دېگەن، — ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر تۈرلۈك پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇراتتى. شۇڭا سەيلە بولغان كۈنلىرى ھېچنېمىگە قارىماي سەيلە كۆرگىلى باراتتى...»

شۇ ۋەقەلەردىن 32 يىل كېيىن، يەنى 1986 — يىلى 22 — ئىيۇندا زۇنۇنكام يەنە شۇ ئاجايىپ چىرايلىق كۆزلىرىگە ياش ئالغانىدى. ئەمما بۇ قېتىمقىسى 1954 — يىلدىكىدەك نەپرەت، خورلۇق ۋە ئېچىنىش يېشى ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق، مۇھەببەت، مېھرىبانلىق ۋە ئۈمىد يېشى ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن زۇنۇن قادىرى قاش دەرياسى بويىدىكى ئىرەنلىكتە دەم ئېلىۋاتاتتى. بىر پەستە بىر توپ ئۇششاق بالىلارنىڭ ۋاراڭ — چۇرۇڭى ئىرەنلىكنى بىر ئالدى. ۋاراڭ — چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجا شەھەرلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى (ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق خەلق رادىئو ئىستانسىسى)نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەھبىرى ھەبىبۇللا رېھىم «نېمە ئىشكى» دەپ بالىلارنىڭ ئالدىغا بېرىۋېدى، بىر توپ مەكتەپ بالىسى كىمدىن، نەدىن ئاڭلىغانكى، «زۇنۇن قادىرى بوۋىمىزنى كۆرگىلى كەلدۇق!...» دېيىشىپتۇ. ئۇلار: «قىشلاقتام» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. ھەبىبۇللا رېھىم ئۇلاردىن:

— سىلەرنى كىم ئەۋەتتى، ئوقۇتقۇچىڭلار تەشكىللەپ ئەۋەتتىمۇ؟! — دەپ سورىغانىكەن، ئۇلار:

— ياق، بىز ئۆزىمىز ئاڭلاپ كەلدۇق! — دېيىشىپتۇ.

ھەبىبۇللا رېھىم بالىلارنى زۇنۇنكامنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. بالىلار زۇنۇن قادىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە،

خۇددى بىر ئادەم ئۆگىتىپ قويغاندەك تەكشى تىزىلىپ: «سالام ئۇستازىمىز!...» دەپ سالام بېرىشتى. زۇنۇن قادىرىي ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئالدى، ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارمۇ ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى (شۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، مېنىڭمۇ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى...) زۇنۇن قادىرىي مۇلايىم ئاۋازى بىلەن:

ـ ئۇيغۇر ئويغىنىپ كەتتى!... دېدى.

ھەي ئەپسۇس، بىز ئەنە شۇنداق قەدىردان «بوۋاي»دىن ئايرىلىپ قالدۇق...

## 4. ئارخىپ

## م. گوركىي بىلەن قەلەمدىكى چېخوف ۋە زۇنۇن قادىرىي توغرىسىدا سۆھبەت

زۇنۇن قادىرىي ھەقىقەتەن قالتىس يازغۇچى، يازغۇچى بولغاندىمۇ، بۇ دۇنياغا ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان، ناھايىتى كەم كۆرۈلىدىغان يازغۇچىدۇر67 .

ـ قاۋسىلقان قامجان

بىز ئەمدى بۇ ئىككى گىگانت يازغۇچى ـ دراماتورگنىڭ قەلەمدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ـ تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى:

ئالدى بىلەن شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، زامان ـ ماكان ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى ئەدىبنىڭ ئۆز دەۋرىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى تەپەككۇر ئەينىكىدە كۆرۈپ تۇرۇپ، پىكىر ئېتىشقا مىڭىنىمىزدە ئالدىن بەيگىگە چۈشەلەيمىز. چېخوف ـ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە، موسكۋادەك كاتتا شەھەردە ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان. زۇنۇن قادىرىي بولسا چېخوفتەك ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنىمۇ كۆرمىگەن، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى يېڭى ئۇندۇرمە بولۇپ كۆكلەۋاتقان، دۇنيادىن ناھايىتى چەتتىكى، ھەتتا موسكۋانىڭ بىر يېزىسىغىمۇ توغرا كەلمەيدىغان خىلۋەت بىر شەھەردە ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان. ماركس توغرا ئېيتىدۇ: «تۇرمۇش ئاڭنى بەلگىلەيدۇ» ـ نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق، قالاقلىق، نادانلىق ۋە ئەسەبىي دىنىي خۇراپاتلىق تورلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇرغان، ئۇرۇش ـ يېغىلىق ۋە «كۆچ ـ كۆچ»نىڭ لاتقىلىرىدا ۋەيران بولغان بىر ماكاندا ياشىغان زۇنۇن قادىرىي ئۆزى تەۋە بولغان زامان، ماكان ۋە مەدەنىيەت تۈركۈمىدىن ھالقىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «قەغەز ـ قەلەم ئەھلى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەقدىرى ئومۇمەن ئېغىر...»68 بولغان شۇنداق ئېغىر شارائىتتا ياشىغان زۇنۇن قادىرىينىڭ چېخوف بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇشى ـ گويا بىر ئەپسانىۋى رىۋايەتكە ئوخشايدۇ. ئەمما زۇنۇن قادىرىينىڭ بەدىئىي تالانتىنى چوڭقۇر كۆزەتكەندە، كىشىنىڭ ئەقىل نۇرلىرى ئالدىن كۆز ئالدىدا تۇرۇۋالغان تۇمانىنى يېرىپ، ئۇنىڭ ئىستىبداتنىڭ قانچىلىك تىرەنلىكىنى، ئۇ ھەقىقەتەن «يولۋاس تۇغىدىغان» يازغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئەينى زامان ۋە نادان كىشىلەرنىڭ قولىدا زايا بوپكەتكەن گۆھەر ئىكەنلىكىنى بايقايسىز!...

**تەنەپپۇسلۇق شاھمات ئويۇنى:** بىز بۇ ئىككىسىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ ـ تەھلىل قىلىشتىن ئىلگىرى تەنەپپۇسلۇق دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ م. گوركىي ئەپەندى بىلەن بىر قەپەز شاھمات ئوينىۋالايلى:

ـ قېنى، ھۆرمەتلىك گوركىي ئەپەندى، شاھماتنى باشلايلى. سىز چېخوفنىڭ ئەسەرلىرىنى، مەن زۇنۇن قادىرىينىڭ ئەسەرلىرىنى ئورۇق قىلىپ تىزايلى. ھەي ئەپسۇس، رەھمەتلىك ئۇستا شاھماتچىمىز زوردۇن سابىر بولغان بولسا، سىز بىلەن قالتىس ئويناپ قويغان بولاتتى ـ دە. ئامال يوق، باشقا مەشھۇر شاھماتچىلىرىمىز ئوينىمىغاندىكىن، پېقىر ئانچە بىلمىسەممۇ، تەلىيىمنى سىناپ باقاي!... مەرھەمەت، قېنى سىز ئۇستاز بولغاندىكىن باشلاپ بېرىڭ!

**گوركىي:** «سېمىز ۋە ئورۇق» ـ پىچكامنى ئىككى قەدەم يۈردۈم.

**مۇئەللىپ:** «گۇمان» ـ پىچكامنى ئىككى قەدەم يۈردۈم.

**گوركىي:** «ھەسرەت» ـ پىچكامنى بىر قەدەم يۈردۈم.

**مۇئەللىپ:** «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ـ پىچكامنى بىر قەدەم يۈردۈم.

**گوركىي:** «چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى» ـ ئېتىمنى سەكرەتتىم.

**مۇئەللىپ:** مەنمۇ «گۈلنىسا» مىنگەن ئاتنى سەكرەتتىم.

**گوركىي:** مەن «ۋانكا» مىنگەن ئاتنى سەكرەتتىم.

**مۇئەللىپ:** مەن «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق يەنە بىر ئېتىمنى سەكرەتتىم.

**گوركىي:** «ياۋۇز نىيەتلىك كىشى» دېگەن ئوفىتسېرنى يۈردۈم.

**مۇئەللىپ:** مەنمۇ «ئىككى بارمىقىم بىلەن»دېگەن ئوفىتسېرنى يۈردۈم.

**گوركىي:** مەن «ئۇنتېر ئوفىتسېر پرىشىبېيېف»نى يۈردۈم.

**مۇئەللىپ:** مەن «كۈچۈككە ھۇجۇم»قىلغان ئوفىتسېرنى يۈردۈم.

**گوركىي:** «غىلاپ ئىچىدىكى بەندە» بولغان تورانى يۈردۈم.

**مۇئەللىپ:** مەن «خاتىرىلەر» ناملىق تورارىمنى يۈردۈم.

**گوركىي:** شاھ «خامېلېئون»نى تورا «سايدا» بىلەن لاگارىپ قىلدىم.

**مۇئەللىپ:** مەنمۇ شاھ «غۇنچەم»نى تورا «چېنىقىش» بىلەن لاگارىپ قىلدىم.

**گوركىي:** گەردى «6 ـ پالاتا»نى يۈردۈم (بۇ ئەسەر گەرچە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىسىمۇ، لېنىن ۋە گوركىيلارنىڭ ماختاش سادالىرىدىن ئورۇق قىلىپ تىزىلدى.)

**مۇئەللىپ:** «ماغدۇر كەتكەندە» ـ گەردىنى يۈردۈم... قېنى، گوركىي ئەپەندى، يەنە يۈرۈڭ ، سىز تولستوينى «خۇدا»، چېخوفنى ماختاپ «ئەۋلىيا» قىلىۋەتكەندىكەنسىزغۇ. ئەجەب تېخىچە مات قىلالمايۋاتىسىزغۇ، ناھايىتى قۇۋ ئادەم ئىكەنسىز جۇمۇڭ!

**گوركىي:** ھى، ھى، ھى، ھەي، سىز تولىمۇ كالتە پەم ئادەم ئىكەنسىز ـ دە. شۇنداق ماختىمىغاندا، مىللىتىڭىزنى جاھانغا قانداق تونۇتالايسىز!... يۈرۈش ماڭا كەلدىمۇ. كاك * ، سىزنى ئوڭايلا مات قىلغىلى بولمايدىغاندەك جۇمۇ. ئالدىمدا مەندە يوق «مەسىلىلەر»، «چۈچەكلەر»،

---

* كاك ـ رۇسچە «خوش» دېگەن مەنىدە.

«مافالىلەر» نىرىلىپ تۇرمامدۇ. ئۇلار «ئەھمەدجان قاسىمى»نىڭ رەھ-
بەرلىكىدە «شەپقەت ھەمشىرىسى»نىڭ «توي»، «پەرمان»نى كۆتۈپ،
«ئۇچراشقاندا» قاتتىق ھۇجۇم قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بولدى، ئەڭ ياخ-
شىسى ئويۇننى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرۇپ، ھەر ئىككى ئەدىبكە ھۆرمەت
بىلدۈرەيلى! زۇنۇن قادىرنىمۇ ھەقىقەتەن ئىقتىدارلىق ئەدىب ئىكەن،
بىراق...

**مۇئەللىپ:** نېمە «بىراق...»

**گوركىي:** ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ يازغانلىرى بەك ئاز ئىكەن. بىزنىڭ
ھۆرمەتلىك چېخوۋ 43 يىللىق ھاياتىدا بۇ دۇنياغا 470 پارچە ھېكايە —
پوۋېست، ئون پارچە دراما قالدۇرۇپ كېتەلىدى.

**مۇئەللىپ:** راست دەيسىز، ھەقىقەتەن چېخوۋنىڭ ئىجادىيەت مې-
ۋىسى مول. بىراق سىز زۇنۇن قادىرنىڭ ۋە ئۇ ياشىغان دەۋرنى چۈشەن-
مىسىڭىز ئۈچۈن مەن قىزىقارلىق بىر تەكلىپ بەرمەكچىمەن، قانداق
قارايسىز؟

**گوركىي:** قانداق تەكلىپ ئۇ، قىزىقارلىق بولسا قوبۇل كۆرىمەن.

**مۇئەللىپ:** مۇنداق قىلايلى. بىز ئۇرۇقلارنى ئالماشتۇرۇپ ئويناپ
باقايلى. زۇنۇن قادىرنى موسكۋادا، چېخوۋ بىزنىڭ يۇرتتا ياشىسۇن. شۇ
چاغدا نەتىجە قانداق بولىدۇ، كۆرۈپ باقىلى، قانداق؟

**گوركىي:** بولىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن قىزىقارلىق تەكلىپ ئىكەن.

**مۇئەللىپ:** لېكىن سەمىڭىزگە شۇنى سېلىپ قوياي، زۇنۇن قادى-
رنىمۇ سىزنىڭ چېخوۋىڭىزغا ئوخشاش تازا «ھارافكەش». بىراق شۇ
نەرسىدىن خاتىرجەممەنكى، ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان ۋە سۆيگەن يۇرتنىڭ
ساپ ئاشلىقلىرىدىن ھېلە — مىكرىسىز ئىشلەنگەن ساپ «توجۇ»لە-
رنى ئىشقى — ھەۋىسى بىلەن كۆتەلەپ — كۆتەلەپ ئىچكەن ۋە «غۇد-
جەم»نى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، سەھنىگە ئېلىپ چىققىچە «بىر تونىنا ھاراق
ئىچىۋەتكەنمەن...» دېگىنى بىلەن، سىلەرنىڭ ۋودكاڭلارنى ياخشى
كۆرمەيدۇ!... نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى — ئەلاخان
سۇلتانىنى * ئۇرۇسلار «سۇلتانقورغان» * * دا ۋودكا بىلەن مەست قى-
لىپ ياتقۇزۇپ قويغان ئەمەسمۇ!... زۇنۇن قادىرنى بۇنى ئۇنتۇمايدۇ!
ھەرھالدا دىققەت قىلارسىز... (ئۇرۇقلار ئالماشتۇرۇلدى — زۇنۇن قادىرنى
موسكۋادا، چېخوۋ غۇلجىدا. زۇنۇن قادىرنى «كوچ — كوي» يېزىسى-
دىكى ئىككى قەۋەتلىك ئاپئاق ئۆيدە لېۋ تولستوي، تورگېنېۋ، گور-
كىيلار بىلەن ئەدەبىي سۆھبەتلەرنى قۇرۇپ، تۇراقلىق، خاتىرجەم ھايات
مۇساپىسىدە يېڭى — يېڭى ئەسەرلەرنى يازماقتا...)

ئا. پ. چېخوۋ بولسا زۇنۇن قادىرنىڭ «ئالتە شوتار» مەھەللى-
سىدىكى قاتتىقراق يامغۇر ياغسا ئۆتۈپ كېتىدىغان توپا تاملىق ئۆيىدە
ھويلىسىدىكى كاۋا باراڭلىرىغا قاراپ، گاھىدا ئۇ يەر — بۇ يەردە ئىش-
لەپ، زېرىكسە خۇدىيار يۇزىدىكى يېرىگە چىقىپ، دېھقانلار بىلەن
مۇڭدىشىپ، تۇرمۇش، تىل... ئۆگەنمەكتە. ئۇ بىر قانچە ھېكايە يازغان
بولسىمۇ، مەتبۇئاتنىڭ قىسلىقىدىن ئېلان قىلدۇرالماي، ئىچى تىت —
تىت بولماقتا... ئۇنىڭ بۇ خاتىرجەم ھاياتىمۇ ئۇزاققا بارمىدى. گۇرۇلا-
دىگەن دولقۇن «يەر ئىسلاھاتى» دېگەننى ئەكەلدى، قاتتىق سىنىپىي
كۆرەش باشلىنىپ كەتتى. چېخوۋ خۇدىيار يۇزىدىكى ئاتىغىنە يېرى
ئۈچۈن «پومېشچىك» بولۇشقا تاس — تاسلا قالدى. ھېلىمۇ ئۇ ئۆزى
ئالدىن كۆرگەندەك، ئاتىسىدىن قالغان بۇ يەرلەرنى دېھقانلارنىڭ پايدى-
لىنىشىغا بېرىۋەتكەنىدى. ئاق كۆڭۈل دېھقانلار ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقى
ئۈچۈن ئۇنى قوغداپ قالدى... ئاندىن «ئۈچكە قارشى، بەشكە قارشى»،
«ئىستىل ئۆزنىتىش»، «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش»... «ھەرىكەت»
ئۈستىگە «ھەرىكەت»لەر زەنجىرسىمان باشلىنىپ، قەلەم نەدە قالدىكى،
چېخوۋ ئاتقۇرالمىدى. ئۇ تۇراقلىق ۋەزىيەتنى، ھازىر ۋە كەلگۈسىگە
يارامىلىق ئەسەر يېزىشنى ئىزدەيتتى، ئەمما مۇنداق شارائىت ئۇنىڭغا
يوق ئىدى...

چېخوۋقا ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى، 1962 — يىلى تارىمغا پالانغە-
نى بولدى. ئۇ، ئۇ يەردە «مومىسىنى كۆردى» — ئىنسانىيەت ئاڭلىما-
غان تىل — ھاقارەتلەرنى ئاڭلىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قولاق
ئاڭلىمىغان ئۇزۇن قالپاقلارنى كىيىپ، كوچىمۇكوچا سازايى بولدى...
كۆزى كاردىن چىقتى. 40 كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ، باشقىلاردىن
چەكلىنىپ ئۆزى گەمە كولاپ ياتتى. «شىۋجېڭجۇيىچى —دۈشمەن»
بولۇپ، ئەڭ ئېغىر ئىشلارغا سېلىندى... كۆزى ياخشى كۆرمىسىمۇ،
كېچىسى ئاختامىغا سۇ تۇتۇشقا سېلىنىپ، ئۇستىۋېشى پاتقاققا مىلە-
نىپ، ئاختامىدا يېتىپ قالدى... ئۆيى ئاختۇرۇلۇپ، كىتابلىرى، قولياز-
مىلىرى... كۆيدۈرۈلدى!...

چېخوۋ چىدىيالمىدى. ئۇنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ، پالەچ بوپ-
قالدى...

**مۇئەللىپ:** (تېلېفون بېرىدۇ) ۋەي، گوركىي ئەپەندىمۇ، زۇنۇن قا-
دىرىي قانداقراق؟

**گوركىي:** ئاللو، زۇنۇن قادىرىي!... نو، نو، خاراشو! كۆپ يېزىۋاتىدۇ
چېخوۋچۇ؟

**مۇئەللىپ:** بولمىدى، گوركىي ئەپەندى، چېخوۋنى ئەكېتىڭ، ئ
بىزدىكى «ھەرىكەت»لەرگە چىدىيالمايدىكەن، نېرۋىسىدىن ئادىشىپ
قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، پالەچ بوپقالدى! كۆزى كۆرمەس بولدى!...

**گوركىي:** نېمە؟ بۇ قانداق ئىش؟ مەن باراي، مەن باراي. (چېخوۋنى
كۆرۈپ) ئاھ، ئۇلۇغ، تالانتلىق يازغۇچىمىز سىز تۈگەپسىزغۇ!... نېمە
بولدىڭىز؟ يازغان ئەسەرلىرىڭىز قېنى؟... يوقاپ كەتتى؟ بۇ قانداق گەپ
ئۆزى. سىز بۇ چۆلدە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟... «ھەرىكەت!؟»، بۇ قانداق
تۈگىمەس «ھەرىكەت؟»، توۋا، توۋا، بولدى، مەن چۈشەندىم، جۆرۈڭ
موسكۋاغا كېتەيلى. سىزمۇ زۇنۇن قادىرىڭىزنى قايتۇرۇپ ئەپكېتىڭ.
ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى، زۇنۇن قادىرىيغا قول قويىدۇم!...

ئويۇن ئاخىرلاشتى، لېكىن ئەدەبىي سۆھبەت يەنىلا داۋام قىلماقتا.

**مۇئەللىپ:** ھۆرمەتلىك ئۇستاز، ئۆزىڭىز كۆردىڭىز، تەقدىر زۇنۇن
قادىرىيغا بەكمۇ رەھىمسىزلىك قىلدى. ئۇ ئاز يازدى، لېكىن ساز ياز-
دى. ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ «بولۇۋاس»لارنى تۇغدى.
ئالتۇن ھامان ئالتۇن، ئۇ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر مىستىن
قىممەت بولىدۇ. ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئۈچ بۈيۈك
يازغۇچىنىڭ بىرى بولغان ئىسپانىيىلىك سىرۋانتىس 1604 — يىلى

* ئەلاخان سۇلتان — ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى.

* * سۇلتانقورغان — ئەلاخان سۇلتان ئالمۇتىدا تۇرغان رايون.

www.uyghurkitap.com

يازغان «دونكىخوت» رومانى بىلەنلا جاھان ئەدەبىيات ئاسمىنىدا نۇرلۇق يۇلتۇز بوپقالغان. فرانسىيىلىك ئالفونس دود (1840 ـ 1897) ئۆمرىدە 20 رومان، تۆت دراما ۋە بىر شېئىرلار توپلىمى يازغان بولسىمۇ، پەقەت ئۇنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى دەرس» ۋە «بېرلىن قورشاۋى» ناملىق ھېكايىلىرىلا دۇنيادىكى داڭلىق نادىر ھېكايىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغان. مەن ئىشىنىمەنكى، ئۈچ‌ۋىر دەۋرنىڭ ئۆچقۇر شامالىرى كەلگۈسى بىر كۈنلەردە زۇنۇن قادىرىينىڭمۇ ھېكايە ـ دراملىرىدىن نەمۇنە تاللاپ، جاھان ئەدەبىياتىنىڭ جۇمۇلاگىما چوققىسىغا ئېلىپ چىقىدۇ. مەشھۇر شائىرىمىز، مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ شۇڭا: «زۇنۇنكام بىر دراممىسى، ئىككى ھېكايىسى بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز تەرىپىدىن ئۇلۇغ سەنئەتكار، كلاسسىك سەنئەتكار دەپ ئاتىلىشى مۇمكىن. بىز ھازىر يېتەرلىك باھا بېرەلمەيۋاتىمىز.» ⑥⑨ دېگەنىدى.

زۇنۇن قادىرىي ئاشۇ بوران ـ چاپقۇنلۇق ئەدەبىي ھاياتىدا 13 كە يېقىن دراما، 30 پارچىغا يېقىن ھېكايە، ئۇنىغا يېقىن ئەدەبىي ـ ئىلمىي ماقالە ۋە «غېرىب ـ سەنەم» دراممىسى، كىنو سېنارىيىسىنى، سەرگۈزەشتە خاراكتېرلىك رومان «غەزەپ»نى يازدى (ئەپسۇسكى، بۇ سېنارىيە، رومان ۋە بەزى دراملىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يوقىتىلدى). ئۇنىڭدىن باشقا، زۇنۇن قادىرىي چېخوفتىن ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا يېتۈك شائىر ئىدى. ئۇ «قوشچى بىلەن چاشقان»، «چۈجە بىلەن سېغىزخان»... قاتارلىق 30 غا يېقىن شېئىرىي مەسەل يازدى. گوركىي ئەپەندى، مەن سىزگە پەخىرلىنىش بىلەن شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئۇنىڭ 1950 ـ يىللاردا يازغان «چۈجە بىلەن سېغىزخان» دېگەن شېئىرىي مەسەلىنى ۋون ھېكايىگە تېگىشمەيمەن!... ئۇ يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، توپلاش، رەتلەشكە ئۆمۈربويى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئاجايىپ فولكلورشۇناس ئىدى. ئۇ ئۆزى نۇرغۇن ئىجادىي چۆچەك يازغانىنىڭ سىرتىدا، ناھايىتى نۇرغۇن خەلق چۆچەك، خەلق قوشاق ـ بېيىتىنى يىغىپ ـ توپلاپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زور تۆھپە قوشتى.

چېخوف 1890 ـ يىلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تۇرمۇش ئۆگەنگىلى ساخالىن ئارىلىغا بارغان بولسا، زۇنۇن قادىرىي 1962 ـ يىلى تارىمغا پالىنىپ، نازارەت ۋە ئېغىر ـ مۇشەققەتلىك ھايات تۇرمىسىدە تۇردى ۋە بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ «غەزەپ» رومانىنى يازدى. چېخوف «ئالتىنچى پالاتا»دا رەزىللىك بىلەن قارشىلاشماسلىق، قۇللارچە باش ئېگىش، زاھىدلارچە تەركىدۇنياچىلىقنى سۆككەن بولسا، زۇنۇن قادىرىي تەكلىماكان چۆلىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان «قىزىل» يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك، دەھشەتلىك بېسىم ئاستىدا تۇرمۇشىنىڭ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئۆتىدىغانلىقىنى، قورسىقى ئاچ، كىيىمى جۇل ـ جۇل، ئۆيلىرىگە كىرسە ئادەمنىڭ ئىچى سېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇلاردا مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشتىن سۆزلەش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى، زەيلىك چېپىشقا ئوخشاش ئېغىر ئەمگەكلەرگە ئاياللارمۇ مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇلغانلىقتىن، ئىككىقات ئاياللارنىڭ بالا تاشلىۋېتىشتەك پاجىئەلىك قىسمەتلىرىنى...» ⑦⓪ سۆككەنىدى. ئەگەر بۇ رومان نەشردىن چىققان بولسا، ئۇ زۇنۇن قادىرىي ئىجادىيىتى تەرەققىياتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بوپقالغان بولاتتى، ئەلۋەتتە!...

**گوركىي:** ئەپسۇس، ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ. مۇنداق ئالاھىدە تالانتلىقلار دۇنياغا كەم تۆرۈلىدۇ. جەزمەن ئۇلارنى قەدىرلەش، ئاسراش كېرەك. ئۇلارنى قەدىرلىگەنلىك، ئاسرىغانلىق ناھىيىتتە مىللەتنى قەدىرلىگەنلىك، ئاسرىغانلىق بولىدۇ!

**مۇئەللىپ:** ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز ئۇستاز، رەھمەت سىزگە!

بىز ئەمدى بۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، سىز بۇ ھەقتە ئازراق سۆزلەپ بەرسىكىز. بۇ يەرگە مۇھەممەت پولات، قاۋسىلقانلارنىمۇ ھازىر قىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ پىكرىنى ئاڭلاپ باقساق، قانداق دەيسىز؟

**گوركىي:** بولىدۇ (لادناكاراشۇ ـ مافۇل، ناھايىتى ياخشى). سىزگە بەلگىلىككى، ئەدەبىيات تىل سەنئىتى. ئۇ گۈزەللىك، ئىخچاملىق، ئوبرازلىق ۋە ئاددىيلىقنى مەركەز قىلىدۇ. «ھەقىقىي سۆز سەنئىتى ھەرقاچان ئاددىي، گۈزەل ۋە جىسمانىي سېزىلەرلىك دەرىجىدە تەسۋىرلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنداق يېزىش كېرەككى، سۆز بىلەن تەسۋىرلەنگەنلەرنى ئوقۇرمەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك ۋە قولى بىلەن تۇتۇپ سەزگەندەك بولسۇن. ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان نەرسىنى ياخشى بىلگەندىلا، ئەنە شۇنداق ماھارەتكە ئېرىشىش مۇمكىن» ⑦① .

«چېخوفنىڭ تىلى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە چىرايلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ساددىلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئاددىي فورما بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە بۇ فورما تىلنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ... چېخوف دەۋرىمىزدىكى «سۆزلەرنى زىچ، پىكىرنى كەڭتاشا قىلىپ، يېزىش ماھارىتىنى ئەڭ پۇختا ئىگىلىگەن ئەدىبلەرنىڭ بىرىدىنبىرى» ⑦② .

**مۇئەللىپ:** زۇنۇن قادىرىينىڭ تىلى توغرىسىدا مۇھەممەت پولاتتىن ئاڭلاپ باقايلى:

**مۇھەممەت پولات:** «زۇنۇن قادىرىينىڭ تىلى خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك ساددا ۋە يارقىن بولۇپ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇقۇغۇچىدا ئېنىق چۈشەنچە پەيدا قىلالمايدىغان، دەبدەبىلىك، يالتىراق جۈملىلەر پۈتۈنلەي يات. ئۇ، سۆزنى تېجەپ ئىشلىتىدىغان، ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنە ئىپادىلەشنى بىلىدىغان يازغۇچى. زۇنۇن قادىرىينىڭ ھېكايە تىلىدىن ئانا تىلىمىزنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى، ئۇنىڭ باي، يارقىن ۋە ئوبرازلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ» ⑦③ .

**مۇئەللىپتىن مىسال:** «ئەۋەي، تۆمۈر بولسىمۇ ئۇپرايدۇ، بۇ يىل قىش چىقسا شۇ بەتىنىڭگە بەش يىل بولىدۇ. ھېلىمۇ ياز بويى ئۇنى ئاياپ يالاڭ ئاياغ يۈرىمەن...» ⑦④

زۇنۇن قادىرىي ھېكايىلىرىنىڭ تىلى شۇنداق تاتلىق، ئاددىي ـ ساددا، تۇرمۇشتىكى نەق ئادەملەرنىڭ تىلىدەك ئۇچۇق، راۋان ۋە تېتىملىق. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقىغىنىڭىزدا، ئۇ خۇددى يېنىڭىزدا ئولتۇرۇپ ساپ دېھقان ـ خەلق تىلى بىلەن سىزگە ئاستا، مۇلايىم، مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ: «ئۇ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقان ھالدا ئارنىڭ ئۇچى بىلەن چويۇندەك قاتقان يەرنى سىجاپ ئولتۇراتتى. مەن تولۇق ھەيدەۋاتاتتىم»⑦⑤ .

دېمەك، رۇس گانا تىلى بىلەن ئۇيغۇر گانا تىلىدا ئوخشىمىغان ماكان، ئوخشىمىغان زاماندا ياشىغان بۇ ئىككى ئەدىب مانا مۇشۇنداق تىل سەنئىتىدە ئوخشاش باھاغا ئېرىشىدۇ. تىلى ئىخچام، مەنىدار، ئاددىي، چۈچۈك ... بولۇش ـ ھەر ئىككى يازغۇچىدا ئوخشاش خاسلىققا ئىگە. شۇڭا بىز پەخىرلىنىپ ئېيتالايمىزكى: «كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخچىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاجلىنىشى توغرىسىدا سۆزلىگىنىدە، بۇ تىلنى نەۋائىي، نىزارىي ۋە زۇنۇن قادىرىي ياراتتى» دەيدىغان بولىدۇ.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى نېمە ئۈچۈن شۇنداق ياخشى؟ «يازغۇچىنىڭ ئوقۇرمەنگە ئېيتىدىغان دەردى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ئەسەر تىلى شۇنچە پىششىق بولىدۇ» (ئۆتكۈر ھاشىموف: «دەپتەر ھاشىيىسىدىكى پۈتۈكلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 2 ـ ، 3 (قوشما) سان 56 ـ بەت). بۇ يەنە زۇنۇن قادىرىنىڭ باي خەلق تىلنى ھەر جاي، ھەر ماكاندا قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. بىز بۇنىڭغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەشقەردىكى دوغاپچىنىڭ ۋەقەسىدىن تاشقىرى يەنە قىسقا ئىككى مىسال كەلتۈرەيلى:

**تەنەپپۇسلۇق قىسقا ھېكايىلار:** زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىنىسى **قۇربان قادىر** ماڭا زۇنۇن قادىرىنىڭ «غەلىتە» ئىشلىرى توغرىلىق سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق ئىشنى دەپ بەرگەنىدى: «ئاكامنىڭ مىجەزى غەلىتىلا. ھەممە نەرسىگە دىققەت قىلىپ، كۆزىتىپ يۈرىدۇ. ئەگەر قوشنىلار سوقۇشۇپ قالسا، ئاكام دەرۋازىدىن ماراپ، ئۇلارنىڭ تىللىشىۋاتقان چاغدىكى ھالەتلىرىنى، ئاغزى يامان تىللىرىنى... بىر چەتتە ئولتۇرۇپ يېزىۋالاتتى...»

**كېلىنى ماھىرە:** «دادام ئۆزى ئاڭلىمىغان بىرەر گەپ چىقسا، ـ دەپ ھېكايە قىلىدۇ، ـ دەررۇلا يېزىۋالىدۇ. بىر قېتىم مەن كىر يۇماقچى بولۇپ، گەپ ئارىسىدا: ‹كىرنىڭ دوستى تولا› دېۋىدىم، دادام: ‹ھوي، توختا ـ توختا. نېمە دېدىڭ، يېزىۋالاي› دەپ يېزىۋالدى. ئاندىن دادامغا: ‹دادا، كۆڭلىكىڭىزنى سېلىپ بېرىڭ، يۇيۇۋېتەي› دېۋىدىم. تېخى ئالدىنىقى كۈنى كىيگەچكىمۇ، دادام: ‹يېڭى كىيدىمغۇ، كىر ئەمەس› دېدى. مەن: ‹دادا، سېلىپ بېرىڭ، شېكەر كىر بوپقاپتۇ› دېۋىدىم، دادام يەنە: ‹ھوي، بۇ يېڭى گەپقۇ، توختا، يېزىۋالاي› دەپ ئۇ گەپنىمۇ يېزىۋالدى. مەن كۈلۈپ كەتتىم...»

**گوركىي:** پاھ، زۇنۇن قادىرىي ھەقىقەتەن پۈتۈن ئەسلى ـ ۋەسلى بىلەن ئەدەبىياتقا بېرىلگەن ئادەم ئىكەن. ئانتون پاۋلوۋىچمۇ شۇنداق ئادەم ئىدى. «شۇ ياخشى ھەم يامان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە قانداق ياشىسا، چېخوفنىڭ ھېكايىلىرىدىمۇ شۇنداق ياشايدۇ. چېخوفنىڭ ھېكايىلىرىدا ئەمەلىيەتتە بولمىغان ھېچنەرسە يوق. ئۇنىڭ تالانتىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۈچى شۇ يەردىكى، ئۇ ھېچقاچان، ھېچنېمىنى ئۆز ئىچىدىن ئويلاپ چىقارمايدۇ» (76) .

**قاۋسىلقان قامجان:** «زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە، درامىلىرىدا خۇددى ئۆز يۇرتىمىز، ئۆز مەھەللىمىزدىكى بىللە تۇغۇلۇپ، بىللە چوڭ بولغان يېقىن تۇغقانلىرىمىز، ياكى ئەتراپىمىزدىكى بىزگە پىششىق تونۇش كىشىلەردەك ئىسىملىرى يادا بوپكەتكەن، تەقى ـ تۇرقى دائىم كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدىغان باقى، مەتنىياز، غۇنچەم، ھاشىمئاخۇن، كۆلىمسا، ئۆمەر شىاڭيۇ... قاتارلىق جانلىق ئوبرازلار بار» (77) .

زۇنۇن قادىرىيمۇ خۇددى چېخوفتەك ھېچقاچان ئۆز ئىچىدىن ئويلاپ يالغاننى يازغان ئەمەس! كېلىنى ماھىرە ئۇنىڭدىن: «دادا، نېمىشقا بازمايسىز؟» دەپ سورىغاندا، زۇنۇن قادىرىي ئۇنىڭغا: «مەن يېزىپ بولغان، يالغاننى يازمايمەن!...» دەپ جاۋاب بەرگەن.

**گوركىي:** «چېخوفنىڭ يۇمۇرىستىك ھېكايىلىرىنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقسىڭىز كۈلكىلىك سۆزلەر ۋە پىكىرلەرنىڭ سايىسىدا ئاپتور ناھايىتى كۆپ يىرگىنچلىك ۋە ئىنسابسىز ئىشنى كۆرۈپ تۇرغانلىقىنى، دەردى ئىچىدە بولۇپ، ئويالغانلىقىنى سېزىۋالالايسىز» (78) .

**قاۋسىلقان قامجان:** «زۇنۇن قادىرىي ھېكايىلىرى (چېخوفنىڭ ھېكايىلىرىگە ئوخشاش)نىڭ ھەجمى بەكمۇ ئىخچام، تىلى شۇنداق چۈچۈك، ساتىرىك پۇرىقى بەكمۇ قويۇق، ماۋزۇسىمۇ قىزىقارلىق قويۇلغان. كومپوزىتسىيىسىنى كۈلكە بىلەن يۇغۇرۇلغان يۇمۇرىستىك تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھەجۋىي دېتاللار ئىگىلىگەن» (79) .

**مۇئەللىپ:** ھۆرمەتلىك گوركىي ئەپەندى، كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، ھەر ئىككى يازغۇچى ئاجايىپ يۇمۇرلۇق، ساتىرىك، ئۆتكۈر تىلى بىلەن ئىنسانىيەتتىكى رەزىل قىلمىشلارنى سۆككەن. بىراق چېخوف بۇ «يىرگىنچلىك ۋە ئىنسابسىز ئىشلارنى كۆرۈپ دەردى ئىچىدە بولۇپ، ئويالغىنى» بىلەن زۇنۇن قادىرىي قاتتىق نەپرەتلەنگەن. ئۇنىڭ «كۆچۈككە ھۇجۇم»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن» دېگەن ساتىرىك ھېكايىلىرى مەڭگۈ بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتمايدىغان، چېخوفنىڭ «خامېلېئون»، «ئۇنتېر ئوفىتسېر پرشىبېيېۋ»قا ئوخشاش نادىر ئەسەرلەردۇر.

**گوركىي:** «ئۇششاق ـ تۈششەك ئىرىكچىلىك پاجىئەلىرىنى ھېچكىم ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوفتەك روشەن ۋە ئاستىن چۈشەنگەن ئەمەس. مەن ئانتون پاۋلوۋىچنىڭ ھەر بىر يۇمۇرىستىك ھېكايىسىدا ھەقىقىي ئىنسان قەلبىنىڭ ئاستىن قاتلىمىدىن ئاستا چىققان ئېگىرىغان ئاھۇ ـ زار ئاۋازىنى ئاڭلايمەن» (80) .

**مۇھەممەت پولات:** «ئۇ (زۇنۇن قادىرىي) نىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەڭ ئاۋۋال تۇرمۇشنىڭ تېخى ئېچىلمىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۇششاق، لېكىن خاراكتېرلىك ۋەقەلەرگە بولغان قىزىقىشىدا كۆرۈلىدۇ... ئۇ ئۇقۇغۇچىنى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئەڭ كىچىك تۇرمۇش بىرلىكىگە، ئۇنىڭ خانىسىگە، روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن بۆلۈملىرىگە باشلاپ كىرىدۇ» (81) .

**مۇئەللىپ:** چېخوفنىڭ «ياۋۇز نىيەتلىك كىشى»، «نادانلىق»، «ۋانكا»، «سايدا»... قاتارلىق ھېكايىلىرىدا ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان، ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك گوركىي ئەپەندى، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ھۆرمەتلەش يولىنى بىلمەيدىغان ۋە قوپال كۈچكە قارشى تۇرماس، ھايۋانىيلارچە ئازاب ـ ئوقۇبەتتە ياشايدىغان دېھقانلار تەسۋىرلىنىدۇ. ئەمما شۇنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈڭكى، گوركىي ئەپەندى، مەيلى سىز ئالاھىدە ماختىغان: «ھەددىدىن تاشقىرى مۇڭلۇق، پاجىئەلىك» بولغان چېخوفنىڭ يېڭى ھېكايىسى «سايدا» بولسۇن ياكى دېھقانلار ھاياتى تەسۋىرلەنگەن باشقا ھېكايىلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسى «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ۋە

www.uyghurkitap.com

تراگېدىيىلىك ئەمەس! بىز بۇ سۆزىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن ھەر ئىككى ھېكايىنىڭ ئاخىرقى ئابزاسلىرىدىن نەمۇنە ئالايلى:

«كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ قىر تۆپىسىدىكى شولىسىمۇ ئۆچتى، قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھاۋا سالقىنلىشىپ قالدى. لىپا بىلەن پراسكوۋيا نېرىسىغا كېتىشتى ۋە خېلى يەرلەرگىچە چوقۇنۇشۇپ باردى» [82] .

«باقىنىڭ قەبرىسىگە مۇڭگۈز قويۇلمىدى ياكى گۈل تېرىلمىدى. ئۇنىڭ قەبرىسى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق كوكاتلىرى بىلەن قاپلانمىغان يالىڭاچ مۇڭلۇق قەبرە بوپقالدى» [83] .

يۇقىرىقى ئىككى ئابزاس سېلىشتۇرمىدىن يەنە شۇ نەرسە ئايانكى، ھەر ئىككى ئەدىبتە ئالدى بىلەن مىللىيلىك ناھايىتى ئوچۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. چېخوفنىڭ: «خېلى يەرلەرگىچە چوقۇنۇشۇپ باردى» دېگەن سۆزى خرىستىئان دىنىدىكى مىللەتلەرنى، زۇنۇن قادىرىينىڭ: «باقىنىڭ قەبرىسىگە مۇڭگۈز قويۇلمىدى ياكى گۈل تېرىلمىدى» دېگەن سۆزى ئىسلام دىنى (بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار) دىكى ئۆرپ ـ ئادەت، مىللىي قائىدە ـ يوسۇننى ئوچۇق گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ھەر ئىككى يازغۇچىدىكى ئۈستىلىق...

چېخوفنىڭ دېھقانلىرى ئۆز دەۋرى ـ 19 ـ ئەسىردە ياشىغان رۇس دېھقانلىرى بولغاچقا، چېخوفنىڭ قەلىمىدە ئۇلار ھېچقانداق قارشىلىق قىلمايدىغان، ياۋاش، نادان، قۇللارچە باش ئېگىپ، بايلارغا خۇشامەت قىلىپلا يۈرىدىغان، لاتىدەك بوش قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئادەمدە قاتتىق ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرىغا ئادەمنىڭ ھېسداشلىق ئارىلاش نەپرەتلەنگىسى، كۈلگىسى كېلىدۇ. ئەمما زۇنۇن قادىرىي ئۆز دەۋرى ـ 20 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى (بولۇپمۇ شىمالدىكى)نى ئۆزى نامرات بولسىمۇ، غۇرۇرى، قارشىلىق كۈچى بار، بايلار ئالدىدا ئۆزىنى ئادەم قاتارىدا كۆرىدىغان يېقىملىق ـ كۈچلۈك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ھەر ئىككى يازغۇچىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتىكى ئۈستىلىقى.

**مىسال:** «باي جانابلارنىڭ ئالدىدىمۇ شۇنداق ئەدەبسىز سۆزلەرنى سۆزلەيدىكەنغۇ... ـ دەپ غودۇڭشىدى يېفىم («چېخوف ھېكايىلىرى»، «نالىم» 193 ـ بەت).

«كىرىلا چاپسانلا ئاتىسىغا قارىدى ـ دە، ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ قويدى ۋە خۇددى بىرى كوماندا بەرگەندەك ھەر ئىككىسى بىردەكلا دوختۇرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى»، («چېخوف ھېكايىلىرى»، «نادانلىق» 69 ـ بەت).

«باقى كەمبەغەللىكتە ئۇستىۋېشى سەت كۆرۈنگەن بىلەن كۆڭلى چىرايلىق، زىل بولغىنى ئۈچۈن قاتتىق گەپنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئاچتىن ئۆلسىمۇ، ئەرز قىلىپ بېرىشنى ئېغىر ئالىدۇ» («زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، «ماغدۇر كەتكەندە» 84 ـ بەت).

**زورىخان:** مانا مۇشۇ باستە ئەللىكېشىمۇ شۇنداق ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان ئادەم. ئۇ بۇرۇندىنلا بىزگە ئۆچ.

**غۇنچەم:** ئارپىسىنى خام ئورۇغانمىكەنمىزمۇ ئۇنىڭ؟

**زورىخان:** بىر كۈنى تازا جامائەت يىغىلغان يەردە داداڭ ئۇنى غالچىدىن غالچىغا سېلىپ، بەگلەرنىڭ تاپىنىنى يالايدىغان يالاقچى، خۇشامەتچى دەپ تازا تىللاپتىكەن...

**غۇنچەم:** ... شاكىمۇ بولامدۇ، بەگ بولامدۇ، نېمە بولسا بولمامدۇ، خۇشامەت قىلىپ نەگە باراتتىم («زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، «غۇنچەم» 253 ـ ، 268 ـ بەتلەر).

كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بىز بۇ دىئالوگلاردىن ئىككى يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى رۇس ۋە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خاراكتېر ـ مىجەزىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز.

ئەپسۇسكى، شۇنداق غۇرۇرى كۈچلۈك مىللەت ئىچىدىن چىققان زۇنۇن قادىرىي جاھان ئەدەبىيات مۇنبىرىدە چاقنىيالماي، ئۆز مىللىتى ئىچىدىلا مەشھۇر بوپقالدى. ئەمما ئاشۇنداق: «ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ھۆرمەتلەش يولىنى بىلمەيدىغان» رۇس مىللىتىدىن چىققان چېخوف «جاھان ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئۆزگىچە سەنئەتكار» بوپقالدى. چېخوفنىڭ «تەلىيى»نىڭ مۇنداق ئوڭدىن كېلىشى ھەرگىز ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارلىقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ياۋروپادا ياشىغانلىقىدا. «يەھۇدىيلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزم دۇنياسىدا ياشىغان... مۇبادا مۇشۇنداق بىر ئەۋزەل تەرەققىيات مۇھىت ـ شارائىتى بولمىغان بولسا، بۇ داڭلىق، ئەقىللىق يەھۇدىيلارمۇ بولمىغان بولاتتى» [81] .

زۇنۇن قادىرىينىڭ قىرانىغا تولۇپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇدىغان دەۋرىدىكى مۇھىت ـ شارائىت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ دۇنياۋى سەنئەتكار بولۇشىغا يول قويمىدى. چېخوف روسىيە پروزىيىسى ۋە دراممىسىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن بولسا، زۇنۇن قادىرىي تېخى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ، رېئالىستىك ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى.

ئەپسۇسكى، مانا مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ زات، كامالىي پەزىلەت ئىگىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شاۋ ـ شۇۋىسىزلا ئىچىگە زەرداپ يۇتۇپ، دەردىنى كىشىگە تىنماي، خەلقىگە كۈلۈپ تۇرۇپ خوشلىشىپ، ئەجەل ئايروپىلانىدا كېتىپ قالدى.

**گوركىي:** ھەي ئىست، ئۇمۇ چېخوفتەك دەرد بىلەن ئۆلگەنىكەن. «موسكۋا شۇنداق مېھرىبان بولغان يازغۇچىنىڭ تاۋۇتىنى ئىشكىگە بوغان ھەرپلەر بىلەن: «ئوسترىتسا ئۈچۈن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان قاداقتۇ يېشىل ۋاگونغا سېلىپ ئەكېلىشكەنىدى... ماتەم مۇراسىمىنىڭ ئالدىدا سېمىز بوز ئات مىنگەن ساقچى باشلىقى قەددىنى رۇسلاپ كېتىپ باراتتى. شۇ قىلىقلار يەنە كۆپلىگەن باشقا ئىش ھەددىدىن تاشقىرى رەزىللىك بولۇپ، كاتتا، ماھىر سەنئەتكارنىڭ خاتىرىسىگە پۈتۈنلەي يات ئىدى» [85] .

### 5. ئارخىپ

### زۇنۇن قادىرىي ـ تارىخىي ئەڭگۈشتەر

ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولسا كىچىككىنە ئېھتىياتكار ئىتلار يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشمەكتە. ئۇلار ھاۋشىيدۇ ۋە «كىم ياخشىراق ھاۋشىدى؟» دېيىشكەندەك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشىدۇ [86] .

ـ ئا. م. گوركىي

**بۇ قىسمنى يېزىش كېرەكمۇ ـ يوق، ئۇ كىمگە زۆرۈر؟! مۇشۇ**

كۆلدە كىشكە پەندى ـ نەسىھەت قىلسا، ئاڭلايدىغان ئادەم بارمۇ؟... قەلەمنى توختىتىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە ئويلىنىپ يۈردۈم. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارغا تەلىم ـ تەربىيە بەرگىدەك مەن دانىشمەنمۇ، مۇتەپەككۇرمۇ ياكى ئالىممۇ؟! مەن ھېچقايسىسى ئەمەس، پەقەت ئاددىي شائىرمەن، ئەمما ئەلنىڭ شائىرى سۈپىتىدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن زۇنۇن قادىرىي ھاياتىدىكى تارىخىي ئىبرەتنى ـ ساۋاقنى سۆزلىشىم كېرەك، ھازىرقىلار مازاق قىلسا، ئاڭلىمىسا، كەلگۈسىدىكىلەر بىلىپ قالار!... ئاخىرى يېزىش قارارىغا كەلدىم:

زۇنۇن قادىرىي ئاخىرى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كەتتى... ئۇنىڭ ھاياتىمۇ، ئۆلۈممۇ ھېچكىمگە ئوخشىمىدى. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ ئالاھىدە ئادەملىكى، بۇ دۇنياغا كەم تۆرىلىدىغان ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. زۇنۇن قادىرىيغا نىسبەتەن «ئارىق ـ ئويغانغان ئىنساننىڭ خىزمىتى ئويغىتىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى ئۆز پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ ئومۇمىي، تارىخىي پاجىئەسى» [87] ئىدى. شۇڭا ئۇ 1962 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە 300 دىن ئوشۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرەشكە تارتىلىپ «مۇناپىق» بولۇپ تۇرغاندىمۇ: «سىلەر تىللىساڭلار تىللاڭلار، بىر ئادەم جاپا چەكسە مەيلى، مەن جاپا چەكسەممۇ، سىلەر چەكمەڭلار!...» * دېگەنىدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى خاتا سىياسەت تۈپەيلىدىن دەپ ئېتىراپ قىلغان بولساقمۇ، ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىمىزدىكى ئىچكى ئىللەتتىن ئىزدىمىسەك، بۇ تارىخىي ساۋاقنى توغرا يەكۈنلىگەن بولمايمىز. ھەممە نەرسە ئادەم بىلەن بولىدۇ. شۇ چاغدا بەزى «داڭلىق»لار شەھەرمۇ شەھەر قارا بۇرۇتەك ئۇچۇپ، ماتېرىيال توپلاپ، ھۇررا ـ چۇقان كۆتۈرۈپ، «ئۆزۈم شىنجاڭنىڭ بىردىنبىر چولپىنى» بولىمەن دەپ زەھەرلىك كۆرەڭلىك يىلاندەك ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇنىڭدىكى ھەسەت ئۆسۈپ غەرەزگە، غەرىزى پىتنىگە ئايلانغان ۋە بۇ پىتنە بولسا ھەر قانداق رەزىللىكنىڭ ئانىسىغا ئايلانغانىدى.

زۇنۇن قادىرىينى ئەنە شۇ ھەسەت، كۆرەلمەسلىك، خۇسۇمەت... نابۇت قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلىمى نۇرلۇق قەلەم ئىدى، بۇ نۇرنى ئۆچۈرۈۋەتمىسە، ئۇلارنىڭ قەلىمى خىرەلىشەتتى. ھەممىدىن ئەلەم قىلىدىغىنى، ئۇلار ئۇنىڭ دوستلىرى، كەسىپداشلىرى، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغان ھەمدەم بۇرادەرلىرى، شاگىرتلىرى... ئىدى. زۇنۇن قادىرىي ئۇلارغا «ھەم دوست، ھەم ئۇستاز بولغان» * * ئىدى. ئېمىرسون: «ھەقىقىي ئۇلۇغ ئىنساننى، ئۇ مەيدانغا چىققان ھامان بارلىق يىراقنى كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلىقىدىنمۇ بىلىشكە بولىدۇ» [88] دېگەنىدى. بۇ يەردە پىشقەدەم شائىر مۇھەممەت رېھىمنىڭ: «شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئىستىلى» دېگەن ماقالىسىدىكى بىر ئابزاسنى تەنەپپۇسلۇق ھېكايە قىلىپ بەرسەك تولىمۇ ئىبرەتلىك بولىدۇ.

**تەنەپپۇسلۇق ئىبرەتلىك ھېكايە:** «شۇ يىلى (1979 ـ يىلى) تېيىپجان بېيجىڭدا بىر نەچچە شېئىر يازدى. يازغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسىتىپ پىكىر سورىدى. ئۇ، پىكىرلەرنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى... ئۇ مۇشۇ ئادىتى بىلەن بىر قېتىم چوڭ پالاكەتكە ئۇچرىغانىدى.

1962 ـ يىلى تېيىپجان «ئاناسەننىڭ شىكايىتى» ناملىق ساتىرىك شېئىرىنى يېزىپ، ئۆز ئادىتى بويىچە بەزى يولداشلارغا كۆرسىتىپ پىكىر سورىغان.

ـ بۇ شېئىرىڭىز ياخشى يېزىلىپتۇ. ئەمما ۋەزىيەتكە توغرا كەلمەيدۇ. بۇنى ئېلان قىلسىڭىز بالاغا قالىسىز. ـ دېگەنىدى (مەرھۇم) نوبزورچى روزى قاسىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم خوجا ۋە پەتتارجان مۇھەممەدىيلەرگە كۆرسەتكەن. ئاخىرىدا پەتتارجان بۇ شېئىرنى تەنقۇيلىپ، يوقىتىپ قويدۇم دەپ بەرمىگەن. شۇ چاغدا «ئاناسەننىڭ شىكايىتى» مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغانىدى.

1963 ـ يىلىدىكى سىياسىي ھەرىكەتتە پەتتارجان بۇ شېئىرنى شاپىگرافتا كۆپەيتىپ باستۇرۇپ، «زەھەرلىك ئوت ـ چۆپ» دېگەن بەتنام بىلەن قوشۇپ تارقاتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ شېئىر خۇددى يېمىگەن ماتتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگەندەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەنقىدلەنگەنىدى» [89].

پاھ، پاھ، پاھۇي، مانا سۇيقەست دېگەن، مانا رەزىللىك دېگەن!!!... مۇنداق يامان غەرەزلىك روھىي زەئىپ كىشىلەر «ھۆرمەت تەختىگە چىققانلارنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ، شۆھرەت تاجىنى پەقەت ئۆزىنىڭ بېشىغا كىيىشنىلا ئويلايدۇ. ئۆزىنى يۆلىگەن، قوللىغان، ئىلھاملاندۇرغان، ھۆرمەتلىگەن ئۇستازلىرىدىنمۇ، سەپداشلىرىدىنمۇ يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يېرىم چىلەك سۇ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، كۆرگەنلا جايدا شالاقشىپ يۈرۈدۇ» [90].

بىزنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرى:

قايۇنەرگە دۇشمەن توپلانسا تولۇپ،
بىلىڭكىم، شۇ ئەرنىڭ پەزىلىتى كۆپ.

دېگەنىدى. شۇنداق، «دانىشمەنلىكنىڭ دەردى تولا!... ئۇ، ھاياتنىڭ ساختا لەززىتىدىن كېچىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئازابلىرىدا ياشايدۇ!» [91] شۇنداق، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى تارىختىن بۇيان شۇنداق بوپكەلدىكى، قايسى قەۋمدە، قايسى ئەلدە پىتنە ـ پاسات، خۇسۇمەت ۋە ھەسەت گۈلخانلىرى يېنىپ تۇرۇۋدىكەن، ئۇ قەۋمدە ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ۋە ئىنسانىي بۇرچ خىسلەتلىرى كۆل بولۇپ، خارلىق ـ زەبۇنلۇققا يۈزلىنىدۇ.

تارىخىمىزدا مۇنداق مىساللار ئازمۇ؟!

**تەنەپپۇسلۇق ئىبرەت:** «... بۇ قېتىمقى جەڭدە پۈتكۈل مۇسۇلمان ئەسكەرلەر، باشلىقلار ئەمىر ئابدۇررۇسۇلبەگنى «باتۇر» دەپ مەدھىيىلىدى. بۇ ئەھۋالنى مەزمىخان سۇلتان ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلمەي، ئۇنى يوقىتىش پېيىگە چۈشتى. ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ دۈشمەنگە ساقايماس زەربە بېرىپ زەخمىلەندۈرگەنىدى... مەزمىخان سۇلتان ئەھمەدخان خوجىنى چاقىرتىپ، ئۇنى مال ـ دۇنياغا، مەنسەپكە غەرق قىلىپ، «ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنى ۋە ئىسھاقبەگنى

* زىلەيخان ھەددەمنىڭ سۆزى. * * مۇھەممەت پولاتتىن.

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈڭ، ‹ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھوقۇقى مەندە بولسۇن!...› دېدى.

ئەھمەدخان خوجا: ‹مەن ئەمرىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قورقىمەن!› دېگەندە، سۇلتان: ‹دانىيالبەگنى ئالدۇرۇپ، مانجۇچە تۆھمەت خەتتىن بىرنى يازدۇرايلى. سىز ئەمرنى ئۆلتۈرۈپ، خەتنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، ئەمر ئۆلگەندىن كېيىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا يانچۇقىدىكى خەتنى دانىيالبەگكە ئوقۇتايلى. تامامى خەلق ئەمرنى يامان دېمەي ئىلاجى يوق...› دېدى *

شۇنداق قىلىپ، بۇ سۇلتان دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۆزىنىڭ سۇلتانلىقىنى ساقلاپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «كالامۇللانى تۇتۇپ قەسەم قىلىشقان» باتۇر، ئەقىللىق سەركەردىسىنى ئۆزى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەنىدى... ئاقىۋەتتە ئۇ ئۆزىمۇ «مەھمۇد پوچى» دېگەن كەلگىندى قىرى خوجا تەرىپىدىن چاناپ ئۆلتۈرۈلۈپ، سۇلتانلىقى ۋەيران بولدى...

دۇنيا تارىخىدا مۇنداق پاجىئە بولغانمۇ؟ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى يوقىتىپ، سۇلتانلىقنى كۈچەيتىۋاتقان باتۇر سەركەردىسىنى ھەسەت، كۆرەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئۆزى ئۆلتۈرگەن پادىشاھمۇ بارمۇ!؟...

«بىزنىڭ تارىخىمىز ئەنە شۇنداق پاجىئەلەر بىلەن مۇجەسسەملەنگەن» (92) . بۇ تارىخقا نېمە دېگۈلۈك، پەقەت «تۇۋا!...» دېمەكتىن باشقا نېمە ئىلاج! شۇ نەرسە ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا ۋە قاتتىق ھەسرەتكە سالىدۇكى، ئېشەك جىنىدا بىر قېتىم پۇتى سۇنغان كۆۋرۈكتىن ئۆتمىگەن يەردە، كۆللىي كائىناتنىڭ بىردىنبىر ئەقىللىق زاتى بولغان ئىنسان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدە بىلىپ تۇرۇپ ئاشۇ كۆۋرۈككە ئاياغ باسىدۇ. نەتىجىدە، يەنىلا قانات چىقىرىپ ئاسماندا ئۇچالماي، شېرىن خىياللىرى بەربات بولۇپ، «ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ».

تەقدىرنىڭ ئويۇنى ئاجايىپكى، ھېلىقى «قارا ئەرۋاھ» * * ئۈچۈن جان تىكىپ شىكار قىلغان «قارا بۈركۈت» خۇددى نېتزىي: «ھەسەتخور ئادەم چايان، ئۇنىڭ نەشتىرى ئاخىرى ئۆزىگە سانجىلىدۇ»(93) دېگىنىدەك، ئاخىرى ئۆزى تورغا چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا زۇنۇن قادىرى ئاقسۇدا پالاندىلىقتا ئىدى. ئۇ ھېلىقى «قارا بۈركۈت» بىلەن بىر يۇرتلۇق ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىپ يۈرگەچكە، شۇنداقلا زۇنۇن قادىرىغا دۈشمەنلىك بىلەن نۇرغۇن قارا چاپلىغاچقا، زۇنۇن قادىرى ئۇ ھەقتە كۆپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ، دېگەن نىيەتتە ھاكىم جايپار باشلىق ئۈچ كىشى زۇنۇن قادىرىنىڭ يېنىغا بارىدۇ. شۇ چاغدا زۇنۇن قادىرى قانداق قىلدى؟ ئۇ نېمە دېدى؟!... زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىدە گۆھەردەك نۇرلىنىپ تۇرىدىغان، باشقا ئىنسانلاردا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە گۈزەل خىسلىتى ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇنچە «دۈشمەن»لىك قىلغان ئادىمى توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ ماتېرىيال بەرمىدى. كەلگۈچىلەر ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىدىيىۋى تەربىيە ئىشلىگەندىمۇ:

— ئۇ دېگەن χ χ سەھرادىن، مەن دېگەن شەھەرلىك، بىر - بىرىمىزنى تازا بىلىشمەيمىز. مېنىڭچە ئۇ يامان ئەمەس... — دەپلا ئۇلارنى يولغا سالغاندى.

مۇنداق ئۆزىگە زۇلۇم قىلىسمۇ، ئەپۇ قىلىدىغان قەلەمكەشلەر ئارىمىزدىن تېپىلارمۇ!... زۇنۇن قادىرى ئەنە شۇنداق ئەپۇچان، يۇمشاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق ئادەم ئىدى. ئۇ بىرەرسى تىللىسا ياكى ئۆچ كۆرسە ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ، ئاداۋەت ساقلىمايتتى، ئۆچ ئالمايتتى. بەلكى ياراتقۇچىنىڭ: «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ. ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ» (91) دېگەن ئۇلۇغ ھېكمىتىگە قەلبى تولغان ئادەم ئىدى. ئۇ: «پەيغەمبەرنى تىللىغان يەردە مەن نېمە. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوسۇغۇسىغا سىيىپ - چىچىپ قويۇدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئۆچ كۆرمەي، سۈپۈرۈپ - تازىلاپ قويۇدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆڭلى خۇش بولسىلا مەيلى...» دەيتتى

زىلەيخان ھەدەم ماڭا: «زۇنۇن ئاكىڭىز خىزىردەك خىسلىتى بار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدا بىراۋنى تىللاش، ھەسەت قىلىش، چېقىشتۇرۇش، بوزەك قىلىشتەك ئىشلار يوق ئىدى. دۇنيادىن سەبىي بالىدەك ئۆتۈپ كەتتى... ئاكىڭىزنىڭ بۇ خىسلىتى ھازىر ماڭا ئۆتتى، مەن ئۆزگەردىم. ئاكىڭىزدەك كەچۈرۈمچان بولۇۋاتىمەن. بىر كۈنى خەلچەم (مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئايالى) نېمە بولدىكى، ماڭا تەتۈر قاراپ، ئاچچىقلانغاندەك كېتىۋاتىدۇ. ‹ھەي، خەلچەم!› دەپ ۋارقىراپ، يېنىغا بېرىپ سالاملىشىۋېدىم، ئىللىك ئالدى، شۇنداق قىلىپ بىز يەنە ياخشى بولۇپقالدۇق...» دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى.

بىزدىكى ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق - ئەپۇچان، كەچۈرۈمچان بولالماسلىق. بۇ ئۇزاق تارىخىي ساۋاق. نۇرغۇن - نۇرغۇن خاتالىق، كۆڭۈلسىزلىك مانا مۇشۇ باش ئەگمىدىن باشلىنىدۇ. كىشىلەر كۆرۈنۈشتە ئاددىي يۈرگەن بىلەن ماھىيەتتە تەكەببۇر. ئۇنىڭ ئاز - تولا نامى چىقىپ قالسىمۇ، بولدى، ئۇ ئۆزىنى جاھاندا بىر چاغلايدۇ. كۆرۈنۈشتە قارىساڭ ئاددىي كىيىنىۋالغان، كەمتەرلىكنى كۆز - كۆز قىلىپ تۇرغان، ئىچىدە بولسا مەنمەنلىك، كۆرەلمەسلىك ۋە جاھىل تەكەببۇرلۇق ئوتلىرى يېنىپ تۇرغان. ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويساڭ ھەرگىز ئەپۇ قىلمايدۇ، بەلكى ئاداۋەت ساقلايدۇ، ئۆچ ئالىدۇ، ئۈستۈڭدىن ھەرخىل پىتنە - پاسات تاپىدۇ. كەمتەرلىك ئەپۇچانلىق چاپىنىنى كىيگەن بولىدۇ. زۇنۇن قادىرىنى نېمە ئۈچۈن كەمتەر دەيمىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئاددىي ھەم ئەپۇچان!...

ئەگەر دۈشمەن بولمىسىلا جاھاندا ئەپۇ قىلمايدىغان نېمە بار؟ بىراق بەزى داڭلىقلارنىڭ قىلىقلىرىنى ئويلىساڭمۇ غەزىپىڭدىن يېرىلىپ كېتەي دەيسەن. ئۇلارنىڭ يۈزسىزلىكى، ئۆزىنىلا ئويلايدىغانلىقى، ئاسمانغا چىقىۋېلىپ يۈزۈڭگە تۈكۈرۈدىغانلىقى... سەن بۇلارنى - ئۆز شەخسىيىتىڭنى ئەمەس، خەلق، مىللەت مەنپەئىتىنى ئويلىغىنىڭدا جەزمەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشىڭ كېرەك. چۈنكى ئۇلار «گۆھەر تۇغۇدىغان توخۇ»لار، مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتىدىغانلار!...

بىر ئاددىي ئائىلە ئايالى تۇرۇقلۇق زىلەيخان ھەدەم زۇنۇن قادىرىنىڭ بۇ گۆھەردەك خىسلىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن يەردە، بىز نېمە

---

* «ئىلى تارىخى» دىن. * * ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سۆزى.

ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرەلمەيمىز؟! ئەگەر بىزدە مۇشۇ خىسلەت كۆكلىسە ئىدى، تالاي ـ تالاي ئەپسۇسلۇق، قان يۇتۇش ئورنىغا دۈشمەنلىكتىن خالىي بولغان ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق، قېرىنداشلىق مېھىر يىلتىز تارتقان بولار ئىدى...

شۇنى «ئۇنتۇمايلىكى، ھەر قەۋمگە ئاللانىڭ رەھمىتى تۇتقان قانچە يۈز يىلدا ئۇلۇغ ئادەمدىن بىر ياكى بىر قانچىنى بېرىدۇ» [95] . بىرىنچى ئەۋلاد قەلەم چولپانلىرىمىزغۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمدى ئىككىنچى ئەۋلاد قەلەم چولپانلىرىمىز بولغان چىڭغىز ئايتماتوفسىمان يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇرنى، ئابدۇللا قادىرىيسىمان يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەرنى، ئا. تولستويسىمان يازغۇچىمىز جالالىددىن بەھرامنى، پاستېرناكسىمان يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەت توختىنى، فورمانوفسىمان يازغۇچىمىز ئابدۇرەھمان قاھارنى، ئايبېكسىمان يازغۇچىمىز ئەخەت تۇردىنى، سەدرىددىن ئەينىسىمان يازغۇچىمىز ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنى، تۇرگېنېفسىمان يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنى، بېلىنسكىيسىمان ئوبزورچىمىز مۇھەممەت پولاتنى، دوبرولىيېفسىمان ئوبزورچىمىز ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنى، سرافموۋىچسىمان يازغۇچىمىز توختى ئايۇپنى، سەئىد ئەھمەدسىمان يازغۇچى، دراماتورگىمىز مۇھەممەتئېلى زۇنۇننى، ك. سىمىئونوفسىمان يازغۇچىمىز ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنى، ئابدۇللا قاھارىيسىمان يازغۇچىمىز مەھمۇت مۇھەممەتنى، كەرىمە نادىرسىمان يازغۇچىمىز ئايشەم ئەھمەتنى، ئۇمتۇل قەدىرسىمان يازغۇچىمىز خالىدە ئىسرائىلنى... ئەركىن ۋاھىدوفسىمان شائىرىمىز بۇغدا ئابدۇللانى، يېسىنىنسىمان شائىرىمىز ئوسمانجان ساۋۇتنى، سەمەد ۋۇرغۇنسىمان شائىرىمىز قۇربان باراتنى، غاپۇر غۇلامسىمان شائىرىمىز مۇھەممەتجان سادىقنى، لىئوندزىسىمان شائىرىمىز ئىمىن ئەھمەدىينى، ئابدۇللا توقايسىمان شائىرىمىز مۇھەممەتجان راشىدىننى، گايدارسىمان يازغۇچىمىز توختاش بەكرىنى، زۇلفىيەسىمان شائىرەمىز تۇرسۇنئاي ھۇسەيىننى، خۇرشىد دەۋرانسىمان شائىرىمىز ياسىن زىلالنى، ئۇيغۇنسىمان شائىرىمىز مۇختەر مەخسۇت... ۋە باشقا ـ باشقىلارنى قەدىرلەپ، ھەسەت، كۆرەلمەسلىك... قورايلىرىغا گۆرۈلدىتىپ ئوت يېقىپ كۆل قىلىپ، ئەمدى قاتتىق ئاسرىشىمىز، قوغدىشىمىز، ئۇلارنىڭ بەزى سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارنىڭ خەلقىمىزگە، مىللىتىمىزگە نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، دۇنياۋى ئەدەبىياتقا يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بېرىشىمىز لازىم.بۇ ـ ئۆز خەلقىنى، ئۆز مىللىتىنى ئويلايدىغان ھەقىقىي ئوغلانلارنىڭ ئىنسانىي بۇرچى!...

بىزنىڭ بۇ تالانتلىق ساھىبى قەلەملىرىمىزمۇ تەكەببۇرلۇق ـ كۆرەڭلىكتىن ساقلىنىپ، ئۆزىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىك بولسا، كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشى، تۈزىتىشى، ئۆچ ئېلىش ۋە ئاداۋەتتىن يىراق بولۇپ، بىرەرىگە مەتبۇئات ھوقۇقى تېگىپ قالغان بولسا، يۇرتۋازلىق قىلماي، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى كېرەك!

ئالدىمىزدا نۇرلۇق ماياك تۇرۇپتۇ. ئۇ تارىخىي ئەڭگۈشتىرىمىز ـ مەرھۇم زۇنۇن قادىرىي.

بوۋاي، بىز ساڭا تولىمۇ ۋابال قىلدۇق، ئەلەم قىلدۇق. دەر ھەقىقەتكى، 1963 ـ يىلنىڭ بېشىدا سىنى ئاقسۇغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىللە بارغان شىبە يازغۇچى جۇڭگلو تۇرار يېرىڭنى كۆرۈپ بۇقۇلداپ يىغلاپ: «زۇنۇنكا، ساڭا ۋابال بوپكەتتى، ۋابال بوپكەتتى!...» دەپ يېشىنى توختىتالمىغان ئەمەسمىدى... سەن بىزدىن رەنجىدىڭمۇ؟ توغرا، رەنجىدىڭ، سۆيگەن خەلقىڭ ـ ئەلدىن ئەمەس، بەلكى ھەممىنى بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان، ئەلنىڭ باشلامچىسى، ئويغاتقۇچىسى بولغان ئاشۇ داڭلىق قەلەمدارلاردىن رەنجىدىڭ... بىر چاغدا ئىچىنىپ ھەم ئىچىڭ كۆيۈپ: «بىز تۈزەلمەيدىغان خەق!...» دېگەنىدىڭ. ئېھتىمال، چىخوفتەك ساڭا قاتتىق ئەلەملەر يەتكەچكە چىدىيالماي، شۇ سۆزلەرنى ئېغىزىڭدىن ئىختىيارسىز چىقارغان بولغىيدىڭ...

جاھاندا تەڭشەلمەيدىغان تارازا يوق. ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ قانۇنىيتى بويىچە بولىدۇ. ساڭا پىتنە ئوتلىرىنى چاچقان، سېنى ھاقارەتلىگەن، مەنسەپ ــ ھوقۇق، ئابرۇي تەمەسىدە دىلى كور بولغانلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تالاشقان دۇنيالىرىنى تاشلاپ، قىپيالىڭاچ ھالدا قېشىڭغا كەتتى. ئۇلار بۇ دۇنيادا ئۆلمەيدىغاندەك قىلمىشىپ كەتكەنىدى... ئۇلارنىڭ پاسىق تېنى، ئاجىز، زەئىپ روھى قانداق بوپقالغاندۇ!؟... كىشىگە قىلغان كىشىدە قالمايدۇ. ئېھتىمال، ۋەيلۇن دوزاختا تېگىشلىك جازاسىنى تارتىۋاتقاندۇ. چۈنكى: «يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ قەدىمى ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپلا ئاللا ئۇنى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىدۇ... ئاللا ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. يالغانچىنى، كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ» [96] . «بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ گۇمراھ بولىدۇ» [97] ئەمەسمۇ!...

سېنىڭ ئېسىل ئادىمي پەزىلىتىڭ، گۆھەردەك خىسلەتلىرىڭ، ئۈنسىز ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭ... ئۇلارنى غەپلەتتىن ئويغىتالمىغان ۋە بەلكى ئۇلاردا ساڭا نىسبەتەن قاتتىق ھەسەت، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك تۇغدۇرغانىدى...

شۇنداق، بوۋاي، سەن خاتىرجەم بولغىنكى، ۋاقىت ھەممىنى تەڭشەيدۇ ۋە ئۇلۇغ يەكۈن چىقىرىدۇ: «ۋاقىت يېتىلدۈرۈش دېمەكتۇر! ئۇ يېتىلدۈرىدۇ، يېتىلىدۇ. ئالغا قاراپ، يورۇقلۇققا قاراپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەركىن تەبىئىتى، ئەركىن روھىيىتى، ئەركىن كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلەش ـ ۋاقىتنىڭ ‹ئىرادىسى› ۋە تۆمۈر قانۇنى...» [98] «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» [99] . ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداق.

سەن سەۋرچان، ئادىل، توغرا سۆزلۈك، رەھىمدىل، ئاجايىپ ياخشى تەبىئەتلىك ئىنسان ـ ئادەملەرنىڭ ئادىمى ئىدىڭ، كىشىلەرگە قىلچىمۇ زەرەر يەتكۈزمىگەن، بەلكى قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەنىدىڭ. ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە ئىدىڭ. ياراتقۇچى سېنىڭ بۇ ياخشى خىسلەتلىرىڭ ئۈچۈن فىردەۋس جەننىتى ئاتا قىلغاي. خاتىرجەم ياتقىن!...

2004 ـ يىل 2 ـ سېنتەبىر، شەھىرى غۇلجا

2005 ـ يىل 7 ـ يانۋار، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: تونۇلغان شائىر، يازغۇچى، فولكلور تەتقىقاتچىسى، ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇھەررىرى، ھازىر پېنسىيىدە

www.uyghurkitap.com

## ستاتا مەنبەلىرى

① «ياسىن خۇدابەردى: زۇنۇن قادىرىنى ئەسلەيمىز ـ قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى 98 ـ بەت.

② زوردۇن سابىر: «كەچ كۈز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 1 ـ ، 2 (قوشما) سان 4 ـ بەت.

③ قاۋسىلقان قامجان: «ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى ئويلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى 16 ـ بەت.

④ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۆمۈر تەلقىنلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 1 ـ سان 23 ـ بەت.

⑤ ئوتكۇر هاشىموف: «دەپتەر هاشىيىسىدىكى پۈتۈكلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 2 ـ ، 3 (قوشما) سان 56 ـ بەت

⑥ م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 46 ـ بەت.

⑦ «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى 61 ـ بەت.

⑧ سامۇئېل سمايلىس: «تەقدىر ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغانلارغا مەدەتكار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 4 ـ سان 56 ـ بەت.

⑨ مۇھەممەتجان راشىدىن: «تىنىگەن كۆڭۈل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى 273 ـ بەت.

⑩ «ياسىن خۇدابەردى: زۇنۇن قادىرىنى ئەسلەيمىز ـ قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى 95 ـ بەت.

⑪ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى 209 ـ بەت.

⑫ ئابدۇقادىر جالالىدىن: «تارىخنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىل 2 ـ سان 68 ـ بەت.

⑬، ⑭، ⑮، ⑯، ⑰، ⑱، ⑲ م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 186 ـ ، 292 ـ ، 234 ـ ، 226 ـ ، 131 ـ ، 214 ـ ، 181 ـ بەتلەر.

⑳ «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە تەلەق» 7 ـ ئايەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى 560 ـ بەت.

㉑ «سۇخۇملىنسكىي ھېكمەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 4 ـ سان 75 ـ بەت.

㉒ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنسان قارىشى توغرىسىدا»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 1 ـ سان 47 ـ بەت.

㉓ «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى 96 ـ بەت.

㉔، ㉖ «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى 43 ـ ، 220 ـ بەتلەر.

㉕، ㉗ «ياسىن خۇدابەردى: زۇنۇن قادىرىنى ئەسلەيمىز ـ قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى 98 ـ بەت.

㉘، ㉙ م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 72 ـ ، 226 ـ بەتلەر.

㉚ غەيرەت ئاسىم: «زىيالىي بولماق نەس»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 2 ـ سان 59 ـ بەت.

㉛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۆمۈر تەلقىنلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 1 ـ سان 12 ـ بەت.

㉜ «ۋاڭ مېڭ: تېيىپجانغا يىغلايمەن ـ قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى 307 ـ بەت.

㉝، ㉞ «قۇرئان كەرىم»، 26 ـ سۈرە شۇئەررا 224 ـ ، 225 ـ ، 226 ـ ئايەتلەر، 377 ـ بەت؛ 31 ـ سۈرە لوقمان 27 ـ ئايەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى 414 ـ بەت.

㉟، ㊱، ㊲، ㊳ «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى 19 ـ ، 35 ـ ، 682 ـ ، 683 ـ بەتلەر.

㊴ ئا. پ. چېخوف: «ھېكايىلەر»، «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى نەشرىياتى 1954 ـ يىل نەشرى 197 ـ بەت.

㊵ «مۇھەممەت پولات: زۇنۇن قادىرىي ئىجادىيىتىدىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەر ـ زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى 34 ـ بەت.

㊶ ئەختەم ئۆمەر: «ئۆزىمىزنى ئىزتىراپ قىلايلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى 196 ـ بەت.

㊷ «ھېكمەتلىك سۆزلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى 182 ـ بەت.

㊸ «نېتزىي ئەقلىيىلىرىدىن»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 5 ـ سان 13 ـ بەت.

㊹، ㊺، ㊼ م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 52 ـ ، 46 ـ ، 72 ـ بەتلەر.

㊻ توختى مەھمۇت: «دۇنيا ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى ئۆزگىچە سەنئەتكار»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 4 ـ سان 57 ـ بەت.

㊽ مۇھەممەت ئابدۇللا: «زۇنۇن قادىرىي ۋە ئاقسۇدىكى كەچمىشلەر»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 3 ـ سان 40 ـ بەت.

㊾ «قۇرئان كەرىم»، 91 ـ سۈرە ـ شەمس 9 ـ ئايەت، 602 ـ بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.

㊿ «ھېكمەتلىك سۆزلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى 205 ـ بەت.

(51) تۇرسۇن قاھارىي: «مېنىڭ جاپاكەش ئۇستازىم»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 5 ـ سان 61 ـ بەت.

(52) «ھېكمەتلىك سۆزلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى 8 ـ بەت.

(53) مۇھەممەت ئابدۇللا: «زۇنۇن قادىرىي ۋە ئاقسۇدىكى كەچمىشلەر»،

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 3 ـ سان 44 ـ بەت.

(54) ، (55) ، (56) م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 60 ـ ، 64 ـ ، 57 ـ بەتلەر.

(57) «مەمتىمىن ھوشۇر: ئاتاقلىق ئەدىب، مېھرىبان ئۇستاز ـ قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى 137 ـ بەت.

(58) مۇھەممەت ئابدۇللا: «زۇنۇن قادىرىي ۋە ئاقسۇدىكى كەچمىشلەر»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 3 ـ سان 37 ـ بەت.

(59) ، (61) م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 68 ـ ، 69 ـ بەتلەر.

(60) ، (62) ، (63) «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1992 ـ يىل نەشرى 81 ـ ، 536 ـ ، 670 ـ بەتلەر.

(64) ، (66) م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 63 ـ ، 70 ـ بەتلەر.

(65) تۇرسۇن قامھارىي: «مېنىڭ جاپاكەش ئۇستازىم»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 5 ـ سان 70 ـ بەت.

(67) قاۋسىلقان قامىجان: «ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى ئويلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى 14 ـ بەت.

(68) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۆمۈر تەلقىنلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 1 ـ سان 10 ـ بەت.

(69) «ئابدۇرەھمان قاھار: زۇنۇن قادىرىينى ئەسلەيمەن ـ قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى 125 ـ بەت.

(70) مۇھەممەت ئابدۇللا: «زۇنۇن قادىرىي ۋە ئاقسۇدىكى كەچمىشلەر»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 3 ـ سان 44 ـ بەت.

(71) ، (72) م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 43 ـ ، 450 ـ بەتلەر.

(73) «مۇھەممەت پولات: زۇنۇن قادىرىي ئىجادىيىتىدىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەر ـ زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى 32 ـ بەت.

(74) ، (75) «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى 79 ـ ، 84 ـ بەتلەر.

(76) ، (78) ، (80) م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 44 ـ ، 64 ـ بەتلەر.

(77) ، (79) قاۋسىلقان قامىجان: «ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى ئويلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى 12 ـ ، 6 ـ بەتلەر.

(81) «مۇھەممەت پولات: زۇنۇن قادىرىي ئىجادىيىتىدىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەر ـ زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى 20 ـ بەت.

(82) ئا. پ. چېخوف: «ھېكايىلەر»، «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى نەشرىياتى 1954 ـ يىل نەشرى 180 ـ بەت.

(83) «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى 103 ـ بەت.

(84) ئابلەت مۇھەممەت: «بىرلەمچى ئامىل ۋە زۆرۈرىي شەرتلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 3 ـ سان 56 ـ بەت.

(85) ، (86) م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا، II قىسىم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى 1957 ـ يىل نەشرى 227 ـ ، 68 ـ بەتلەر.

(87) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۆمۈر تەلقىنلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 1 ـ سان 18 ـ بەت.

(88) ر. ئېمىرسون: «ھايات ھەقىقەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 6 ـ سان 77 ـ بەت.

(89) «مۇھەممەت رېھىم: شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئىستىلى ـ قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى 327 ـ بەت.

(90) ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، گۈلچېھرە ئەزىز: «زېمىن تۇغقان چولپانلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 2 ـ ، 3 (قوشما) سان 8 ـ بەت.

(91) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 5 ـ ، 6 (قوشما) سان 10 ـ بەت.

(92) خېۋىر تۆمۈر: «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» (رومان)، 74 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى.

(93) «نېتزىي ئەقلىيلىرىدىن»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 5 ـ سان 12 ـ بەت.

(94) ، (96) ، (97) «قۇرئان كەرىم»، 39 ـ ، 68 ـ ، 34 ـ سۈرىلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.

(95) ئەختەم ئۆمەر: «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى 152 ـ بەت.

(98) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 5 ـ ، 6 (قوشما) سان 109 ـ بەت

(99) «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى 129 ـ بەت.

بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدي (تەكلىپ قىلىنغان)




# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ هازىر كىشىلەر «مەدەنىيەتلىك» دېگەن ئۇقۇمنى كومپيۇتېر، چەت تىللار...نى بىلىدىغان دېگەندەك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە ئۇستا بوپكەتتى. مېنىڭچە، ئەدەبىيات بىلەن تارىخنى بىلمەيدىغانلار يەنىلا مەدەنىيەتسىزلەردۇر.

ـ مۇھەممەتجان قۇربان

---

ئاپتور: كوچا ناھىيە ئاقئۆستەڭ يېزىسىدا

## هايات هېكمەتلىرى

▲ ئەجدادىڭنى چۈشىنەي دېسەڭ تارىخىڭغا، ئەۋلادىڭنى چۈشىنەي دېسەڭ ئۆزۈڭگە باق.

▲ ئارقاڭغا كۆز تاشلاپ ئەجدادىڭغا، ئالدىڭغا كۆز تاشلاپ ئەۋلادىڭغا قارا، شۇندىلا نېمىگە ئېرىشىپ، نېمىنى يوقاتقانلىقىڭنى بىلەلەيسەن.

▲ هېچبىر كۈلكىدىن دېرەك بەرمىگەندەك، سۈكۈت قىلىشمۇ يول قويۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مەسئۇل بولمىغان زىيالىي، تۇخۇم بېسىپ، چىقارغان چۈجىسىگە ئىگە بولمىغان مېكىيانغا ئوخشايدۇ.

▲ ئۇيغۇرنىڭ دېھقىنى ئويغانماي تۇرۇپ مىللەت گۈللەنمەيدۇ، ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيسى تۈزەلمەي تۇرۇپ ئىللەت تۈزەلمەيدۇ.

▲ گۇۋاھلىق ئۈچۈن شۇنداق كىشىنى تاپقىنكى، ئۇنىڭ ساڭا يا شاپائىتى، يا ئاداۋىتى بولمىسۇن.

▲ يۈرىكى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن سوققانلارنى ۋەتەن، مىللەتنى تاشلىۋەتكىنى يوق، يۈرىكى مال ـ دۇنيا ئۈچۈن سوققانلارنى مال ـ دۇنيا ساقلاپ قالغىنى يوق.

▲ ئەجدادى ۋە زامانداشلىرى ياساپ بەرگەن يولدا ماڭغانلار ـ داۋان ئاشمىغانلاردۇر.

▲ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمەسلىكنى ئۇلارنىڭ سېنى بايقىيالمىغىنىدىن ئەمەس، ئۆزۈڭنى ئۇلارغا تونۇتالمىغىنىڭدىن كۆرگىن.

▲ نوپۇزغا جەڭ ئېلان قىلىشتىن قورقما، ئەمما نوپۇز ئىگىسىدە يوق ئىللەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا ھاقارەت كەلتۈرۈشتىن قورق.

▲ زاماننىڭ بۈيۈك كىشىلىرى شۇكى، ئۇلار ئۆز دەۋرىدىن ھالقىغان ئىدىيىلەرنى بەرپا قىلغۇچىلاردۇر.

▲ ئالىملار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ، شەخس جەھەتتىن

دۆلىتىگە، مىللىتىگە تەۋە بولسىمۇ، ئۇنىڭ كەشپىياتى پۈتكۈل دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتكە ئورتاق (مەنسۇپ)تۇر.

▲ دۇنيادا توخۇ يۈرەكلەر بولمايدىكەن، قەھرىمانلارنى مەدھەيىلەش ھاجەتسىز ئىدى.

▲ دەرەخ ئۈچۈن يىلتىز قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئىنسان ئۈچۈن ئېتىقاد شۇنچىلىك مۇھىمدۇر.

▲ تۆھپە ـ ئەجىرسىز قېرىش، مەزگىلسىز پىشقان ۋە يىگىلىگەن مېۋىگە ئوخشايدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، ھاياتلىقدا ئەڭ كۆپ ماختالغۇچى، ئۆلگەندىن كېيىن ئەڭ كۆپ لەنەتلەنگۈچى بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا، (ئەكسىچە) ھاياتلىقدا ئەڭ كۆپ لەنەتلەنگۈچى ـ ئۆلگەندىن كېيىن ئەڭ كۆپ ماختالغۇچى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

▲ دۇنيادا ئارزۇ ـ ئارمانسىز ئادەم يوق، شۇنداقلا ئارزۇ ـ ئارمىنى قانغان ئادەممۇ يوق. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز ئىنتىلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتتۇر.

▲ پەرزەنتنىڭ كەلگۈسىنى مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇرغان ئاتا ـ ئانا، پەرزەنتنىڭ تەقدىرىنى دوغا تىككەن ئاتا ـ ئانىدۇر.

▲ زىيالىيلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ـ مىللەتنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىمى ۋە پەزىلىتىگە يۇقىرى ئۆلچەم قويمىغان مىللەت، خارابلىششقا يۈز تۇتقان مىللەتتۇر.

ـ ئەھمەتجان قاسىم

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى

*　　*　　*

▲ ھالال يېيىشتىن ھارامنى يېيىشكە پۇرسەت، ھارامنى يېيىشتىن ھالالنى يېيىشكە جۈرئەت كېتىدۇ.

▲ بىلىمسىز ئەر ـ ئۇنۇمسىز يەر.

ـ توختىچوڭ خۇدابەردى

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كانتايىلاق يېزا تىجەن ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تاش گىياھلار

▲ ئىدىيە ھەرىكەتنى بەلگىلىگەندەك، ھەرىكەت تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ.

▲ جەمئىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقى ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن باشلىنىدۇ.

▲ ئادەم باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندە، ئاندىن ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلىدۇ.

▲ بىرىنچىدىن ئاشىقنىڭ، ئىككىنچىدىن گۇناھكارنىڭ، ئۈچىنچىدىن ھاجەتمەننىڭ تىلى قىسقا بولىدۇ.

▲ دەرەخنىڭ يىلتىزى قانچە چوڭقۇر بولسا مەزمۇت بولغاندەك، ئادەمنىڭ تەپەككۇرى قانچە چوڭقۇرلاشسا شۇنچە سەۋرچان، ئېغىر ـ بېسىق بوپقالىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ئەڭ غەرەزسىز مېھىر ـ مۇھەببەتتۇر.

▲ ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئۆزى ئۈچۈن تۈزۈلگەن تۇرمۇش دەرسلىكىدۇر.

▲ ئادەملەر ئۆزى ئۈچۈن بۇ ئالەمدە نېمىلەرنىڭ ئەڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەندىلا خاتالىقتىن ساقلىنالايدۇ.

▲ مۇھەببەت باشقىلارغا بەرسىلا ئالالايدىغان نەرسە ئەمەس، باشقىلارنى سۆيۈندۈرەلىسە ئېرىشەلەيدىغان ۋاپادارلىق سوۋغىسى.

▲ سورۇن تالليماي سۆز قىلىش، ئەقلىدىن ھېسسىياتى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

▲ تۇرمۇش ئۆزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش، غەلىبە قىلاي دېسەڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى بىل.

▲ بىر ياخشى ھەمراھ بىلەن ئائىلە قۇرۇش، سەلتەنەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىنمۇ مۇھىم ۋە قىيىندۇر.

▲ ئادەم دۇنيانى چۈشەنگەنسېرى بىلىمىنىڭ ئازلىقىنى، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگەنگەنسېرى ۋاقىت (ئۆمرى)نىڭ قىسقىلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

▲ بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش ئادەمنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرىدۇ.

▲ ھاياتلىقىڭدا ئۆلۈمنى ئويلاپ قوي، سەۋرچان بولىسەن، ياش چېغىڭدا قېرىلىقنى ئويلاپ قوي، تىرىشچان بولىسەن.

▲ بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلاد ئۈچۈن كۆۋرۈك بولالىغاندا ئاندىن كىشىلىك جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

▲ مۇۋەپپەقىيەت ـ پۇرسەتنى يارىتىش ۋە تاللاشتا.

▲ تەڭرىدىن قالسىلا ئادەم ئىككىنچى ياراتقۇچىدۇر.

▲ تەبىئىي ئاپەت ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پەيدا بولغان ئوڭۇشسىز شارائىت.

▲ مەغلۇبىيەت گاھىدا بىز ئۈچۈن يېڭى بىر كۈننىڭ باشلىنىشى.

▲ ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ئاجىزلىقىنى ھەق ـ ناھەقنى توغرا پەرق قىلالماسلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

▲ تەبىئەت قۇشلارنىڭ تىلىدا گۈزەللىك ھەققىدىكى ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى، ئۆزىنى يېڭەلىگەن ياكى يېڭەلمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچەش كېرەك.

▲ ھەممە ئادەمگە ياخشىچاق بولۇشنى ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ سىرى بولمايدۇ.

▲ ئىقتىساد قارىشى كۈچلۈك ئەلدە بىلىملىكلەر كۆپىيىدۇ، لېكىن ئەخلاق ـ پەزىلەت بارغانسېرى سۇسلايدۇ.

ـ قۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سىياسىي مۇدىرى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئادەم «ئاق»تىن «قارا»غا ئايلىنىپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاشنى خالايدىغىنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆزى

ughurkitap.com

بولىدۇ.

▲ ئىنسانلار دائىم دۇنيانىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىدىن دادلايدۇ. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ دۇنيانى خاتا تونۇغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.

▲ ئىنساننىڭ يۈكسەك كامالىتى ـ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە يېتىشتۇر!

▲ خۇشاللىقنى ئۆزىدىن ئىزدەشنى بىلمىگەن ئادەم، بەختنىڭ يولىنى تاپمىغان، دەپ ئاۋارە بولمىسۇن.

▲ يۈكسەكلىكنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ تەقدىرچىلىكنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى.

▲ تەبىئەت شۇنداق بىر دەستۇركى، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا لايىق جايىنىلا تېپىپ ئوقۇيدۇ.

▲ دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ، «سىر»دىن ئىبارەت. شۇڭا دائىم بىز ئۇنى باشقىلارغا بېرىشكە ئالدىرايمىز.

▲ ئويلانماي قىلغان گەپ ـ سۆز ـ «پۇشايمان»ياسايدىغان زاۋۇت.

▲ نۇرغۇن غايە سۈكۈت قوينىدا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئاشكارىلانغاندىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيانى لەرزىگە سالىدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ھەممىدىن كۈچلۈك ۋاقتى ـ ئۇنىڭ ئەقلى بىلەن ھېسسىياتىنىڭ بىرلەشكەن ۋاقتىنىكى تۈيغۇسى.

ـ نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئاغارچى يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ تەۋەككۈلچىلەر ـ بىرى ئەڭ يەڭگىلتەك، يەنە بىرى، ئەڭ يۈرەكلىك ئادەملەردۇر.

▲ ئەركىن جەمئىيەت بەلكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان يوسۇندا تەكرارلىنىشىدۇر.

ـ جاناگۈل قەييۇم

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا شوخلىق كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر چۇقانلىرى

▲ «تەقدىر»نى چىشلەپ تارتقۇم يوق. چۈنكى مەن «تەدبىر»نى ئۆگىنىۋىدىم، ئۇ ماڭا ئەتىنى كۆرسەتتى.

▲ ئىلھام پەرىشتىنىڭ شۇئىرلاشلىرى ئەمەس، بەلكى غۇرۇرنىڭ پۇشقۇراشلىرىدۇر.

▲ باشقىلار ساڭا دۈشمەن بولمايدۇ. دۈشمەننى ئۆزۈڭ كىبىرلىك ياكى ئىزىلەڭگۈلىكىڭ بىلەن تاپىسەن. مانا بۇ تارىخنىڭ بىزگە قايتا ـ قايتا ئېيتىپ بەرگەن ھېكمىتى.

▲ مەن سۆيۈنىدىغان بىر خىل بەختسىزلىك بار، ئۇ بولسىمۇ ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ قىيىنلىشىشى. چۈنكى بۇ خىل بەختسىزلىك ياشلارنى يېڭىلىق يارىتىشقا «ھامىلدار» قىلىدۇ.

▲ ئىلھام بىلەن يېزىلغان شېئىر ـ سېھىر، تەپەككۇر بىلەن ئىلا-
ھامىلنىڭ بىرىنچىسى ـ پىكىر بولىدۇ.

ـ قۇربانجان يۈسۈپ(ماياك)

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا يېڭەنكۆل كەنتىدە، دېھقان

## تۇرمۇش تەسىراتلىرى

▲ «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەننى «كۆڭۈلدىن يىراق، كۆزدىن يىراق» دېسەك توغرا بولۇۋىدىكەن تۇرىدۇ. چۈنكى كۆڭۈلگە ياقمىغان ھامان كۆزدىن يىراق تۇرۇۋىدىغان گەپكەن.

▲ كۆرگەنلا كىشىگە ئىچ ـ سىرىنى تۆكۈۋىدىغان ئادەم، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچىنى قۇلۇپقا ئېسىپ قويۇۋىدىغان ئەخمەققە ئوخشاپ كېتىدۇ.

▲ تېخى تۇغۇلمىغان بالىڭىزغا مەنىلىك ئىسىملارنى قويۇشنى ئويلىغىنىڭىز ـ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىڭىزنى بالىڭىزغا قالدۇرغىنىڭىزمۇ؟

ـ ئالىمجان ياسىن

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ باشقىلارغا سوئال قويۇشنى بىلگەن ئادەم بىلىمگە، ئۆزىگە سوئال قويۇشنى بىلگەن ئادەم ھېكمەتكە ئېرىشىدۇ.

▲ خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالىغانلار ھەققىي شائىردۇر.

▲ ئەخمەقنى ئىشقا بۇيرۇش ـ ئۆزۈڭنى ئىشقا بۇيرۇغانغا تەڭ.

▲ نەسىھەتنى ئاڭلىمىغان ئادەم تەسەللىگە موھتاج بولىدۇ.

▲ باشقىلارنى چۈشىنەلمەسلىك، كۆپىنچە باشقىلارنى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ پۇشايمان ـ كۆزگە ھەم سۆزگە ئىشەنگەنلىكنىڭ نەتىجىسى.

ـ تۇرسۇنگۈل ھامىد

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇقسىز 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مۇنازىرە ئاخىرلىشىپ قارشىلىق باشلانسا، كومېدىيە ئاخىرلىشىپ، تراگېدىيە باش كۆتۈرىدۇ.

ـ ئايشەمگۈل مامۇت

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مېنىڭچە، غۇرۇرلۇق ـ ۋىجدانلىق ئوغۇللار مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ھاياتىدىكى بەختنىڭ يېرىمىغا ئېرىشىپ بولغان بولىدۇ.

ـ ھەسەنجان ھېسامىددىن

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيىسىدە، ئوقۇغۇچى

▲ ھەققىي ئازابلانغان كىشىنىڭ كۆزى ئەمەس، بەلكى يۈرىكى يىغلايدۇ.

▲ ئەمەلىي نەتىجە ـ تەشۋىقاتنىڭ ئۆزى.

ـ ئامانگۈل ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن ئاۋۋال ئۆزۈڭنى قەدىرلەشنى بىل، باشقىلار سېنى قانداق قەدىرلەشنى سەندىن ئۆگىنىدۇ.

ـ نۇرگۈل ئەركىن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 5 ـ دىۋىزىيە 86 ـ پولك «يېڭى ئەسىر» باللار باغچىسىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ بىر دەقىقىمۇ بالدۇر، ھەم بىر دەقىقىمۇ كېچىكىپ كەلمەيدىغان نەرسە ـ ئەجەل.

▲ كىمگە ئېچىنغۇلۇق؟ پەقەت مۇستەقىل كۆز قارىشى يوق ئادەمگىلا!

▲ ياخشى نام قالدۇرغۇچى ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشىسا، يامان نام قالدۇرغۇچى ئۆمۈچۈككە ئوخشايدۇ.

ـ ئىمام مەجىد(خەنجىرى)

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدا، دېھقان

## تەنھا ئۇچقۇنلار

▲ ئەخمەقلەر چىۋىنگە ئوخشاش ھەرقانداق نېمىگە قونۇپ باقىدۇ. دانىشمەنلەر ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش گۈل ـ چېچەكلەرگىلا قونىدۇ.

▲ بىپەرۋا ئادەم ـ بىر بولسا ئەڭ نادان، بىر بولسا ئەڭ ئەقىللىق ئادەم.

▲ دوستلۇق ھايات بەخۇد ھايات،
دۈشمەنلىك ھايات كۆرەشلىك ھايات.

▲ تەجرىبە ـ ئۆزى ئېقىپ كەتكەن دەرياغا سالغان «كۆۋرۈك»، ساۋاق ـ شۇ «كۆۋرۈك»تىن ئۆتۈش ئۇسۇلى.

▲ ئەگەر باللاڭ ۋاپاسىز بوپقالسا، باللاڭدىن ئاغرىنماي ئۆزۈڭدىن ئاغرىن. ۋاپادار بوپقالسا، ئۆزۈڭدىن خۇش بولماي باللاڭدىن خۇش بول.

▲ ناتىق گۈزەل ئايالنى كۆرگەندە كېكەچ بوپقالىدۇ. كالۋا گۈزەل ئايالنى كۆرگەندە ئۇگىشلىپ قالىدۇ.

## غىلاپتىن چىققان خەنجەرلەر

▲ ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ چىرايىغا ئىشەنسە، ئەرلەر كوچىغا ئىشىنىدۇ.

▲ ئاياللاردىكى ناز ـ ئەرلەرگە چىقىمسىز بېھوش دورىسىدۇر.

▲ ئەرلىرى پېتىشمىغان ئەلدە مازار كۆپ، ئاياللىرى پېتىشمىغان ئەلدە بازار (كۆپ).

ـ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ بەخت دېگەن نېمە؟ ئاخىرى يوق سېغىنىش، مەڭگۈلۈك سېغىنىش دېمەكتۇر.

ـ ئايتۇتى

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ رېستوران، كوچىلاردىكى يېرىم يالىڭاچ ئاياللارنى كۆرۈپ، «شەيتان بەزىدە ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈنىدۇ» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ قالدىم.

▲ تەپەككۇر دەرىخىنىڭمۇ ياۋىسى بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ مېۋىسىنى بايقاپ يېيىش كېرەك.

▲ ئەي باللار تورغا چىقساڭلار مەيلىغۇ، «تور»غا چۈشمەي.

▲ خۇراپاتلىق ـ تەڭرىگە تۆھمەت، بەندىگە زۇلمەت.

ـ ئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ئاتا ـ ئانىسى تۈگەپ كەتكەنلەر يېتىم ئەمەس، ھەقىقىي يېتىملىك ئانىسى تانىسخانىدا، ئاتىسى مەيخانىدا.

ـ ئاسىيە نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ كەسپى 2002 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قانۇن چەكلەپ، توسۇپ بولالمىغان ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى توسقۇچى ئەڭ ئادىل، ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئاخىرقى قانۇن بولسا ۋابا ۋە توپاندۇر.

ـ توختىنىياز ئالىم

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ مەردىنىڭ ئاتقان ئوقى ئالدىڭدىن كېلىدۇ، نامەردىنىڭ ئاتقان ئوقى ئارقاڭدىن.

ـ ئامىنە ئەھمەت

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ خاتالىق ـ خاتالىقنى توغرا تونۇپ يەتكەن كىشىنىڭ غەلىبىسى.

▲ خىيالپەرەسلىك كىشىنى زەھەرلىك چېكىملىكتەك تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ.

ـ ئەھمەتجان جاپپار

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ گۈللىنىش ئىچىدە ئالدىنىش، ئالداش ـ ئالدىنىشنىڭ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، راھەت ئاساسىدا باپلىنىشى.

ـ ئابلەت ئابلىمىت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىش ئىرادىسىزلارغا ھالاكەت ئەكەلسە، ئىرادىلىكلەرگە غەلىبە ئەكېلىدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، غەلىبە ـ ئاستى قان ـ تەر بىلەن قوپۇرۇلغان، چوققىسىدا بايراق لەپىلدەپ تۇرغان مۇنار؛ مەغلۇبىيەت ـ ئۈستىدە خائىنلار ئۇسسۇل ئوينايدىغان، ئاستى قەھرىمانلارنىڭ جەسەتلىرى تولۇپ كەتكەن سەھنە.

▲ۋاستىلىق يەڭگەن كىشى ئەقىللىق ھېسابلانسا، بىۋاستە يەڭگەن كىشى باتۇر ھېسابلىنىدۇ.

▲كىشى ئېقىن سۇغا قارىغاندا، تىنىق سۇدا ئاسان ئۆلۈدۇ.

ـ ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲بېغىغا كىرىپ مېۋە ئوغۇرلاۋاتقان ئادەمگە گەپ قىلمىغان ئادەم بىر بولسا ياۋاش، بىر بولسا ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، مەرد ئادەم.

ـ رەھىمە مامۇت

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئوتاسۇ كەنتىدە، دېھقان.

ئىنسان بالىسىنىڭ خورۇچى ئانا تېنىگە بىردەملىك ھېسسىيات ئويۇنى بىلەن كىرگەن بولغاچقا، بىز ئىنسانلار ئويۇنغا شۇنچە ھېرىسمەن تۇغۇلىمىز.

ـ روزىمۇھەممەت ئابدۇللا

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا يولچىكۆل كەنتىدە، دېھقان

▲بۇ ھاياتتا نە ئۈچۈن
كۆزلىرىم ياش، ئۆمرۈم خار.
تىكىشاپ كۆرسەم ئەسلىمنى،
تىلىم ئۇغا، ئىچىم تار.

ـ جانابىل تۇرسۇن ماتاي

---

ئاپتور: قاراق، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە 64 ـ پولك چارۋا ئەترىتىدە

▲مەيلى تۇرمۇشىڭىز قانچىلىك قىيىنچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان، مۇھىتىڭىز قانچىلىك ناچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز چوقۇم سەۋرچانلىق بىلەن ئەتراپىڭىزدىكى ئەۋزەللىكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانسىڭىزلا، غەلىبىگە ئېرىشەلەيسىز.

ـ ياسىنجان ھېيت

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچ-

سى

▲كۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالمىغان ئادەم بىر بولسا ئەڭ ئاجىز ئادەمدۇر، بىر بولسا ئامالسىزدۇر.

ـ مۇخپۇللا سايىت (سوغۇققان)

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲سىنىڭ بۇنداق پۇشايمان ۋە ئازابتا قېلىشىڭ بىر بولسا دەردىڭنىڭ كۆپلىكى، بىر بولسا مەخپىيىتىڭنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن.

ـ بۇۋىخەلچەم مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكولتېتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر چېقىنلىرى

▲ئادەملەر دەۋرگە ئۆزىنى تونۇغان ھالدا ماسلاشسۇن، ھەرگىزمۇ دەۋر ئۆزگەردى، دەپ ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتمىسۇن، چۈنكى دەۋرنى ئادەم ئۆزگەرتىدۇ.

▲قۇرۇق نەزەرىيە رەڭگى ئۆچۈدىغان بوياق.

▲تېخنىكا ئىنقىلابى ـ ئادەملەردە بىلىش، رىقابەت، ماسلىشىش، بېسىمغا چىداش روھى پەيدا قىلسا، روھنى يېڭىلاش ئىنقىلابى ـ ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى تونۇشى، ئۆزىنى ئىزدىشى، چۈشىنىشى، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولى ئۈستىدە ئىزدەندۈرىدۇ.

ـ ئابدۇلئەلى يۈسۈپ

---

ئاپتور: گوما ناھىيە دۇۋا بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ھەممە تەرىپى ئاشكارا بوپكەتكەن شەيئىلەر كىشىلەرنى جەلپ قىلالمايدۇ، چۈنكى بىزنى قىزىقتۇرۇدىغىنى، دەل ئۇنىڭ ئاشۇ بىز بىلمەيدىغان سىرلىق تەرىپىدە.

▲كەيپىيات چارچىمىسا، مېڭە چارچىمايدۇ.

ـ گۈلباھار سابىر

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى

▲مەكتەپ خىش زاۋۇتى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئادەملەرنى تاۋلاپ چىقىدىغان پىچ بولۇشى كېرەك.

ـ مۇھەممەت ئىسمائىل

---

ئاپتور: كوچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى دۆۋىلىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## يۈرەك سۆزۈم

▲دادامدىن كىچىك يېتىم قالغاچقىمۇ، دادامدىن تېخى ئېلىپ بولالمىغان تەربىيىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئېلىۋاتىمەن.

ـ ئابلىكىم ئابدۇرېھىم (ياۋاش)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئاپتور: ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈكتە يەككە تىجارەتچى

* * *

▲ مۇھەببەت نېمە؟ لەززەتلىك ئازاب.

— ئوغلىم قاسىم

ئاپتور: خوتۇنسۇمۇل (خىجىك) ناھىيە بارۇن خارمۇدۇن يېزا بەلچىر كەنتىدە، دېھقان

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىزگە قانداق ياشاشنى ئۆگەتسە، «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى قانداق يولدا مېڭىشنى ئۆگەتتى.

— ئابدۇرەھمان ئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ھېچقانداق ئىنسان خاتالىق ئۆتكۈزۈشنى خالىمايدۇ، ئەمما ھېچكىممۇ خاتالىقسىز ياشىيالمايدۇ.

▲ شارائىتتىن زارلىنىش - ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ بېتەرسىزلىكى.

▲ خۇمارى تۇتۇش دېگەن نېمە ئۇ؟

مېنىڭچە ئۇ، ئىرادىسىزلارنىڭ تاپقان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى.

▲ ئىنسانلار ئازابىنىڭ مەنبەسى ئاساسلىقى - كېلىشەلمەسلىك، قانائەتسىزلىك ياكى بولمىسا دۈشمەنلىشىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

— غۇلامجان قادىرى قۇتبىلىگ

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ خادىمى

* * *

▲ ھوقۇق ۋە دۇنيا ئادەملەرنى خۇددى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

▲ مەن ئۇنى بىر تەقۋادار كىشى دەپ ھۆرمەتلىگەنىدىم، ئەپسۇس، ئەسلىدە ئۇ بىر پەتىۋاچى ئىكەن.

▲ قانۇن بىلەن ۋىجداننىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشى بىر قىسىم كىشىلەرنى يۈرسەتكە ئىگە قىلسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ.

— باھارگۈل ئوسمان

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 29 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ غەيۋەتخورلار غەيۋەت قىلغاندا، ئىبلىس ئۇلارنىڭ لەۋلىرىگە ھەسەل سۈرەرمىش.

دانىشمەنلەر غاپىللارغا ئىلىم - مەرىپەت بايان قىلغاندا، ئىبلىس غاپىللارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ سۈرمىسىنى سۈرەرمىش.

▲ ھەرقانداق بىر قەۋمنىڭ كىشىلىرىدىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوقالسا، بۇ قەۋمدە ساختىپەزلىك دەرىجىدىن تاشقىرى بازار تاپىدۇ.

— ئابدۇسالام كېرەم

ئاپتور: تۇرپان شەھەر يار يېزا يېڭىتۇر مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ ئەرلەر پەرۋاسىز، ئاياللار ھاياسىز جەمئىيەتتە ئاپىرىدە بولغان بالا مەسئۇلىيەتسىز چوڭ بولىدۇ.

▲ كوچىلاردا ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ كۆپىيىشى، جەمئىيەتتە ئاڭسىز كىشىلەر كۆپەيگەنلىكىنىڭ بەلگىسى.

— ئىمىنتوختى توختىباقى (سىزگۈر)

ئاپتور: گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزا قۇمبويى كەنتىدە، دېھقان

## زامانداشلىرىمغا دەيدىغانلىرىم

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، ئەگەر بىر مىللەتنىڭ مائارىپى تەرەققىي قىلسا، شۇ مىللەت كىشىلىرى باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئالدىدا خۇددى مېھماندەك ئەزىز بولىدۇ. ئەكسىچە، بىر مىللەتنىڭ مائارىپى تەرەققىي قىلمىسا ياكى ئۇزۇن مۇددەت بىر ئىزدا توختاپ قالسا، ئۇ ھالدا شۇ مىللەت كىشىلىرى مائارىپى تەرەققىي قىلغان باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ ياللانما خادىمى ياكى چاكىرى ئورنىغا ئۆتۈپ قالىدۇ.

▲ ئائىلىدە ئەر كىشى پالاكەت بولسا، ئاتا - ئانىلار جاپادا، خوتۇن - بالىلار خورلۇقتا قالىدۇ.

▲ تۈنۈگۈن بۈگۈن ئۈچۈن تارىخ، بۈگۈن بولسا ئەتە ئۈچۈن قۇربانلىق.

▲ ھەقىقىي ئازابنىڭ نېمىلىكىنى سەن ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان نەرسەڭدىن ئايرىلغاندىلا ئاندىن ھېس قىلىسەن.

▲ ھاراق بىلەن تاماكا شەيتاننىڭ ئەرلەرنى ئازدۇرۇۋاتقان ئوڭ ئەمچىكى بولسا، مودا ئاياللارنى ئازدۇرۇۋاتقان سول ئەمچىكىدۇر.

▲ كېچىنىڭ مىڭ كۆزى بار.

▲ مىخمۇ يېرىق ياغاچقا بەكرەك تېز ماڭىدۇ.

— ياسىنجان ئۆمەر

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## روھىيەت خەزىنىسىدىن ئۈنچىلەر

▲ ئادەمنىڭ مېڭىسى بىر خەزىنە، ئۇنىڭ ئاچقۇچى بولسا تەپەككۇر.

▲ ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا، ئادەم ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ.

▲ ئادەم نېمىگە ئېرىشىشنى ئويلىسا، شۇ نەرسىنىڭ قۇلى بولۇپ ياشايدۇ.

▲ بۇ دۇنيادا ئىشى تۈگىگەن ئادەم - ئۆلگەن ئادەم.

— ئابدۇكېرىم ئامانئەلى

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲تىل ـ شېكەر بىلەن زەھەردىن ئەيلەنگەن خېمىر.

▲باي ـ چىرىك مەنسەپدارلارنىڭ مەئىشىتى ئاستىغا يوشۇرۇنغان سىرنى چۈشەنسەڭ، نامراتلار گۇناھىنىڭ سىر ـ ئەسرارىغا يېتىسەن.

▲ئۆلۈمگىنى ئۆيلىساڭ قەبرىگە باق، ئۆمرۈڭنى ئۆيلىساڭ نەۋرىگە.

ـ نۇرئەھمەت ئۆمەر (قوشتاغ)

ئاپتور: گوما ناھىيە قوشتاغ يېزىسىدا، دېھقان

## تەپەككۇر شىرنىسىدىن تامچىلار

▲ھەقىقەتنى كىتابتىن ئىزدەپ ئاۋارە بولما، چۈنكى ھەقىقەتنىڭ ئورنى: بىرى، غالىبلار تەختىنىڭ ئۈلىدا، يەنە بىرى، مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ تەجرىبە ـ ساۋىقىدا.

▲ھەقىقەتكە كۆز يۇمغىلى بولماسلىقنىڭ سەۋەبى، ھەقىقەتنىڭ سىيماسى كۆزنى يۇمغانلىق بىلەنمۇ كۆڭۈل ئېكرانىغا چۈشۈۋالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئوقۇش يولى ئەڭ ئەرزان ئۇنىۋېرسىتېت.

ـ سەئىددىنجان غوپۇر

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲كىشىلەر ئوت بىلەن سۇنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئۇقۇم دەپ قارايدۇ. بىراق مەن ئۇنداق قارىمايمەن. ئوت (ئىسسىقلىق) بىلەن سۇ دۇنيانى مەۋجۇد قىلغۇچى ئاساسىي ئامىل. ئادەملەر ئوتنى سۇ بىلەن ئۆچۈرۈپ، ئۇلارنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇۋالغان.

ـ شاۋقۇن

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە تومشۇق شەھىرى پىچاقچىسۇندى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن قانچە قارشىلاشقانسېرى، تەبىئەت شۇنچە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

▲ تۇرمۇش ئادەمنى بەزىدە قويدەك ياۋاش، تۈلكىدەك ھىيلىگەر، يولۋاستەك ياۋۇز قىلىپ قويىدۇ.

▲بىلىمسىز موللا خەلقنى «دىنىي خۇراپاتلىق» پاتقىقىغا سۆرىسە، بىلىمسىز ئوقۇتقۇچى خەلقنى «زامانىۋى خۇراپاتلىق» پاتقىقىغا سۆرەيدۇ.

▲ مىللىي روھ ـ مىللەتنىڭ روھىي ئومۇرتقىسىدۇر.

▲ ھۆسنىمنى تۈزەيمەن دەپ ئۆز تەبىئىتىگە ئاسىيلىق قىلىۋاتقاندىلارنىڭ ھۆسنىدىكى كەمتۈكلۈك ئەسلىي ئۆزىنىڭ روھىدا.

ـ «يۇلغۇن»

ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدە دېھقان ئىشلەمچى

▲باشقىلارغا چېكىدىن ئاشۇرۇپ ھۆرمەت تۇيغۇسىدا مۇئامىلە قىلىش، بىر بولسا قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمىتىنىڭ شۇنچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ يەنە بىر بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىگە ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان شۇملۇقلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلغاندىن بېرى، ئۇنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى كىشىلىك تۇرمۇش يولۇمدا دۇچ كەلگەن، ئۆزۈم ھەل قىلالمىغان ھەم ھەل قىلىشقا قۇربىم يەتمىگەن ئىشلىرىمنىڭ ئادىل سوتچىسى بوپقالدى.

ـ ئابدۇۋەھھاب جەلىل

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## شىڭگىل روھلار

▲سەن باشقىلارغا باھا بەرسەڭ، باھايىڭدىن باشقىلار ساڭا باھا بېرىدۇ.

▲يىگىت جاسارەتتە، قىز نازاكەتتە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

▲بىر قېتىم كەتمەن چېپىپ باقساڭ، دېھقانىنىڭ قاتتىق ناننى نېمە ئۈچۈن ھۇزۇرلىنىپ يەيدىغانلىقىنى ئاندىن چۈشىنىسەن.

▲گۇمانىڭ بىر بولسا ئەڭ توغرا ھەقىقەت، بىر بولسا قارا چاپلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲بېخىسق ئادەمنىڭ ئۆمۈر دەپتىرىگە پۇشايماندىن باشقا خاتىمە يېزىلمايدۇ.

▲ ھارام بايلىق خۇددى ماكاپ گۈلگە ئوخشايدۇ. دەسلەپتە چىرايلىق گۈل ئېچىلغاندەك قىلغان بىلەن، بىردەمدىلا توزۇپ كېتىدۇ.

▲كېچە ـ گۇناھلارنىڭ چۈمبىلى.

▲ «زىغ ـ زىغ» تۇتۇلغان گۈللۈك كىيىم چىرايلىق كۆرۈنگەنىدەك، يالغان گەپمۇ نىقابلىرى بىلەن كۆڭۈلگە بەك ياقىدۇ.

ـ مۇھەممەدۇن سەمەت ئەلقادىر

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تاسادىپىي قوزغالغان ھېسلار

▲ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىردىنبىر قالقىنى «دۇنيادا ئازماس بەندە يوق».

▲ئەتىسى تۈگمەيدىغانلارغا «ھورۇن ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىر» دېگەن ھېكمەتنى سوۋغا قىلماقچىمەن .

▲ بۇرۇن «بىلىم ـ كۈچ دېمەكتۇر» دېيىلەتتى. ھالبۇكى، پۇل ھەممىنى ئۆزىگە قول قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئىككىسىنىڭ ئورنى ئالماشقاندەك قىلىدۇ.

ـ يۇنۇسجان روزى

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ پۇرسەت ھەمىشە تەييارلىقى بار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

▲ ئىنسان ئۈچۈن مەقسىتىگە يېتەلمەسلىك ئازابنىڭ مەنبەسى.

- پاتىگۈل قۇتلۇق (قاينام)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 5 - دىۋىزىيە 86 - پولك پاختا زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ

▲ كەتمەننىڭ دەردىنى قول بىلىدۇ، لەززىتىنى دىل.

- ئابدۇۋەلى توختى

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا ئاياغمازار كەنتىدە، دېھقان

▲ قەشقەر، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى گەرچە نامرات بولسىمۇ، روھى، تەپەككۇرى يەنىلا ئويغاق. ئىشەنمىسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى كۆرۈپ باق.

- مۇھەممەتئېلى روزى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزا قومۇشئېرىق كەنتىدە، دېھقان

▲ نامراتلىق سېنى ھەر كويلارغا سالسا، مۇھەببەت سېنى ھەر ئويلارغا سالىدۇ.

- رەناگۈل ئابدۇرېھىم دىلكىشى

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق 13 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تاماقنى يەپلا ئوخلىغانلىق، زەھەرنى يەپلا ئوخلىغانغا باراۋەر.

- مەتىمىن كېرىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە ئويتاغ يېزىسىدا

▲ ئاشكارىلانمايدىغان مەخپىيەتلىك يوق. بۇ مەخپىيەتلىك بىر بولسا، ئىشەنگەن ئەڭ يېقىن ئادىمىڭ، بىر بولسا ئۆزۈڭنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىدۇ.

- يۈسۈپجان ھامىد

---

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازىرى لاپار كەنتىدە، دېھقان

▲ نادانلار ۋاقىتنىڭ قۇلى، ۋاقىت دانالارنىڭ قۇلى.

▲ پۇل - تەرەققىياتنىڭ كاتالىزاتورى.

- مۇھەممەتئېلى ھېمىت

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تاتلىق سۆزنى بىر قېتىم ئاڭلاش كىشىگە ھوزۇر بېغىشلىسا، تەكرار ئاڭلاش كىشىگە تېلېۋىزوردىكى ئېلانلارنى ئەسلىتىدۇ.

▲ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت - ئوخشاش خاتالىقنى قايتا سادىر قىلىشتۇر.

- كامىلجان ئابدۇكېرىم (نەسىمي)

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ 2 - يىللىق 8 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كىچىك چاغلىرىمدا ئاتام دائىم: «سەن ئىچكەن سۇدىن مەن ئىچكەن تۇز جىق، سەن ماڭغان يولدىن مەن ئۆتكەن كۆۋرۈك تولا» دېگەندەك ھايات ھېكمەتلىرىنى سۆزلىگىنىدە سۆزىگە قۇلاق سالماپتىكەنمەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن دېھقانلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇ ھېكمەتلەرنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك بولدۇم.

▲ ئىلگىرى، ئەتىگىنى قوڭغۇراقلىق سائىتىم مېنى ئويغاتسا، ھازىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەپەككۇرۇمنى ئويغاتماقتا.

- يۈسۈپجان ياسىن

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2003 - يىللىق 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاياللارنى ھەقىقىي گۈزەل كۆرسىتەلەيدىغان نەرسە ئۇچىسىدىكى قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت بولماستىن، بەلكى كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن مۇلايىملىق، يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى تەمكىنلىك ۋە جىسمىدىكى ئاق كۆڭۈللۈكتۇر.

▲ كەڭ قورساقلىق دوستنى كۆپەيتىدۇ، بىخۇدلۇق دۈشمەننى...

- مەۋجۇدەم سەلەي

---

ئاپتور: ئىلى قورغاس چېگرا مالىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ خىيال - ۋاراقلىساڭ تۈگىمەيدىغان كىتاب.

- مېھرىگۈل روزى (مېھرگىياھ)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئىجتىمائىي پەن تەجرىبە سىنىپ 2003 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۇنتۇلغان تارىخنىڭ ھەقدارلىرىمۇ ئۇنتۇلغان بولىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ سېنى قانداق چۈشىنىشى مۇھىم ئەمەس، لېكىن سېنىڭ ئۆزۈڭنى ئىپادىلىمەسلىكىڭ بىر پاجىئە.

- ئىمىن تاجى

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## يېنىۋاتقان چوغلار

▲ ئۆزئارا ئىشەنچ بولمىغان يەردە، ئەڭ ئاددىي ئىشمۇ مۇرەككەپ مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ قانچە كۆپ باھانە - سەۋەب كۆرسەتكەنسېرى، پاتقاققا شۇنچە چوڭقۇر پېتىپ كېتىسەن.

▲ ئۆزگىچە پىكىرلىك ئادەملەردىن ئۆزگىچە ئۇمىدلەرنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

▲ بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنىڭ قانداقلىقى، ئۇنىڭ كۆڭۈل ۋەسۋەسىلىرى ئالدىدىكى پوزىتسىيىسىدە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ھەرقانچە ھاكاۋۇر ئادەممۇ ھاجىتى چۈشكەندە مۇلايىم، رايىش

www.uyghurkitap.com

ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ نىيىتىمىز توغرا، مېڭىمىز سەگەك تۇرالىسىلا، بىز پۇشايمان قىلغۇدەك ئىش قالمايدۇ.

▲ ئادەم ئىككىلەنگەندە ئۇنى باش ئەگدۇرۇش ئەڭ ئاسانغا توختايدۇ.

▲ ئەگەر قايتا تاللاش ئىمكانىيىتىم بولسا، يەنىلا ھازىرقىسىنى تاللىغان بولاتتىم، دېيەلىگەن ئادەم تولىمۇ بەختلىك ئادەمدۇر.

ـ ئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلىرى ئالىي تېخنىكومى چوڭلار 2005 ـ يىللىق سىنىپى 5 ـ چوڭ ئەترەت ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مۇھەببەت ـ كەڭرى يايلاقتىكى چېپىپ كېتىۋاتقان تايچاققا ئوخشايدۇ، رېئاللىق بولسا يۈگەندۇر.

ـ ئېلى جاپپار

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە كۇلاخما يېزا ئارا ئۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان

**تەپەككۇر بۇرۇغۇنلىرى**

▲ تەبىئىي قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلىدۇ، روھىي قۇياش يۈرەكتىن.

▲ ئىنسان ئىشلەپ تېپىپ، ھايۋان ئىزدەپ تېپىپ ئوزۇقلىنىدۇ. تەييارغا ھەييارلار بەئەينى تائامغا قونغان چىۋىندۇر.

▲ قورسىقى ئاچلارغا ئوزۇق، ئاجىزلارغا ياردەم بەرگۈچى ـ ساخاۋەتچى، روھىي ئاچلارغا ئوزۇق بەرگەنلەر نىجاتچى.

▲ ئىجتىمائىي ئالاقىدا غوللۇق، ئىقتىسادىي ئالاقىدا پۇللۇق كىشىلەر يول تاپىدۇ.

▲ قايسى قەۋمدە دېھقانلار نىسبىتى يۇقىرى بولسا، شۇ قەۋمنىڭ تاپاۋىتى ئاز بولىدۇ.

▲ بىلىم قەدىرسىز، ئالىم قەدىرسىز جايدا ئادەم قەدىرسىز بوپقالىدۇ.

▲ مىللەتتىكى تەپەككۇر چۈشكۈنلۈكى، بارلىق پۇرسەتتىن مەھرۇملۇقى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مەكتىپى بوپقالدى.

ـ ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بەزى «ئاتىلىرىمىز»نىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپلەرگە قاراپ، ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىنى نېمشقا ئۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

▲ كىشىلەرنىڭ يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشكەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىل سىغمامدىكىن دېسەم، كۆزلىرىدە «ئۇرۇش» قىلىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ!

▲ بىنالار كۈنسېرى ئېگىزلەۋاتىدۇ، ئەخلاق ۋە شەرم ـ ھايا بارغانسېرى «پەس»لەۋاتىدۇ.

▲ 90 ياشلىق بوۋامنىڭ ئولتۇرسا قوپالماي، قوپسا ئولتۇرالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «شەيئىلەر تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئۆز ھالىتىگە قايتىدۇ» دېگەن ھەقىقەتكە راستىنلا ئىشەندىم.

ـ ئامىنە قادىر

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پۈتكۈل دۇنيانى قورال ـ ياراغ ئارقىلىق بويسۇندۇرغىلى بولمىغان بىلەن، ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق بويسۇندۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن.

ـ ئابدۇۋەلى غېنى

---

ئاپتور: تۇرپان شەھەر چىچان بازار قارايۈزى غولى ئاھالىلەر 3 ـ كومىتېتىدا

▲ مەغلۇب بولغاندا مەيۈسلەنگەندىن كۆرە، رىقابەتچىڭنى تونۇۋالغىنىڭدىن خۇش بول.

ـ شەرىپە بىلال

---

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئېتىقاد چەكتىن ئاشقاندا، رېلىستىن چىقىپ كەتكەن پويىزغا ئوخشاپ قالىدۇ.

ـ مۇزەپپەر مۇھەممەت

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيە ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بۇ دۇنيادا ئۈمىد ناخشىسىنى ئېيتىشنى بىلمىسەڭ، تىرىك تۇرۇپ ئۆلگىنىڭنى سەزمەي قالىسەن.

ـ نىياز ئىمىن

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ۋاقىتنىڭ قەدرىگە سەكراتتىكى ئادەم ھەقىقىي يەتسە كېرەك.
جاھىل ـ تەرسا كىشى نوختىدىن بوشانغان ئېشەككە ئوخشايدۇ.

ـ ئوسمان تۇغلان

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا چاسكام كەنتىدە، دېھقان

▲ بالا ـ ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ ۋاراتا ئوتتۇرىسىدىكى توپ.

▲ قەپەستىكى شىرنىڭ پۇرسەت تاپسا تاماشىبىننى يەپ قويۇشى، ئەركىسىزلىككە بولغان ئىسيان.

ـ تۇرسۇن توختى

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ئىنسانلار بۇرۇن دەرەختىن، كېيىن ئاغىلاردىن يەر يۈزىگە كۆچكەن، ھازىر بولسا يەردىن يەنە كېيىن بىنالارغا كۆچۈۋاتىدۇ.

▲ بالىنى كىچىكىدىن ياخشى تەربىيىلىمەي، چوڭ بولغاندا باشقۇرالماي ئۇرغىنىڭ، ئۆزۈڭنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك گۇناھىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ جازالىغىنىڭ.

— سەيپۇللا

---

ئاپتور: تۇرپان شەھەر چاتقال يېزا ئاگونۇرى كەنتىدە، دېھقان

▲ پول كۆرسەتكەن دوست ئەمەس، پول باشلىيالىغان دوست.

▲ يېتىلمىگەن ئەر — پىشمىغان يەر.

▲ بېلى بوش ئەر — زەيلەشكەن يەر.

▲ نىشانى يوقنىڭ ئۇچارى بار، قونارى يوق.

▲ قورقۇنچاقلىق — روھقا سېلىنغان كىشەن.

▲ ئاچكۆزلۈك — ھاياتلىق يولىغا قۇرۇلغان قاپقان.

— تۇرسۇن پازىل

---

ئاپتور: ئاراتۇرۇك ناھىيە ئاداق يېزىسىدا، دېھقان

**قەلب قەپىسىدىن چاچراندىلار**

▲ ئاتا — ئانىلار چېھرىگە مەزگىلسىز قورۇق چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى ئىككى خىل بولىدىكەن: بىرى، يارامىلىق ئەۋلادتىن بولسا، يەنە بىرى، يارىماس، كۆكەرمە، ياغاچ قولاق، قارا ئۆپكە ئەۋلادتىن بولىدىكەن.

▲ تەپەككۇر — مەنىۋى قۇللۇقتىن ھۆرلۈككە چىقىشنىڭ تۈنجى قەدىمى.

▲ دوراش — شەكىلدىن باشلىنىدۇ.

▲ سىياسىي سەزگۈرلۈكى يوق، خاس تەپەككۇرى يېتىلمىگەن خەلقتىن بىر بۆلۈك تراگېدىيىلىك، كومېدىيىلىك قەھرىمانلار چىقىدۇ-كى، رېژىسسور چىقمايدۇ.

▲ ئۆزىگە ئىشىنىش — غالىبلارنىڭ شوتىسى.
ئۆزىنى كەمسىتىش — ئاجىزلارنىڭ سىرتمىقى.

▲ مىللەت روھىيىتىدىكى بۇزۇلۇشلار ئەڭ ئاۋۋال سەنئەت قارىشىنىڭ، سەنئەتنىڭ بۇزۇلۇشىدا كۆرۈلىدۇ.

— دىلشاد ھەبىبۇللا

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە پۇسار چارۋىچىلىق مەيدانى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بىرى، سېنى يېقىن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن سەنلىسە، بىرى، سېنى مەنسىتمىگەنلىكى ئۈچۈن سەنلەيدۇ.

— گۈلجەملە ھەبىبۇللا (ئوقيا)

---

ئاپتور: خوتەن شەھەر 3 — ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 — يىللىق 3 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دوستۇڭدىن كۆڭلۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئال، ئۇ ساڭا تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

— رابىيە ئاۋۇت

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى

**دۆلەتنىيازنىڭ ئەلەملىك تۇيغۇلىرى**

▲ زۇلۇمغا ئۇچرىماي دېسەڭ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز نەپسىڭنىڭ زۇلمىدىن ئازاد بول.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، ئادالەتلىك دەۋردە شۈكۈرچانلىقنى، جاھالەتلىك دەۋردە ناشۈكۈرلۈكنى ئۆزۈڭگە خۇلق قىل.

▲ قەھرى — غەزىپى ئوچۇق دۈشمەندىن، ئېغىزىدىن كۈلكە — چاقچاق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان دۈشمەن نەچچە ھەسسە قەبىھ.

▲ «شارائىت يوق» دېگەن سۆز — ئاجىزلىقىمىزنىڭ جان يېرى. بۇ سۆزنى لۇغەت تەركىبىدىن چىقىرىۋەتمەي تۇرۇپ تەرەققىي قىلىشنى ئويلىمايلى.

▲ ئېتىقادتىكى چاللىق — غەپلەتتىكى باللىق.

▲ «چالا موللا دىن بۇزار» دېگەن ماقال ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، شوئار قانچە كۆپ بولسا، ئەمەلىي ئىش شۇنچە ئاز بولىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ خارلىقى ئىككى سەۋەبتىن: بىرى، ھەقىقەتنى سۆيمەي سەپسەتىنى سۆيۈشتىن، يەنە بىرى، ئۆزىنى سۆيمەي باشقىلارنى سۆيۈشتىن. بۇنىڭدا بىرىنچى سەۋەب ئىككىنچى سەۋەبنىڭ ئاساسىدۇر.

▲ بارار يېرىنى بىلمىگەن ئادەم، تۇرار يېرىنى بىلمەيدۇ.

— دۆلەتنىياز مۇھەممەتروزى (نۇرتۇغ)

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا 2 — ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ «ۋىجدان دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغۇچىلارغا شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگۈم كېلىدۇ: ئۇ، قەلبىڭدىكى ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ تۇرغۇچى كۆرۈنمەس پەردە.

— زۇلفىيە قۇربان

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 — يىللىق 5 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئوغرىنىڭ ئاسانلا پاش بوپقېلىشى كالتە پەملىكىدىن بولسا، خىيانەتچىنىڭ ئاسان پاش بولماسلىقى، ھىيلە — مىكرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا.

— مۇھەممەت مامۇت

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ھايۋاناتلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش — نازارەت قىلىش پونكىتىنىڭ مالىيە خادىمى

**تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى**

▲ ھەرقانداق ئىنساندا غايە بولىدۇ. لېكىن غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس. چۈنكى نۇرغۇن ئادەم ئۆز غايىسىنى ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

▲ مۇناپىقلىقنىڭ ئاكىسى يەسكەشلىك، ئىنىسى قورقۇنچاقلىق، دادىسى ئىككىيۈزلىمىچىلىك ۋە ئىرادىسىزلىك، ئانىسى خۇشامەتچىلىك، بوۋىسى شەخسىيەتچىلىكتۇر.

▲ ئەقىل ئۈرۈقى ئەگەر ئاۋۋال ئانىلار قەلبىدە بىخلانسا، دۇنيا ھەقىقىي تەرەققىي قىلالايدۇ.

ـ مەريەمگۈل ئابدۇرېھىم

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى 2001 ـ يىللىق 11 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ تەنھالىق كىشىگە بىر بولسا مۇۋەپپەقىيەت تەرىپىدىن، بىر بولسا ھەسەت كۈچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنىدۇ.

▲ ھازىرقى دۇنيادا سالاپەتلىك بولغاندىن سالاھىيەتلىك بولغان ياخشى. چۈنكى سالاھىيەت جەمئىيەتتىكى نوپۇزىڭنى بەلگىلەيدۇ.

▲ زىيادە تىنچلىق تەپەككۇرنىڭ گۆركارى.

▲ سەن ئالدىڭدىكى ھالاكەتنى يوقىتىش ئۈچۈن يېنىڭدىكى نازىنىندىن پەخەس بول.

▲ مەن تۈز يولدا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەندە، تەقدىرنىڭ نېمە لىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

▲ ئوقۇرمەنى بولمىغان يازغۇچى، ئوقۇغۇچىسى يوق مەكتەپكە ئوخشايدۇ.

▲ ھەقىقىي تەنقىدچىلەرنى ئۇچرىتىشنىڭ بەسى مۈشكۈللۈكى سۈپەتسىز ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقارغان بولسا، سۈپەتسىز ئەسەرلەر ئىجتىمائىي گاسلىق ۋە مەتبۇئات بوھرانىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

▲ ھاياتنى خورلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ تەقدىرى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، روھىي جەھەتتىن تۈگەشكەن كىشى، بىرى، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان كىشى.

▲ نادانلىق يولىنى تۇتقان كىشى ئۆزىگە ئۆزى بەرگەن ھەقىقىي باھادىن گۇمانلىنىپ، باشقىلار بەرگەن ساختا باھاغا ئالدىنىپ ياشايدۇ.

▲ ئەلەملىك ئىغىر خورسىنىش بىر بولسا نامراتلىقتىن، بىر بولسا دەپسەندە بولۇۋاتقان ھەقىقەتكە ئېچىنىشتىن.

▲ ئاچچىق كەچۈرمىش بىلەن مول نەزەرىيىۋى بىلىملەرگە قادىر بولغاندىلا، ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

▲ زىيادە يېقىنچىلىق قىلغان كىشىدىن ھەزەر ئەيلە. چۈنكى شېرىن دوستلۇقنىڭ ئارقىسىغا كۆپىنچە ھالدا رەزىل دۈشمەنلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدىغان سۆز ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئۇلۇغلارنىڭ سۆزى، بىرى، دۈشمەننىڭ زەھەرلىك سۆزى. ئالدىنقىسى ھەسەل، كېيىنكىسى زەھەر بولۇپ تامىدۇ.

ـ ئالىمجان نەسرىددىن (جۇدۇنىي)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى 2001 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ باشقىلارغا سىرىنى ئېيتىش، ئۆز ھۆكۈمرانىنى سايلاپ چىقىش دېمەكتۇر.

ـ ئابدۇسوپۇر سەيدىمامۇت

ئاپتور: خوتەن ناھىيە تولۇق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن 3 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن چىچىلاڭغۇ تۇرمۇشۇمغا يىغىنچاق جاۋاب تاپتىم.

ـ مۇھەممەت تۇردى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن ـ سىياسىي فاكۇلتېتى 2001 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ زامان مۇتەھەممىلىكى ئارقىلىق ئاقىللىرىنى، ئادىللىقى ئارقىلىق ئۆكتەملىرىنى سىنايدۇ.

ـ ئابدۇلېتىپ روزىنىياز

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بۇرۇن ھەر خىل ناچار ئىللەتلەر ئاچلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا، ھازىر توقلۇقتىن چىقىشقا باشلىدى.

ـ مۇھەممەت ھاشىم

ئاپتور: شايار ناھىيە «قىزىلبايراق» بازار تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ كۆز يېشى ـ ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرىدىغان زەھەر تامچىسى

ـ مۇختار چاۋار

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر ئايكۆل بازار سايبېرىق مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ دۇنيادا پەقەت مەدەنىيەت ئىزنالىرى بىلەن ئەمگەك ئىزنالىرىلا مەڭگۈ ئۆلمەيدىكەن.

ـ مۇھەممەت ئوسمان (تۈز)

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە «قىزىلبايراق» دېھقانچىلىق مەيدانى ئورگىنىدا

▲ يېقىندىن كۆيۈنۈش زېرىكىش،
يىراقتىن كۆيۈنۈش بېرىكىش.

▲ ھەرقانداق شەيئى، ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن توغرا كۆز قاراش بولۇش كېرەك. مەسىلەن: بىر توپ دەرەخنىڭ بىر تەرىپىدىن قارىساق تۈز، يەنە بىر تەرىپىدىن قارىساق

لەگرى، ئاستىدىن قارىساق ئېگىز، ئۈستىدىن قارىساق پاكار كۆرۈنىدۇ. گەپ، سېنىڭ قانداق قارىشىڭدا. مېنىڭچە، ھەممە تەرەپتىن قاراش كېرەك.

— توختىھاجىم تىلئۇالدى (چاقماق)

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر قورغان يېزا قومپېتىق كەنتىدە، دېھقان

▲ ھەقىقەتنىڭ ئېگىلگىنى، ئويلىنىش ئىچىدە ۋاقىتلىق سۈكۈت قىلغىنى، تۈزلەنگىنى بولسا، جاھالەت ئۈستىدىن غالىب كەلگىنى...

▲ ھەقىقەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى — ئەقىل، تارازىسى — ۋىجدان.

▲ كۆڭۈل شۇنداق نەرسىكى، ياندا بىر ئۆمۈر بىللە يۈرگەنگە چۈشمەي، بىر كۆرگەنگە چۈشىدىغان...

— ئادىلشاھ ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2002 — يىللىق 3 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادا يىغاڭنى يىغلاپ، كۈلكەڭگە كۈلىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ بىر كىشى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئانا.

▲ مېنىڭچە، بىر بولسا ئەڭ دانىشمەن، بىر بولسا ئەڭ نادان ئادەم ئاسان جىنايەت يولىغا كىرىپ قالىدۇ.

▲ جەمئىيەتكە يامرىغان ئەخلاقىي چىركىنلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب، دەل بىزنىڭ ئەخلاقنى تەرك ئېتىپ، ئۇنۇمنى قوغلاشقانلىقىمىزدىندۇر.

▲ ئاياللار كۆزىدە يىغلايدۇ، ئەرلەر يۈرىكىدە (يىغلايدۇ).

— گۈلجەملە ئابىد

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات — ئۇچۇر ئىنستىتۇتى 2003 — يىللىق 2 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «ھايۋاننىڭ ئادەم بولمىقى مىڭ يىل يىراق، ئادەمنىڭ ھايۋان بولمىقى بىر رومكا ھاراق» دېگەن تەمسىل ئۆز رولىنى تاپقاندەك قىلىدۇ.

— ئەھمەتنىياز نۇرمۇھەممەت ئويغان تەكلىچىن

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە 1 — ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، پادىشاھنىڭ غەزەپلىنىشى قىلىچنىڭ سوغۇق يالتىرىشىغا ئوخشايدۇ.

▲ قىزنىڭ ھاياسىزلىقى ئانىنىڭ نومۇسسىزلىقىدىن، ئوغۇلنىڭ ۋاپاسىزلىقى دادىنىڭ جاپاسىزلىقىدىن كېلىدۇ.

— «ئويچانىي»

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2002 — يىللىق 1 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قەلب ئەلچىسى — كۆز، پاكلىق ئەلچىسى — يۈز.

— ھاجىم ئۆمەر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى (02 — 1) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ رەقىب كۆزىدىكى مىخ، دوستۇم يولىدىكى كۆۋرۈك بولالىسام، ھاياتىمدا ئارمانسىز ياشىغان بولاتتىم.

▲ ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن كۈننىڭ ئۆزى ھايات دېگەن شۇ!

▲ سەن ئالدىراش ۋە قىيىن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولساڭ، ئۇ دەل سېنىڭ ھەقىقىي چېنىقىۋاتقان مەزگىلىڭ.

— مۇختار مۇھەممەت

---

ئاپتور: ج ك پ باي ناھىيە قىزىل يېزا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خادىمى

▲ دوستۇڭنىڭ سەندىن كۆزىنى قاچۇرۇشى ھەم پات — پات كۆزىنى چىملىدىتىشى، سەندىن ئەڭ چوڭ بىر مەخپىيەتلىكنى مەخپىي تۇتقانلىقىدىندۇر.

— تۇرسۇن قۇربان

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، قامچا بىر بولسا زۇلۇم قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بېشىغا تەگكەن؛ بىر بولسا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ قاپىقىنى يارغان.

— ئابدۇرېھىم قاسىمي (مىسكىن)

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كانتايىلاق يېزا چۆشۈرگە كەنتىدە، دېھقان

▲ دۇنيادا ئەڭ ئوڭاي ئىش باشقىلاردىن قۇسۇر تېپىش، ئەڭ تەس ئىش ئۆزىنى ئاقلاشتۇر.

— ئەسقەر ئىدرىس

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قۇراللىق ساقچى قىسىملىرى قىزىلسۇ چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى تورغات ئېغىزى چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىنىڭ ئوفىتسېرى

## نادامەت تۇيغۇلىرى

▲ كۈچلۈكلەرنىڭ قورالى زورلۇق بولغىنىدەك، ئاجىزلارنىڭ قورالى باھانە — سەۋەب.

▲ ئادەم تەپەككۇر قىلىشتىن بىر ھەسسە، ئىشلەشتىن ئىككى ھەسسە خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئالدىنقىسى ئادەمنى ئازاد قىلسا، كېيىنكىسى ئادەمنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

▲ ئىلىم ئەھلىنىڭ غەپلىتى شۆھرەت سايىسى بىلەن ئەمەل تونىغا ھېرىسمەن بولغاندا، خەلقنىڭ غەپلىتى ھەممە ئىشنى قويۇپ ئۆز ئادەملىرىدىن بەس — بەستە ماختانغاندا باشلىنىدۇ.

▲ ئەقىل ئىككى جايدا بۇلغىنىدۇ: بىرى، كۆپ يېگەن جايدا، يەنە بىرى، كۆپ دېگەن جايدا.

▲ بىلىملىك كىشىنىڭ بىلىملىك كىشىدىن پەرقى ئىككى تۈرلۈك: داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىش، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش؛ بىلىمسىزنىڭ بىلىمسىزدىن پەرقى پەقەت بىر تۈرلۈك، ئۇ بولسىمۇ جاھىللىق.

### كونا گەپلەر

▲ قانۇن ـ سىياسەت ھېچقاچان ئەقىدە ـ ئېتىقادتىن ئۈستۈن تۇرالمىغان. چۈنكى ئەقىدە ـ ئېتىقاد بولماي تۇرۇپ قانۇنىي مۇقەددەسلىك ۋە سىياسىي ئاكتىپلىق مەيدانغا كەلمەيدۇ.

▲ ئادەم بىلەن رېئاللىقنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغىنى خام خىيال، غايە بىلەن ئۈمىدنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغىنى قۇرۇق سۆز، سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغىنى مەنمەنلىك.

▲ زامانداشلىرىمىزدىكى روھىي كېسەللىكنىڭ مەنبەسى ئۈچ تۈرلۈك: بىلىمنى بىلىدۇيۇ، ھېكمىتىنى بىلمەيدۇ؛ ئىشنى قىلىدۇيۇ، تەسىرىگە بىپەرۋا قارايدۇ؛ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى بىلمەيدۇ.

▲ چىن تەنقىد يېرىم ماختاشتۇر.

▲ بىزدە مەسئۇلىيەت ئېگىزدىن بۇرۇن مۇھەببەت ئېگىزى ئاسان باش كۆتۈرىدۇ.

ـ ئابدۇرېھىم قادىر

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئائىلىدە بالىڭىزنى ئۆزىڭىز تەربىيىلىمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، مەكتەپتە باشقىلارنىڭ تەربىيىلەپ بېرىشىگە موھتاج بولۇۋاتىدۇ.

▲ «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق»، «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن»، «ئىتنىڭ يېنىدا يۈرسەڭ ئىتنىڭ خۇيىنى ئۆگىنىسەن»... قاتارلىق تەمسىللەرنى بەزى ئاتا ـ ئانىلار بىلگەن بولسىدى، بالىلىرىدىن ئاغرىنىپ يۈرمىگەن بولاتتى.

ـ مەڭگۈقىز سۇلايمان

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر قارادۆۋە ـ لاپچۇق يېزىسىدا، دېھقان

▲ شارائىت خاراكتېرنى يارىتىدۇ.

ـ ئىمىننىياز ھەسەن

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى

### كەتمەندە چاقنىغان شوللار

▲ دېھقان ئالقىنىدىكى قاداقلار بىر بولسا دېھقاننىڭ ئەجىر ھەققىنىڭ، بىر بولسا قاشاقلىقىنىڭ بەلگىسى.

▲ كەتمەندىن ئۇيغۇرنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

▲ تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىدە سوقۇلغان كەتمەن پەقەت دېھقاننىڭ قولىغا چىققاندىلا «كەتمەن» بولالايدۇ.

ـ ئابدۇرېھىم ئابلىز

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئىشقول يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئەڭ ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلىنىمۇ، ئەڭ بۇلغانغان ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئۈرۈمچىدە كۆردۇم.

ـ ئەركىن مۇھەممەت لوكچۇلى

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئىنگلىز تىلى مەخسۇس كۇرس 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەجرىبىلىرىڭىزنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن بىلىملا ساڭا ھەقىقىي كۈچ ئاتا قىلغۇچى بىلىمدۇر.

▲ ئىنساننىڭ قۇدرىتى يېتىدىغانلىكى ئىشلاردىن سەن ئۈمىدسىز بوپكەتمە. چۈنكى جاھاندىكى ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قىلچە ئۈمىد قالمىغاندىمۇ، ئۈمىدۋار بولغۇچىلار ئورۇنداپ كەلگەن.

ـ ئىسمائىل كېرەم

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر قارادۆۋە يېزىسىدا، سودىگەر

▲ قارامىلىق بىلەن قىلىنغان باتۇرلۇق بىر بولسا سېنى ئەلگە تونۇتىدۇ، بىر بولسا قەبرىگە ئۈزىتىدۇ.

ـ ئەمرۇللا خەلىل

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر نۇرلىرى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئادەملەرنىڭ ئەڭ نەپرەتلىنىدىغىنى رەزىللىك بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاشۇ رەزىللىك ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

▲ ئۈمىدنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ۋاقتىمىز، دەل بىزنىڭ تەپەككۇردىن توختىغان چېغىمىزدۇر.

▲ ئۆزۈڭنىڭ قىسمىتىنى ۋەتەن ۋە مىللەت نۇقتىسىدىن چۈشەنسەڭ دانا سەن.

▲ بىز ئۈمىدسىزلەنگەن چېغىمىزدىلا ياش تۆكىمىز.

▲ نومۇسسىزلارنىڭ ھېكايىسىنى تارىخقا قالدۇرۇپ كەت.

▲ كۆز قاراش ۋە ئىدىيە ئۆزگەرسە تەقدىرمۇ ئۆزگىرىدۇ.

ـ زەپەر ئابدۇلھەي

ئاپتور: نىلقا ناھىيە سۇچىلىق ئىدارىسى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ـ باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

* * *

▲ دۇنيادىن ئۈمىدىڭنى ئۈزسەڭ، قىيامىتىڭ يېقىن.

▲ تارىخنىڭ باشقىلارغا ئاتا قىلغىنى ئىبرەت بولغان بولسا، بىزگە ئاتا قىلغىنى لاپخورلۇق ۋە غاپىللىقتىن بۆلەك نەرسە بولمىدى.

▲ ھۆرمەتلىك ياشاشنى ئىزدىسىڭىز، ئىككى قېتىم ئۆلۈشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

www.uyghurkitap.com

▲ پۇرسەت يەنە كېلىدۇ، لېكىن ئۇ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇچىلارغا ئەمەس.

▲ تەپەككۇرنىڭ ئاچقۇچى جەمئىيەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتە، مېۋىسى بولسا ئۆزى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتە.

▲ ۋاز كېچىش ئىككى ئىش ئۈچۈن بولىدۇ: بىرى، قايتا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن؛ يەنە بىرى، مەغلۇبىيەت ئۈچۈن؛ ئۈچىنچى تاللاش يولى يوق.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق سۆز «ئۈمىد يوق» دېگەن سۆزدۇر.

— ت. خ. جەۋلانى

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات (02 — 5) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى — بىر مەسئۇلىيەتسىز ئەرنىڭ قولىغا چۈشكىنى.

— ئانىكام غوپۇر

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار 1 — ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 — يىللىق 2 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ خىرىس — شەكلى ئۆزگەرگەن پۇرسەت.

— دۆلەتشاھ سالىھ

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى مال دوختۇرلۇق فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ راست ئىشنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغانسېرى يالغانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ كىتاب — ژۇرناللارنى كۆرۈپ شۇ خۇلاسىگە كەلدىمكى، نۇرغۇن يازغۇچىمىز «يۈرەك كېسىلى»نى داۋالىماي، بەلكى «ئەگەشمە كېسەللىك»لەرگە داۋا ئىزدەپ يۈرۈپتۇ.

▲ مەن يازغۇچىلارنىڭ «دانالارچە تەپەككۇر قىل، ئاددىي ئادەملەرچە پىكىر قىل» دېگەن ھېكمەت بويىچە ئەسەر يېزىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

— ئابدۇقەييۇم

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر چوڭكۆل (خۇگېيەنچى) ئېلېكتر 2 — ئىستانسىدا پراكتىكانت

## ئاچچىق تەپەككۇرلار

▲ مۇھەببەتنى نۇرغۇن نەرسىگە ئوخشىتىش مۇمكىن، مەن ئۇنى سايىگە ئوخشىتىمەن. قوغلىسام قاچىدۇ، قاچسام قوغلايدۇ.

▲ ئاياللار بالدۇر يالىڭاچلىنىۋالغاچقا، ئۇ دۇنياغا يالىڭاچ كەتمەيمىز.

ئەرلەر بالدۇر چېكىۋالغاچقا، ئىككى دۇنيالىق ھەسرەت چەكمەيمىز.

▲ ئېرىشكىچە مىڭ قاقشاپ،
ئېرىشىپ بولۇپ تاشلاپ.
ئىنسان دېگەن شۇڭلاشقا
ئۆتمەر كۆزنى ياشلاپ.

▲ قەپەس ئىچىدىكى يىرتقۇچقا قاراپ ئىچ ئاغرىتما، ناۋادا قەپەس بولماي قالسۇن، ئۇ چاغدا ساڭا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ.

— ئابلىتىپ توختى

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى 2000 — يىللىق 1 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئەرلەرنىڭ سۆكۈتكە چۈمۈشى كەمتەرلىكتىن، ئاياللارنىڭ سۆكۈتكە چۈمۈشى مەغرۇرلۇقتىن.

▲ بىزدىكى ئەڭ چوڭ بىتەرەپسىزلىك شۇكى، ھاياتلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئۆلگەندە قىلىش. شۇڭا بىزدە ھايات قەھرىمانلاردىن ئۆلگەن قەھرىمانلار كۆپ.

— ئابدۇسالام ھوشۇر (نۇر تېكىن)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىئو — خىمىيە فاكۇلتېتى (02 — 5) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەكتەپلەردىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇق، مېنىڭچە، دەرس مۇنبىرى بولسا كېرەك.

— دولقۇن ئەبشتەي

ئاپتور: قاراماي شەھەر 14 — ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بىر تىلەمچىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن يېزىپ بېرىلگەن «مۇراجىئەتنامە»نى تەتۈر تۇتۇپ ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ، نامراتلىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى «ساۋاتسىزلىق» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

▲ ئادەم قانچە ھالال ئىشلىگەنسېرى شۇنچە تېجەشلىك بوپكېتىدۇ.

▲ ئىللىق ئائىلىسى، مېھرىبان ئايالى، كۆيۈمچان ئىنى، سۆيۈملۈك پەرزەنتى بولۇپ قەرزى بولمىسا، سەن ئۇنى پادىشاھ دەپ بىل.

▲ بەتخەج بولسىڭىز پىخسىق كىشىلەر بىلەن، پىخسىق بولسىڭىز مەرد كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كۆرۈڭ، پۇل خەجلەشنى ئۆگىنىسىز.

▲ ئادەم «سولاقخانا»دىن ياكى ئېغىر «كېسەل»دىن قۇتۇلغاندا، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە مەنىسىنى ئاندىن چۈشىنىدۇ.

▲ ئىناۋەت — تاپماق تولىمۇ قىيىن، يوقاتماق ئىنتايىن ئاسان بولغان بىباھا بايلىق.

— مەتتۇرسۇن ئىمىن

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ سەن ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ سۆيمىگەن ئادەم، سەن مەڭگۈ ئۇنتىيالمايدىغان ئادەم.

ـ جۇرئەت نىزام

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئەگىلىك 5 ـ دىۋىزىيە مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ تارىخنىڭ بىر تەرىپى ئىنسانىيەتكە بەخت ئەكەلسە، يەنە بىر تەرىپى بالايىئاپەت ئەكېلىدۇ.

▲ چىدىماسلىقنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، خاراكتېرىڭ تەقدىرنى بەلگىلەۋاتقانلىقىغا قارا.

ـ غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قوملوق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ گۈلنىڭ تىكىنى بولغانغا ئوخشاش، دوستۇڭنىڭمۇ سىرى بولىدۇ.

ـ سۈرەييە نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: جىڭ ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ وقۇغۇچىسى

▲ باشقا ئەللەردە پايدىلىنىش، تەرەققىي قىلىش سەۋىيىسى وسكەن بولسا، بىزدە كېيىش ـ يېيىش سەۋىيىسى ئۆسۈۋاتىدۇ.

ـ يالقۇن قۇربان

---

ئاپتور: كۇما ناھىيە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ باشقىلارنىڭ ئۆي ـ پىكرىنى يادلىۋېلىپلا... بىلىم ئالدىم، دەپ يۈرۈپتىكەنمەن... ئەپسۇس، تەپەككۇر جەريانىنى بىرلىكتە باشتىن كەچۈرمىگەن پىكىر... پەقەت خاتىرە... پەقەت نەزەرىيە قاچىلاپ قويغان پروگراممىغا ئوخشايدىكەن ئەمەسمۇ؟!

ـ پەرھاد ئەشمە

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە تارلاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن بالاڭنى چۈشەنمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ قىزىقىش ۋە زېرىكىش تەرەپلىرىگە قارا.

▲ دورا ئېلانلىرىدىكى دورىلارنىڭ شىپالىق رولى راست بولسا، دوختۇرلارنىڭ رولى قالمىغان، ئۇنۇمى راست بولسا، دۇنيادا كېسەللەر قالمىغان بولاتتى.

ـ توختى ناسىر

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ رېئاللىقنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىغا يولۇققاندا ئۆزىنى تاشلىۋېتىش ـ ھاياتلىقتىكى ئەڭ زور مەغلۇبىيەت، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ـ مەۋجۇدلۇقىنى يوشۇرۇش.

ـ مەقبۇلە قادىر

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات مەركىزىدە

▲ سېنىڭ دوستلۇرۇڭ بولىدۇ، ئەمما پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك دوستلۇرۇڭنىڭ بولۇشى، دۈشمىنىڭنى پەرق ئېتەلىگەنلىكىڭنىڭ ھاسىلاتىدۇر.

ـ مۇھەممەت نۇر

---

ئاپتور: باي ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## روھ چېقىنلىرى

▲ بەخت ۋە گۈزەللىك ئۇنى ھېس قىلغۇچىلارغا مەنسۇپ.

▲ ھەقىقەت ـ پەردازسىز ساھىبجامال.

▲ بىر ئائىلىنىڭ غۇرۇرى بىر ئەرنى بويسۇندۇرالايدۇ، ئەمما بىر ئەرنىڭ غۇرۇرى نۇرغۇن قىز ـ ئائىلىغا ھايا پەردىسىنى ياپالايدۇ.

▲ ئادەملەر قوغلىغاندىن قېچىپ، قاچقاننى قوغلاپ مۆكمۆكىلەڭ ئويناغاچقا، ھېچكىم ۋىسالغا يېتەلمەي، مۇھەببەت داستانلىرىنى پۈتتۈشۈپ كەلمەكتە.

▲ ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ نۇرغۇن نەرسىگە ئېنىقلىما بەردى ۋە تېئورمىلارنى بېكىتىپ چىقتى. ئەمما كۆڭۈلنىڭ تۇتۇرۇقسىزلىقىدىن مۇھەببەتكە ھەر خىل چاكىنا تەبىرلەرنى بېرىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

ـ قەمبەرنىسا ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ ئۇچۇر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ قانات ـ قۇشلارنىڭ چەكلىمىسىز پاسپورتىدۇر.

ـ دىلمۇراد ياسىن

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قانۇن 2003 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ روھىي بىرلىك 2000 يىللىق خار ـ زارلىقنى بېشىدىن كەچۈرگەن يەھۇدىيلارنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى گىگانت مىللەتلىك ئورنىغا كۆتۈرگەن بولسا، تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىر قەبىلىۋازلىقىدىن قول ئۈزەلمىگەن چېچىلاڭغۇلۇق، ئەرەبلەرنىڭ تارىختىكى سەلتەنىتىنى سەھرايى كەبىرنىڭ قۇم دولقۇنلىرىغا غەرق قىلىۋەتتى.

ـ نۇرمۇھەممەت مەمتىمىن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە چارەك بازار كورۇات كەنتىدە، دېھقان

▲ ئۆزۈڭ چۈشەنمىگەن نەرسىگە مەڭگۈ ئىگە بولالمايسەن.

▲ ئادەم ئون يېشىدا يېمەكلىككە، 20 يېشىدا مۇھەببەتكە، 30 يېشىدا خۇشاللىققا، 40 يېشىدا شۆھرەتپەرەسلىككە، 50 يېشىدا نەپسانىيەتچىلىككە ئەسىر بولىدىكەن. قاچانمۇ ئەقىل ـ پاراسەتكە ئەسىر

بولار؟

— تۇرسۇنھاجىم ئەمەت

---

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى غەربىي — ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىدا تىجارەتچى

▲ سېنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغىنىمۇ، يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغىنىمۇ دۈشمىنىڭدۇر.

▲ بۆرۈنقىلار ئاچ قورساقلىقتا غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسا، ھازىرقىلار توقلۇقتا مەغلۇبىيەت كۆتۈۋاتىدۇ.

▲ سۆز ئېغىزدىن چىقىدۇ، ھەقىقەت كۆزدىن.

— پەرھادجان ئادىل

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن — سىياسىي فاكۇلتېتى 2002 — يىللىق 7 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بالىلارنى تەربىيىلىمەسلىك — ئىجتىمائىي قاتىللىقتۇر.

— غەيرەت بەردىبەك

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاقتۇ ناھىيە قىزىلتاغ يېزا تەركېچىك كەنتىدە، چارۋىچى

▲ ئاچچىقلىنىش — مەڭگۈ يەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان پۇشايمان دورىسى.

▲ ياشلىق — بىر پارچە نېگاتىۋى يوق سۈرەت، ئۇنى پەقەت قەلبىمىزدە ساقلىغىلىلا بولىدۇ، ئەمما قايتا يۇيدۇرۇشقا بولمايدۇ.

▲ 10% جاھىللىق + 10% سېغىنىش + 10% كۆندەشلىك + 10% شېرىن ھېسسىيات + 10% كۆڭلى ئاغرىش + 10% گۇمانخورلۇق + 10% بەخت + 10% ھەسەتخورلۇق + 10% يۈزى قىزىرىش + 10% ئەركىلەش = 100% مۇھەببەت.

▲ ساغلاملىق — تەڭرى بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ زور بەخت.

▲ دەرەخ شېخىدا ياشىرىپ تۇرغان يوپۇرماقنىڭ يەرگە چۈشۈشى بىلەن باشقىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىشى ياكى سارغىيىپ قۇرۇپ كېتىشىدىن «كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولمىغان» سۆزىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەندىم.

▲ ھاياتلىق بىر تەڭگىگە ئوخشايدۇ، بەخت بىلەن ئازاب ئۇنىڭ ئوڭ — سول ئىككى تەرىپىدۇر.

— ئاينۇر

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1 — ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 — يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىرادەڭ بىلەن ئىقتىدارىڭ، ئىرادەڭ بىلەن مەجبۇرىيەتلىرىڭ، ئىرادەڭ بىلەن تۇرمۇش مۇمكىنچىلىكىڭ، ئىرادەڭ بىلەن رېئاللىقىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش سەن ئۈچۈن مەڭگۈ ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە بوپقالىدۇ.

— ئاينۇر ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 4 — دىۋىزىيە 62 — پولك مەركىزىي بالىلار باغچىسىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ فېئوداللىق جەمئىيەتتە، تارىخچىلار مۇنداق ئىككى ئېقىمغا خىزمەت قىلغانمىكىن دەيمەن: بىرىنچىسى، ھۆكۈمرانلارنىڭ شېرىن چۈشىنى يازىدىغان تارىخچىلار؛ ئىككىنچىسى، خەلق ئۈچۈن ھەقىقەت يازىدىغان تارىخچىلار.

▲ قانۇننىڭ قايسى دەرىجىدە ياخشى يۈرگۈزۈلۈشى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

— ئابابەكرى تۇرسۇن

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 — يىللىق 5 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يېرىم يالىڭاچ كىيىنىۋالغان قىز — ئاياللارغا قاراپ زوقلانماستىن نەپرەتلەنگەن بولساق، ئۇلار ئاشۇ كىيىملەرنى ئەسلا كىيمەس ئىدى.

▲ بەزىلەرنىڭ يېرىم يالىڭاچ سەھنىگە چىقىشى، ئۆز نومۇرىنىڭ ناچارلىقىدىن تاماشىبىنلارنى بەدىنى ئارقىلىق جەلپ قىلىشنى ئويلىغانلىقىدا.

— ئوبۇلقاسىم مەتيۇسۇپ

---

ئاپتور: قەشقەر مالىيە — سودا مەكتەپ ئالىي تېخنىكوم 2001 — يىللىق 1 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ياشلىق جۇشقۇنلۇقىدا كۆلگەن ۋاقتىڭدا سەن بەختكە مەڭگۈ نىسپەتەك ئويلايسەن. تۇرمۇش قايىنىمىغا ھەقىقىي بىر چۆككەن ۋاقتىڭدا بولسا، ياشلىق جۇشقۇنلۇقىدىكى ئاشۇ خۇشاللىقىڭنى بىر ئۆمۈر ئىزدەيسەن. بىزارلىققا تەكرار يولۇققان ۋاقتىڭدا، ياشاشنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنگەندەك بولىسەن.

— ئىيسا ئىمىننىياز

---

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى شەھەر قۇرۇلۇش — مۇھەت ئاسراش فاكۇلتېتى (15 — 01) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادا غالىب ياشايمىز دەيدىكەنمىز، تۇرمۇش لۇغىتىمىزدىن «قىلىۋالىمەن» بىلەن «ئەتە»نى چىقىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك.

— تۇراپ ھېلىم

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە جامالتېرەك يېزا قاشبويى كەنتى قاساپ مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ ۋاقىتنى قۇل قىلالايدىغان ئادەم، ئىنسان روھىيىتىنىڭ خوجايىنى بولالايدۇ.

▲ ئۆلۈم — ۋاقىتنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان خالىس جاكارچى.

▲ باشقىلار ساڭا ئىشەنمىسە، بۇنى ئۇلاردىن ئەمەس، ئۆزۈڭدىن كۆر. چۈنكى سەن ئىشەنچكە ئېرىشكۈدەك ئىش قىلالمىدىڭ.

ـ مۇھەممەتئىمىن ئابلىمىت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپى 2002 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يېمەكلىكلەرنىڭ ساختىلاشقانلىقى ـ كېسەللىك ۋە يوشۇرۇن قاتىللىقنىڭ باشلانغانلىقىدۇر.

▲ قانۇندىن ھالقىغان ھوقۇق ـ بالايىئاپەتنىڭ ئانىسىدۇر.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، ۋەھشىيلىشىش ـ بىر بولسا كۈچلۈكلۈكنىڭ، يەنە بىر بولسا، چارىسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ـ ئابدۇرېقىپ تۆمۈر جۈبەيرىي

---

ئاپتور: سابىق قۇمۇل مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پېنسىيونېرى، تونۇلغان مائارىپچى

▲ ئەركىنلىكنى مەڭگۈ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇنى پۇلغا سېتىۋەتكىلى بولىدۇ.

ـ ئەنۋەر موللىروزى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ساددا تەپەككۇرۇم

▲ ئەقىل كونتروللۇقىدىكى ياشلىق گۈل ياشلىق، ھېسسىيات كونتروللۇقىدىكى ياشلىق گول ياشلىق.

▲ ئۇيغۇ ئۆلۈمنىڭ بىشارىتى بولغىنىدەك، بىلمەسلىك قۇللۇقنىڭ بىشارىتى.

▲ ھەرىكەتتىن بەرىكەت كېلەر، غەپلەتتىن ئاپەت.

ـ ئابلىكىم داۋۇد

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى دورىگەرلىك سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ دەرس ۋاقتىدا ئويىنىۋالغىنىڭ ـ كەلگۈسۈڭ ئۈچۈن يىغلىۋالغىنىڭدۇر.

▲ بويۇڭغا قاراپ ئەقلىڭنى ئۆلچىمە، ھۆسنىڭگە قاراپ قىممىتىڭنى.

▲ ھاياتنىڭ شۇنداق بىر كۈنلىرى كېلىدۇكى، قاھ ـ قاھ ـ قالاپ كۈلگىنىڭدىن پۈتكۈل مەۋجۇدات ساڭا ھەۋەس بىلەن باقىدۇ. يەنە شۇنداق بىر كۈنلىرىمۇ كېلىدۇكى، قايغۇڭغا زەررىچە مەۋجۇداتمۇ قۇلاق سالمايدۇ. مانا بۇ ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ماھىيىتى.

ـ ئايگۈل ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي كەسپى ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى كاتىباتلىق كەسپى 2002 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاينىڭ ئونبەشى ئايدىڭ، ئونبەشى قاراڭغۇ. نادانلار يورۇقتا ساڭا قارىمايدۇ، قاراڭغۇدا قارايدۇ، ئەمما سېنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ. ئاقىللار سېنى يورۇقتا كۆزىتىدۇ، قاراڭغۇدا سىنايدۇ.

ـ ھۆسەيىن سالىھ

---

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر خەلق ھۆكۈمىتى تىل ـ يېزىق ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

▲ ئادەتتە كىشىلەر پايپاقنى پۇتىغا، رەزىل كىشىلەر بېشىغا كىيىدۇ.

ـ سابىت سادىق

---

ئاپتور: قۇمۇل شەھىرى تاشبالىق يېزا سۆجە كارىز كەنتىدە، دېھقان

▲ باشقىلارنى چۈشىنىۋالغىنىڭ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ يولىنى بىلىۋالغىنىڭ.

▲ ئىجادىي خىيال سېنى تەپەككۇر دېڭىزىغا باشلاپ كىرسە، قۇرۇق خىيال ھالاكەت دېڭىزىغا باشلاپ كىرىدۇ.

▲ سەن بىراۋغا ئۆزۈڭنى تونۇتماقچى بولساڭ، چوقۇم ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىكىڭ بولۇشى كېرەك.

ـ روزاخۇن جەرمەن

---

ئاپتور: تاجىك، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن ـ سىياسىي فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىزگە يورۇقلۇق ئاتا قىلالايدىغان پەقەت ئىككى نەرسە بار: بىرى، قۇياش، يەنە بىرى، مېھىر ـ مۇھەببەت.

▲ مۇھەببەتسىز تۇرمۇش ـ سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ 12 بىرلىكنى قايتا ـ قايتا ئايلانغىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ـ ماھىرە ئەھمەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي مەكتەپ رايونى تەبىئىي پەن 2004 ـ يىللىق 18 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## كارۋان ھېسلىرى

▲ ئۆزۈڭگە ھەققىي يوسۇندا يۈز كېلىپ ياشىساڭ، كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا قايىل بولۇشقا باشلايدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، ھوقۇقدارلار رەزىللەشسە، مائارىپ ئەۋلادلارنى بىخۇدلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

▲ ئۆز بۆرچۈڭ ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ھامان، تىزگىنسىز ئاتقا ئوخشاپ قالىسەن.

▲ دۇنيا تارىخى ۋە ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبرەت شۇكى، جاھالەت قاپلىغانسېرى قۇرۇق گەپ، پىتنە ـ پاسات كۆپەيگەن، ھەتتا دەرسلىك سۈپىتىدە ئۆتۈلگەن.

▲ ياخشى بولماقچى بولساڭ، ئەسكىلەر سەن ئۈچۈن سىناق.

▲ سۇنىڭ رەڭگى بولسا ئىدى، ھەممە نەرسىنىڭ رەڭگىگە كىرىپ قالماس ئىدى.

- قۇربانجان ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى فاكۇلتېتى جۇغراپىيە كەسپى 2001 - يىللىق 9 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ چىن دىلىڭدىن ئاشۇ سەبىيلەرنى سۆي، بىلمىسە ئۆگەت، لېكىن بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن سەبىي دىلىغا ئازار بەرمە. چۈنكى سېنىڭ بىر-دەملىك غەزىپىڭ ئۇلار قەلبىدىكى قىزىقىش - ھەۋەس ۋە پاك تۇي-غۇلارنى مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

▲ ئۆزۈڭ ئۈچۈن كېرەكلىك بىلىملەرنى ئاۋۋال تاللاپ ئۆگەن. چۈنكى چەكلىك ئۆمرۈڭ چەكسىز بىلىمنى ئۆگىنىپ بولۇشقا يار بەر-مەيدۇ.

▲ ئەگەر تەربىيىلىگۈچى ئۆز غەزىپىنى بېسىۋالالمىسا، قارا بورانغا ئوخشاپ قالىدۇ. قارا بوراننىڭ گۈل - غۇنچىلار ئۈچۈن قانچىلىك پايدىسى بولماقچى؟

- بۇۋىنىساگۈل ياسىن

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە لوق يېزا سىيەك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ «تەقدىر» دېگەن سۆز سەپسەتە، «ئىنسان» دېگەن سۆز ھەقىقەت.

- نۇرجامال ئابدۇللا

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە گۈلئاۋات يېزا يېڭىئېرىق كەنتىدە، دېھقان

▲ نەپسىنى يېڭەلمىگەن ئادەم، ئۆز ئۆلۈمىنى ئۆزى تىلەيدۇ.

▲ ھاۋايۇ ھەۋەسكە بېرىلمەي بەدىنى ۋە روھىنى پاك تۇتقان-لار - ئۇزۇن ئۆمۈرگە كۆۋرۈك سېلىۋاتقانلار.

- رەھمانجان رەھمەتۇللا

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەلۇم قىسىمنىڭ جەڭ-چىسى

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، بىلىملىكلەر خارلىنىپ، بىلىم-سىزلەر ئەتىۋارلانغان جەمئىيەت پانىي ئالەمدىكى دوزاخ بولغان.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، ھەقىقەت ئۈچۈن سۆزلىگەن تىل تې-خىمۇ ئۇزىرىشمۇ ياكى تۈۋىدىن كېسىلىشمۇ مۇمكىن.

- پەيزۇللا ئابدۇۋاھىد

---

ئاپتور: يېكسار ناھىيە توپلۇق يېزا توپلۇق باشلانغۇچ مەكتىپى-نىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ زىيادە ماختاپ سېتىلغان ماللار - ساختىلىقتىن بېرىلگەن ئال-دىن بىشارەت.

- ئابدۇھېلىم ئابدۇللا

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل - ئەدەبىيات فا-كۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەنسىپىڭنى فامىلە ئورنىدا ئىشلەتكىنىڭ - نەسلىڭنى ئۇنتۇ-غانلىقىڭ.

- ئابدۇرېھىم رەھمان

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئى-گىلىك 3 - دىۋىزىيە 49 - پولك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ راھەتلىنىپ يېتىشنى ئويلىماي، قېرىلار بىلەن ئايغى چىقىش ئالدىدا تۇرغان بالىلارنىڭ مېڭىشقا بولغان تەشنالىقىغا قارا.

- قەلەمشاھ

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى

▲ ئۆتمۈشكە كۆز يۇمغان كىشى كەلگۈسىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ، چۈنكى كەلگۈسى ئۆتمۈشتە نامايان.

▲ رىقابەت - ئاقىللارغا ئامانلىق، نادانلارغا گۇمرانلىق ئەكېلى-دۇ.

▲ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەبىئەتنىڭ تەرەققىياتى تەتۈر تاناسىپ بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق قارشىلىشىش كۈنسې-رى كۈچىيىپ بارىدۇ.

- روزىتوختى ئۆمەر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپى (1 - 02) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بەزى ئاتا - ئانىلىرىمىز پەرزەنتلىرىنى گۆدەكلىكىدە تەربىيە-لەشكە ئۇستا بولمىغىنى بىلەن، چوڭ بولغاندا قارغاشقا ئۇستا.

▲ مەن ئىلگىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ تەپەككۇرىغا ھەۋەس قى-لاتتىم، ئەمەلىيەتتە بىزدىمۇ قېزىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان گۆھەردەك قالتىس تەپەككۇرلار بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟!

- تۇردى نەزەر

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيىسىدە

▲ قىزلار كۆيۈنۈشكە، ئوغۇللار چۈشىنىشكە موھتاج.

▲ شەخسىي مەنپەئەتنىڭ كۈچىيىشى، ھەقىقەتنى تونجۇقتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى قاتلى.

▲ جېدەل - ماجىرا، تاپا - تەنە كۆپ يۈز بېرىدىغان ئائىلە، قى-يامەت ئەڭ بۇرۇن باشلانغان ئائىلىدۇر.

▲ قېرىغاندا تارتىۋاتقان جەبرى - جاپا، ئازابلىرىڭنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ئۆتمۈشتىكى قىلمىشىڭ ۋە ياشلىقتىكى شاشلىقىڭدىن سۈ-رۈشتە قىل.

- مۇساجان كامىل

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يېڭىباغ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ئۆزىنى بىر قېتىم ماختاش، ئۆزىگە بىر ئازلا خۇشاللىق ئاتا قىلغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزى ھېس قىلمىغان بىر كەمچىلىكنى باشقىلارغا ئاشكارىلىغانغا باراۋەر.

▲قىز - ئوغۇللار توغرىسىدا ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزلەرنى داۋاملىق ئاڭلايمىز: بىرى، قىز بالا تۇرۇپ قىلغان ئىشىڭنى قارا، يەنە بىرى بولسا، ئوغۇل بالا تۇرۇپ قىلغان ئىشىڭنى قارا، دېگەن سۆز. مېنىڭچە بولغاندا، بۇ سۆز قىزلارغا نىسبەتەن ھايا، ئوغۇللارغا ۋىجدان توغرىسىدا ئېيتىلسا كېرەك. باشقا نۇقتىدىن ئېيتىلسا، قىزلارغا زەربە، ئوغۇللارغا توساق بوپقېلىشى مۇمكىن.

- ئاسمىگۈل ياسىن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يېڭىباغ باشلانغۇچ مەكتەپتە پراكتىكانت ئوقۇتقۇچى

▲بىر - بىرىمىزدىن قىزغىنىپ تاپىدىكەنمىز پۇل، جايىدا ئىشلەتمىگەچ تاپالمايمىز يول.

- يۇنۇس قادىر

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرى تۇگمەنبويى ئاھالىلەر كومىتېتىدا، دېھقان

▲سېنى دۇنياغا تەۋەللۇت قىلدىغانمۇ ئايال، سېنى ۋەيران قىلالايدىغانمۇ يەنىلا شۇ ئايال.

- رەيھانگۈل ھەبىبۇللا

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سان مۇقاۋىسىنى ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك تارىخىي ئالبوم دېسەك ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا مىللىتىمىزنىڭ پەخىرلىك كىشىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلغان.

- ئابلىز ھېمىت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرىدا، دېھقان

▲كەلگۈسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار قۇشنىڭ قاناتلىرىغا «ھارىپ بىلەن ئىزدىنىش» دېگەن پەلاكات ئېسىلغان

- لۇتپۇللا ئەركىن

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئون خويزۇ يېزا مىللىي 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان ئادەم ئۆزىنىلا قايىل قىلىدۇ، خالاس.

- سىددىق ئۆمەر

---

ئاپتور: لوپنۇر ناھىيە قارچوغا يېزا ئاۋات كەنتىدە، دېھقان

▲باشقىلارنى يېڭىشتىن ئاۋال ئۆزۈڭنى يەڭ.

▲ئادەمنى ئەقىللىق، دۆت دەپ ئايرىماي، تىرىشچان، ھۇرۇن دەپ ئايرىش كېرەك.

▲دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئاتا - ئانا، ئۇنىڭدىن قالسىلا دېھقان.

- مېھرىنسا ئەنۋەر

---

ئاپتور: جىيائىسۇ ئۆلكىسى ۋۇشى شەھىرى چىڭشەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲چېكىدىن ئاشقان تەلەپ ۋە تەنقىد پەرزەنتلەرنى ئۆزى قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىشقا ۋە ئۆزى مېڭىپ باقمىغان، مېڭىشنى خالىمىغان يولغا مېڭىشقا مەجبۇرلاپ قويىدۇ.

▲كۈلگىن - ھېسابلىق كۈلگىن، يىغلا، دەردىڭ چىققۇچە يىغلا.

▲كۆز خاتا تاللىسىمۇ، كۆڭۈل خاتا تاللىمىسۇن.

- نۇرئامىنە ئالىم

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايىتى ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆمىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا

▲باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئېسىل خاتىرىلەرگە كۆچۈرىمەن، ئۆزۈمنىڭكىنى بولسا قالايمىقان تاشلاپ، يوقىتىپ قويىمەن. بەلكىم بۇ مەندىكى، شۇنداقلا بىزدىكى ئەڭ ئېغىر خاتالىق بولسا كېرەك...

- ئارزۇگۈل سادىر

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيىسىدە

### «ئوت يۈرەك»نىڭ تۇنجى تەپەككۇرى

▲ئىنسان ھاياتى بىر پارچە كىتابقا ئوخشايدۇ. ئىنسان ئۆز خاتالىقلىرىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەندە، ئۇنىڭ ھايات كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىمۇ ئوقۇلۇپ بولغان بولىدۇ.

▲زېمىن نالە قىلماقتا، شائىر ۋە پەيلاسوپلارچە يۈرەك بولمىسا، ئۇنىڭ نالىسىنى ھېس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

▲باشقىلارنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشكىنىڭ، سېنىڭ بەختىڭ ئەمەس، بەلكى بەكمۇ ئاجىز ھەم بىچارىلىكىڭدۇر. چۈنكى سەن كوچىدىكى تىلەمچىگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قالدىڭ.

▲سەن دۈشمىنىڭنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنىمۇ ھېس قىلىشىڭ، دوستۇڭنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنىلا ئەمەس، بەلكى ساڭا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنىمۇ ھېس قىلىشىڭ كېرەك. شۇندىلا سەن باشقىلارنى ئانچە - مۇنچە چۈشىنەلەيسەن.

▲قىلماقچى بولغان ئىشنى ۋاقتىدا قىلماسلىقنىڭ ئۆزى پۇشايمان.

- توختىنىياز ئىسمائىل توقسۇ (ئوت يۈرەك)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## روھ چېقىنلىرى

▲ باقىي ئالەم ھەققىدە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىن ئاۋۋال گۈزەل پەزىلەتلىرىڭ بىلەن ئۈلگە بول.

▲ تارىخىي كىتاب ـ رومانلاردىن شۇنى بىلىمىزكى، خەلقى نادان ئەلدە ئاۋام مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەق سۆزلىگۈچىنىڭ تىلى ئاشۇ ئاۋام تەرىپىدىن كېسىلگەن.

▲ سەنئەتكارغا باھا بېرىشتىن ئاۋۋال سەنئەتكە تەبىر بېرىپ باق.

▲ ھاجەتمەنگە قىلغان ئىقتىسادىي ياردىمىڭىز ـ ئۇنىڭ بىر قېتىملىق ھاجىتىدىن چىققىنىڭىز بولسا، كۆرسەتكەن تىرىكچىلىك يولىڭىز ـ ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ھاجىتىدىن چىققىنىڭىزدۇر.

▲ ئاقنىڭ ئاق تەرىپىنى، قارىنىڭ قارا تەرىپىنى ئېنىق كۆرەلىگەن كىشى ئاقىلدۇر، ئۇلارنىڭ ئىككىلا تەرىپىنى تەڭ كۆرەلىگەن كىشى بولسا دانادۇر.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، ئادەملەرنىڭ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر ياكى ئىشلارغا ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا «مەقۇل»لۇق بىلدۈرۈشى ـ شەكلى ئۆزگەرگەن قۇللۇقتۇر.

▲ جاھاننىڭ تىنچ بولۇشىنى خالساڭ قوشناڭ بىلەن ئەپ ئۆت.

▲ دۇرۇس ئادەم بولاي دېسەڭ، ئۇچرىغان دىشۋارچىلىقىڭنى ھاياتلىقىڭدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭغا تەتبىقلا.

▲ سەبىي بالاڭنىڭ سوئاللىرىغا ئېتىبارسىز قارىغىنىڭ، ئۇنىڭ يېتىلىۋاتقان تەپەككۇر بىخلىرىغا پالتا ئۇرغىنىڭ.

▲ مەنىۋىيىتى نامرات كىشىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ئېھتىياجى بىر ئۆمۈر قانمايدۇ.

▲ ئادىمىلىكىڭگە باھا بەرمەكچى بولساڭ، سېنىڭدىن پۇل سورىغان كىشىلەر بىلەن يول (مەسلىھەت) سورىغان كىشىلەرنى كۆزەت.

▲ قىزلارنىڭ مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن پۇل ـ مېلىنى دەستەك قىلغۇچى يىگىتلەر ـ ئۆزىگە ئىشەنچى يوق يىگىتلەردۇر.

▲ ھېكمەتنى بىرگە دانادىن، بىرگە ناداندىن ھېس قىلىسەن.

▲ مەنسەپ تاجىنى بىرگە ئەڭ مەسئۇلىيەتچان، بىرگە ئەڭ مەسئۇلىيەتسىز ئادەم كىيىدۇ.

▲ بىراۋ پىكرىڭىزنى رەت قىلغاندا، سىز ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىيالامسىز؟

▲ دۇنيا قارىشىڭ ـ ئەمەلىيىتىڭ.

▲ بەزى كىشىلەرنىڭ زاماندىشلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشەلمەسلىكىدىكى سەۋەب ـ شۇ كىشى ئىدىيىسىنىڭ ناھايىتى ئىلغار ياكى ناھايىتى قالاق بولغانلىقىدىن بولىدۇ.

▲ بالىلىقىمىزدا ئوينىغان «قارا ـ قارا قۇشلارىم» دېگەن ئويۇننى ئەمدى ئويلىسام، بوۋىلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغىنى پەقەت ئويۇنلا ئەمەس، ئۆملۈك، قەيسەرلىك، رىقابەت، كۈچتۈڭگۈرلۈك ھەققىدىكى ئەمەلىي دەرس ئىكەن.

ـ تۇرغان ئوسمان

ئاپتور: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ناخشا ـ ئۇسسۇل، دراما ئۆمىكىنىڭ ئاكتىيورى

* * *

▲ ئۇيغۇر تىلى بىلەن قارىۋىدىم، ئۆينىڭ ئىچىنىلا كۆرەلىدىم، خەنزۇ تىلى بىلەن قارىۋىدىم، دېرىزىدىن سىرتنى كۆرەلىدىم، ئىنگلىز تىلى بىلەن قارىۋىدىم، دۇنيا كىچىكلەپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم.

ـ ئوبۇلقاسىم مۇھەممەدىي

ئاپتور: ئۈرۈمچى «ئۇلتاش» مەكتىپىنىڭ كورلىدىكى تارمىقىدا

(بېشى 58 ـ بەتتە)

▲ تۇرمۇشتىكى گەپلەر ھامان كىتابىي گەپلەردىن گۈزەل بولىدۇ.

▲ ئاتا ـ تاغقا ئوخشاش سۈرلۈك بولۇشى، ئانا ـ باغقا ئوخشاش ئىللىق، خۇش پۇراق بولۇشى كېرەك.

▲ بىر مىللەتنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

▲ ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قوپۇرۇش ... بېزەش، ئۆلۈكلەرنىڭ ئىشى ئەمەس، ئۇ پەقەت تىرىكلەر ئۆلۈكلەرگە تۆلەم تۆلەپ بېرىۋاتقىنىدەك بىر ئىش.

▲ خەلق بەزىدە شۇنداق نادانلىشىپ كېتىدۇكى، ياخشى ئادەملەر پەقەتلا تۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمايدۇ.

▲ بىر ئادەم ھاياتىدا بەش ـ ئون يىل نامرات ئۆتسە كارايىتى چاغلىق. بىراق بىر ئۆمۈر نامراتلىقتا ئۆتسە، نامراتلىق ئۇ ئادەمنىڭ روھىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ... مانا بۇ پاجىئە.

▲ يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ـ ئىنساننىڭ تۈپ مەنپەئىتى ئۈچۈن يىغلاش ۋە قايغۇرۇش.

▲ ئۆزىڭىزنى تاپمىغىچە يۈزىڭىزنى تاپالمايسىز.

▲ ئۆزىڭىزنى بەختلىك قىلالىدىڭىزمۇ، بولدى. ئۆزىڭىزنى بەختلىك قىلالىسىڭىز باشقىلارنى بەختلىك قىلالىغان بولىسىز. چۈنكى سىز ئۆز يۈكىڭىزنى ئۆزىڭىز كۆتۈرۈپ، ئېغىرىنى باشقىلارغا چۈشۈرمىدىڭىز ـ دە.

▲ يازغۇچى ـ ئىنكاسچى.

سىياسىيون ـ تەدبىرچى.

▲ زىيالىيلار ھەددىدىن زىيادە مۇتەخەسسىسلىشىش سەۋەبلىك كۇنبويى كىتابخانا ـ تەجرىبىخانىلارغا بېكىنىپ قېلىپ، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالماقتا.

www.uyghurkitap.com



# دەرسخانا پۇتۇكلىرى

—ئۇستاز، ئەدەبىياتشۇناس، پروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىدىن لېكسىيىلىرىدىن ھېكمەتلەر

تەۋسىيە قىلغۇچى ئىلىم تەلەپكارلىرى: نىياسەم ئوسمان، پاتىگۇل نىياز

▲ ئادەم ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ، ئەمما ئۆزىنى يېڭەلمەيدۇ.

▲ ئادەملەر ئۆزىنىڭ نەپسى، ئارزۇسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ.

▲ ھەقىقىي زىيالىي ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئۆز خەلقى، قەۋمىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىيالايدىغان كىشىلەردۇر.

▲ بايلاردىكى پۇل، زىيالىيلاردىكى بىلىم، رەھبەرلەردىكى يېتەكلەش ئىقتىدارى بىرلەشكەندە بىزنىڭ مائارىپىمىز ھەقىقىي ياخشىلىنىدۇ.

▲ بىر مىللەت ئۆز ئادەملىرىگە قانداق ئۇنۋان بېرىشنى بىلمىسە، بۇ مىللەت خاسلىقنى يوقاتقان بولىدۇ.

▲ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ سىياقىنى ئارىيەتكە ئالغان ئەرۋاھلار كۆپىيىپ كەتتى.

▲ تىل مەجرۇھلىقى ـ دىل مەجرۇھلىقىدىن نىشاندۇر. ئۇنىڭدىن كەلگەن پىكرىي كېكەچلىك بىزنى خار ۋە زەبۇنلۇقنىڭ قارا گىردابىغا ئاپىرىدۇ.

▲ ئەدەبىيات دەرسى ئۆتۈشتە قابىلىيەت ئەمەس، ئادىمىيەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

▲ ئەگەر سىز ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىڭىزدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالمىسىڭىز، ئۇ چاغدا سەھنىدىكى قىزىقچىغا ئوخشاپ قالىسىز.

▲ بىزنىڭ مىللىتىمىزدە خەقنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش ئادىتى شەكىللەنگەن.

▲ دۇنيادا كىم ئەقىللىق بولسا، ئۇنىڭ يالغۇز قېلىشى نورمال

## ئىلىم تەلەپكارلىرىدىن تەۋسىيە

ھادىسە بولۇپ، ئۇ دانالارغا مۇناسىپ.

▲ شائىر باشقىچە پىكىر قىلىدىغىنى ئۈچۈن مەڭگۈ باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمەي، مەنە سۈرگۈنلۈكتە ياشايدۇ.

▲ بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىدىغىنى ئۇنىڭ بىلىمى ئەمەس، بەلكى ئادىمىيلىكى.

▲ ئىنسانىنىڭ ئۆزى تەرەققىي قىلمايدۇ، لېكىن ۋاستىسى تەرەققىي قىلىدۇ.

▲ ئىنساندىكى ئەڭ ياخشى گىرىم ـ خۇلق، مىجەز، روھ.

▲ شور پېشانە خەلق تەنىچى بوپقالىدۇ.

▲ قۇرغاق رايوندا ياشىغان ئادەملەر مەسخىرىگە باي كېلىدۇ.

▲ پىكىر ھالىتىدە توختاپ قالغان نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىر سەپسەتە.

▲ ئوقۇتقۇچىدا ئالدى بىلەن كۆيۈم، ئاندىن بىلىم بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئادەم تەربىيىلەشتە ئەڭ مۇھىمى كۆيۈم، ئىنسانىي مۇھەببەت.

▲ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلالمىغان پېداگوگ قانداقمۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىسۇن؟

▲ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ ھۆرمەت قىلىش لېكىن قىممىتىنى چۈشەنمەسلىك، قۇللۇق پەلسەپىسىدۇر.

▲ شەھەرلەردە تەبەسسۇم كۆپ لېكىن ساختا، چىنلىق ئاز؛ يېزىلاردا تاپا ـ تەنە كۆپ، لېكىن تېگىدىن ئىللىقلىق چىقىپ تۇرىدۇ.

▲ ئىنسان ياش ۋاقتىدا رومانتىزمچى، ئوتتۇرا ياشتا رېئالىزمچى، ياشانغاندا تارىخچى بولىدۇ.

▲ تىل ـ روھىي ۋەتەن، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك.

▲ ھەرقانچە ياۋۇز ئىتمۇ شەھەرگە كىرسە لالمىلىشىپ كېتىدۇ.

(داۋامى 57 ـ بەتتە)



# باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان

ـ 2004 ـ يىلىدىكى «دولان يىلى»دىن ئويلىغانلىرىم

**ئادىل مۇھەممەد تۇران**

كىچىك ۋاقتىمدا ئېسىمگە كەلسەم، بۇ باياۋانلىق دالىدا بىر خىل مۇڭ، كىشىنىڭ يۈرەك ـ تارىنى چېكىپ، قانلىرىنى قىزدۇرۇپ، چېكە تومۇرىنى ئېسىلدۇرۇپ، ھاياجانىنى باغاشلىتىپ، قايناق ھايات ـ ئۇس-سۇل قايىنىمىغا تاشلايدىغان نەغمە ـ ناۋا كېزىپ يۈرەتتىكەن. مەن ئانا سۈتىدىن جىسمانىي ئوزۇق، مانا شۇ سېھىرلىك نەغمە ـ ناۋادىن رو-ھىي ئوزۇق ئېلىپ، «قارا دولان» دېگەن نام بىلەن يىراق ـ يېقىنغا مەلۇملۇق بولغان مەكىت ناھىيىسىنىڭ «يانتاق» يېزىسىدا چوڭ بولدۇم. ئانا سۈتى بىلەن كىرگەچكىمۇ، «ۋاي ئاللا...» بىلەن باش-لانغان، داپنىڭ «دۇم ـ تاق» قىلغان ئاۋازىغا تۇنجى تەڭكەش قى-لىنغان بۇ نەغمە ـ دولان نەغمىسى، پۈتكۈل ئۇيغۇر دولانلىرىغا ئوخشاش ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، خىيال كەپتەرلىرىمنى يىراق باياۋانلىق دالىغا، يىراق ئۆتمۈش ـ ئەجدادلارنىڭ باھادىرلىق، بۈ-يۈكلۈك روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان تارىخىي قىسسىلەر قوينىغا ئەكېتەت-تى. بۇنىڭدىكى شېرىنلىك، لەززەت ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، بىر ئۆمۈر ھەمراھ بوپكەلمەكتە ئىدى...

ھالبۇكى، چەكسىز باياۋانلىق دالىغا يېيىلغان دولان ۋادىسى بىر خىل شېرىنلىك، ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى، مەش-رەپ ـ چايلىرى بىلەن ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە، ئۇلار ئۆزلىرى ئارزۇ قىلمايدىغان غەۋغا ـ «كىم دولان»، «كىم قارا دولان»دېگەن تالاش ـ تارتىش قايىنىمىغا چۈشۈپ قېلىپ، «ئېشىغا چۈشۈپ قالغاندەك» كۆڭۈللىرى غەش بولۇشتى. تېخى ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئالىملىرىمىز بۇلارنىڭ ئەجدادىنى سۈرۈشتە قىلىشىپ، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكەن، ئۇيغۇر ئاتا قانلىق بولغان ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەنىدى. مانا ئەمدى يىراق ـ يېقىندىكى باشقا قانلىق ۋە ئۆز قانلىق قېرىنداشلار بۇ غەۋغانى تې-خىمۇ ئۇلغايتتى. ئۆزىچىلا «دولان»، «ھەقىقىي دولان»، «قارا دو-لان» بولۇۋېلىپ، بىھۇدە تالاش ـ تارتىشلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ

## نەزمۇ بىر نىمە دەپ باقاي

ماددىي، مەنىۋى قۇۋۋەتلىرىنى خوراتتى، ئەسلىي دولانلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتتى. بىر مەھەل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مانا شۇ «دولان قىزغىنلىقى» 2004 ـ يىلنى مەركەز قىلىپ، «2004 ـ يىلى ـ دولان يىلى» دەپ يەكۈنلەندى.

مەن «دولان قىزغىنلىقى» ئەۋج ئالغان يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ يىلدا سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ ئويلاندىم. گەرچە ئاشۇ تالاش ـ تارتىش، غەلۋە ـ غۇدۇرلار مېنىڭمۇ قەلبىمنى لەرزىگە سېلىپ، ئوتتۇرىغا چۈشۈشۈمنى، تەڭ تالىشىشىمنى دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق مەندىكى تۇيغۇ، ئۆزلۈك، تولۇق ھەغداسى بىلەن ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان دولاننىڭ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ يېقىنقى 100 يىل ئىچىدە دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى مەشھۇر ئالىملار، سەيياھلار ئارىسىدا نۇرغۇن دە تالاشتا قېلىپمۇ يەنىلا ئۆز پېتى، يەنىلا ئۆز ھالىتىدە بىزگە ـ ئۇيغۇرلارغا قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، مېنى سوغۇققان بولۇشقا ئۈندىدى. بۇ قېتىمقى «دولان قىزغىنلىقى»نىڭمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بىر قېتىملىق ئۆتكۈنچى شامال ئىكەنلىكى، ئىلگىرى دەھشەتلىك بوراننىڭ ھۇجۇمىدىن ئامان قالغان بۇ «قېرى توغراق» نىڭ بۇنچىلىك ئۆتكۈنچى شامالدا ھېچنېمە بولمايدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بەردى. شۇنداقتىمۇ،ئەمدى بىر نېمە دېگۈم كېلىۋاتىدۇ. سۇسىز باياۋانلىق دالىدىكى بۇ «قېرى توغراق»نى ئاسراش، ئۇنى بوران ـ شاماللاردىن ساقلاش زۆرۈر، دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز سۆز قىلىشنى، «2004 ـ يىلى ـ دولان يىلى» ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى دەپ بېقىشنى ئويلاۋاتىمەن.بۇ ئويلىرىم قانداقتۇر ئاشۇ قىزغىنلىقتا ئاۋاز قوشۇش،ئۇنى تېخىمۇ ئەۋجگە چىقىرىش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر؛ بۇ قىزغىنلىق ئەكەلگەن شادلىق ۋە قايغۇلار ھەققىدە پىكىرداشلار بىلەن سىردىشىش ۋە ئورتاقلىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

1

يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن باشلاپ تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان جۇغراپىيىلىك رايون ـ مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات رايونىنى مەركەز قىلغان (دولانلار مۇشۇ رايونىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن، شايار، كۇچا، بۈگۈر، لوپنۇر... قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغان) مەدەنىيەت بەلۋېغىدا «دولانلار» دەپ ئاتالغان بىر ئىجتىمائىي ئاھالە تۈركۈمى ياشاپ كەلمەكتە. «مانا شۇ دولانلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق تارىخىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدىن يالغۇز ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقتا ئائىت مول ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، مەۋجۇدلۇق روھى، ھاياتلىق ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەخلاق قائىدىلىرى، بەدىئىي زوقى ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەنگەن دولان قەدىمكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قامۇسى ھېسابىدىكى ‹دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى›نىمۇ قالدۇردى. دىققەت قىلىپ ئاڭلىساق، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق يۇرتلاردا ھازىرغىچە جۇلالاپ تۇرۇۋاتقان ئەنە شۇ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھاڭغا ‹باياۋان› دېگەن بىر سۆزنىڭ قوشۇلغانلىقىنى بىلىمىز... تەبىئەت دۇنياسىدىكى يۈكسەك شەيئىلەر ۋە ئىنسانلار تۈركۈمىدىكى يۈكسەكلىك ئېڭى تۇغرىسىدىكى بۇ باياۋانلار، ئۇلى دەللەپ بېرىدىغان ئاساسلار ئارقىلىق بىز دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدىن ئورۇن ئالغان ‹باياۋان›نىڭ يۈكسەك شەيئى ئىكەنلىكىنى... دولانلاردىمۇ يۈكسەكلىك ئېڭىنى، يۈكسەكلىك تۇيغۇسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى جەزم قىلىمىز... دادىل ھالدا ‹باياۋان› دولانلارنىڭ ‹باياۋانلىق ماكان تارىخى› بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يۈكسەك شەيئى بولغانلىقى، دولانلارغا يۈكسەكلىك ئېڭىنى ئاتا قىلغان مەنبە بولغانلىقى ئۈچۈن دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىغا كىرگەن، دەپ جاۋاب بېرىمىز»(ئىمىن ئەھمىدىي: «دولانلار نەزىرىدىكى باياۋان»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 6 ـ سان 3 ـ ، 21 ـ بەتلەر).

«باياۋان» ئۇيغۇر دولانلىرى ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇ دولانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى، مەنىۋى ھاياتى، پۈتكۈل ھېس ـ تۇيغۇ، ئېستېتىك قاراشلىرى، ئومۇمەن، پۈتۈن‌سۈرۈك بىر دولاننىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا، بۇ ھاياتنى تەشكىل قىلغان ھەر بىر ھۇجەيرە، ئېلېمېنتقا تولۇق سىڭگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۇيغۇر دولانلىرى ھازىر ياشاۋاتقان جۇغراپىيىۋى مۇھىت بىلەن تەققاسلىنىپ، دولانلارنىڭ پۈتكۈل ئۆتمۈش تارىخى، روھىيىتى ۋە تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ھۇلىنى تەشكىل قىلغان. شۇڭا، باياۋاننىڭ چېكى بولمىغىنىدەك، «دولان»دىن ئىبارەت بۇ ناخشىنىڭمۇ چېكى يوق. بۇبىر ھەقىقىي ـ تۈگىمەس مېلودىيە!...

2

دولانلار ياشاۋاتقان تارىم ئويمانلىقىدىكى بۇ سېھىرلىك ماكان ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ خۇددى تەكلىماكان ـ تارىم ئويمانلىقى كىشلەرنىڭ قىزىقىش ئوبيېكتى، دۇنيا سىرلىرىنى ئاچىدىغان كۆزنەك بوپقالغىنىدەك، كىشلەرنىڭ دىققەت ـ نەزىرىدە بوپكەلدى ۋە قىزىقىش نەتىجىسىدە باشلانغان دۇنياۋى خاراكتېردىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئالىملىرى، ئېكسپېدىتسىيىچى ـ سەيياھلىرى بۇ يەرنىڭ سېھىرلىك چۈمپەردىسىنى ئاچتى، بۇ يەردىكى يەرلىك، ئۆزگىچە مەدەنىيەتلەردىن ھۇزۇرلاندى، دۇنياغا تونۇشتۇردى. «خېرىدارلىق بولمىسا، زىبالىقنىڭ نەئەتىۋار؟» دېگەنىدەك، شۇنىڭدىن باشلاپ تالاي ئەسىر جىمجىت ئۇيقۇدا ياتقان بۇ زېمىن ـ تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرى ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل رەڭدىكى چەت ئەللىكلەر ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان، ئۆز ئىگىلىرى جىم تۇرغان ئەھۋالدا، بۇ ئەجنەبىيلەر «ئولجا» تالىشىدىغان، غەلۋە ـ غۇدۇر قايناپ تۇرىدىغان بىر جايغا ئايلاندى.

نۇرغۇن ئېسىل مەدەنىيەت مىراسىمىز، يادىكارلىقىمىز سىرتقا ئېقىپ كەتتى ۋە بۇ سەۋەبلىك بىر تۈركۈم دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مەشھۇر كىشلەرنى ئاپىرىدە قىلدى. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىمدىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك ماكاننىڭ سۈكۈتلۈك ئۇيقۇسى، جىمجىت

مۇگدىشى ئىچكە يوشۇرۇنغان «سىر»نى، ئاجايىپ كاتتا، پەقەت مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارغىلا خاس بولغان «تارىملىقلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»نى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە نامايان قىلدى. بىراق، بۇ ماددىي مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى روھىي كۈچ، ئوزۇق بولغان مەنىۋى بايلىقلار ـ «شەكىلسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» يەنىلا تارىمنىڭ باغرىدا، تارىملىقلارنىڭ قەلبىدە، چەكسىز باياۋاندا مۆلۈك پېتى ساقلىنىپ قالدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى قېزىش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ كەڭ قانات يېيىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرى ـ «شەكىلسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» قايتا يورۇقلۇققا چىقتى؛ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئەت گۈلىستانىدىكى تۇزۇماس ئەترگۈل بولغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى تەشكىل قىلغۇچى يەرلىك مۇقاملارمۇ قۇتقۇزۇپ قېلىنىشقا مۇيەسسەر بولۇپ، قايتا باش كۆتۈردى ھەم ئۆزلىرىدىكى مەھەللىۋى، ئەنئەنىۋى، كۆپ قاتلاملىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى جەملىگەن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ جۇلالىق گۈللەرنىڭ بىرى ئىدى.

«دولان» دېگەن بۇ نام «دولان ئۇسسۇلى» (دولان سەنىمى)، «دولان نەغمىسى»نىڭ كېيىن قېلىپلاشقان نامى ـ «دولان مەشرىپى»، «دولان مۇقامى» دېگەن نام بىلەن پۈتكۈل دۇنياغا تونۇشلۇق بولدى ھەم ھازىرقىدەك داڭق چىقاردى.

1964 ـ يىلى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى تۇنجى قېتىم پايتەخت بېيجىڭگە ئېلىپ بېرىلىپ، «مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكى»دە ئورۇندالغاندا، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى، دىققەت ـ ئېتىبارىغا نائىل بولدى ھەمدە مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقامچىلىرىدىن سۇنايچى مەنسۇر شەيخىم، قالۇنچى ئىسمائىل ئەھمەت، مۇقامچى ـ ئۇسسۇلچىلاردىن تۇرەك ئاۋۇت، ئۆمەر ئوسمان قاتارلىقلار شۇ قېتىمقى كۆرەكتە ياخشى نەتىجە قازىنىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ، دۆلەت رەئىسى ليۇشاۋچى، باش مىنىستىر جۇئېنلەي، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى جۇدېلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىرگە سۈرەتكە چۈشتى. 1986 ـ يىلى سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسى»دە مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ماھارەت كۆرسىتىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋەن لىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1992 ـ يىلى سېنتەبىردە مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى خاڭجۇ شەھرىگە بېرىپ، «خاڭجۇ ۋۇشەن بۇتخانا سەيلە ـ ساياھىتى بويىچە 1992 ـ يىللىق سەنئەت بايرىمى»غا قاتنىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچى ـ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 1993 ـ يىلى سېنتەبىردە مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن لياۋنىڭ ئۆلكىسى شېنياڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «جۇڭگو شېنياڭ خەلقئارا مىللىي خەلق ئۇسسۇللىرى 1993 ـ يىللىق تەكلىپ مۇسابىقىسى»گە قاتنىشىپ، شەرەپ بىلەن «كۈمۈش ئەترگۈل» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «لياۋنىڭ گېزىتى»، «شېنياڭ گېزىتى» ئارقا ـ ئارقىدىن مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنى تونۇشتۇردى؛ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن شېنياڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدىكى ئەھۋالىنى ئاممىغا كۆرسەتتى... (مۇتەللىپ سېيىت قاتارلىقلار: «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل سېنتەبىر نەشرى 18 ـ، 21 ـ بەتلەر). 2003 ـ يىلى دېكابىردا جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەكىت دولان خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى ئەترىتى بېيجىڭدا «جۇڭگو مىللەتلەر ئەل ئىچى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ھازىرقى زامان سەنئىتى تەتقىقاتى» تېمىسىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئويۇن كۆرسىتىپ زور ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇلار 2004 ـ يىلى يانۋاردا، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭدا «غەربىي رايون خەلق ناخشىلىرى» تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى»غا قاتنىشىپ، «ئالتۇن لوڭقا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2004 ـ يىلى مارتتا ئۇلار يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن «خەلق ناخشىلىرى. جۇڭگو» تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئويۇن كۆرسەتتى. 2005 ـ يىلى مارتتا، مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقامى خەلق ئەل ئىچى سەنئەتچىلىرى ئويۇن قويۇش ئەترىتى فرانسىيە خەلقئارا مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن فرانسىيىنىڭ پايتەختى پارىژ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «پارىژ خەلقئارا ئەل ئىچى سەنئىتى 9 ـ نۆۋەتلىك بايرىمى»غا قاتناشتى ۋە زور شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى. بۇ، ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە تۇنجى رەت كۆرسىتىلىشى ھەم ئېتىراپ قىلىنىشى ئىدى. (قولۇمدا بار ماتېرىياللار مەكىت ناھىيىسى ئۈچۈن بىر قەدەر تولۇق بولغاچقا، يۇقىرىدا پەقەت مەكىت ناھىيىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۈلدى. ئەمەلىيەتتە مارالبېشى، ئاۋات ناھىيىلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە دۆلەت بويىچە نۇرغۇن كاتتا سەنئەت پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلغان، قالتىس شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەنىدى.)

مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ، تۇنجى بولۇپ 1994 ـ يىلى «دولان مەشرىپى» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمىنى ئىشلەپ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى سىستېمىلىق، يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت ھالىتىدە دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تونۇشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق ناھىيىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى ئاساسىي تېما، مەزمۇن قىلغان تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىملىرى، «مەشرەپ»لەرنى ئىشلەپ، ئۆز

جايلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە، دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇ-
قاملىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى
ئىشلىگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «دولان چېچەكلىرى»
بولسا بۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ يۈكسەك پەللىسى بولدى.

1989 ـ يىلى ئىيۇندا مەكىت ناھىيىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونى بويىچە سەنئەت تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى.
يىغىندا نۇقتىلىق ھالدا «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى»
مۇھاكىمە قىلىندى. 1994 ـ يىلى ئۆكتەبىردە مەكىت ناھىيىسىدە
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى قېتىملىق دولان
مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى. 2004 ـ
يىلى ئۆكتەبىردە ئاۋات ناھىيىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
بويىچە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئې-
چىلدى. بۇلاردىن باشقا، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىغا ئائىت مەخ-
سۇس يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە كىتاب، ئىلمىي ماقالە-
لەر، سۈرەتلىك چۈشەندۈرۈش ماتېرىياللىرى، VCD پلاستىنكىلىرى،
ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى كۆپلەپ ئىشلەپ تارقىتىلدى.

مەسئۇل مۇھەررىردىن: بۇ يەردە يەنە فولكلورشۇناسىمىز ئابدۇ-
شۈكۈر تۇردىنىڭ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى ئاساسىي گەۋدە قى-
لىپ يازغان نوپۇزلۇق ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى «خەلقنىڭ سەنئەت
مەكتىپى ـ ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى»نىڭ 1981 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇن-
دىن 28 ـ ئىيۇنغىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇرسا شەھرىدە ئې-
چىلغان «خەلقئارا 2 ـ قېتىملىق تۈرك فولكلور ئىلمىي مۇھاكىمە يې-
غىنى»دا ئوقۇلۇپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغاپ،
قالتىس ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى؛ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىمىز مەرھۇم
زوردۇن سابىر بىلەن ئەختەم ئۆمەرنىڭ ھېكايە ـ پوۋېست، رومانلى-
رىدا دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ يۈكسەك سېھرىي كۈچىنى بەدى-
ئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئەدەبىيات دۇنياسىدا ياراتقان شۆھرىتىنى
ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز، ئەلۋەتتە.

دېمەك، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى شەكىللەنگەندىن تارتىپ
ھازىرغىچە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ ساقلىنىپ، تەرەققىي
قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇق،
ئېتىقاد، سەنئەت جەھەتتىكى ئۆلمەس ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلدى.
بولۇپمۇ ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە
يىلدىن بۇيان دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ئورنى پارتىيە ۋە
ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا تېخىمۇ يۈكسىلىپ، زور شان ـ شەرەپكە
نائىل بولدى، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ـ ھاياتىي كۈچىنى دۇنيا جاما-
ئەتچىلىكىگە نامايان قىلدى. «دولان» نامى چەكسىز باياۋاندىن
ھالقىپ، پۈتكۈل يەر شارىنى كېزىشكە باشلىدى...

3

«ئاتانمىغان شەھىرىڭدىن، ئاتانغان دۆڭ ياخشى» دېگەن ھېك-
مەتنىڭ بەرھەقلىكى 2004 ـ يىلدىكى «دولان يىلى»، «دولان قىز-
غىنلىقى» بىلەن ئىسپاتلاندى.

قەدىمدىن تەكلىماكاننىڭ گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ئۆزىنىڭ
ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل بوپ-
كەلگەن ئۇيغۇر دولانلىرى سىرتتىكىلەر تەرىپىدىن «قوڭغۇز يېگەن
دولان»، «قوڭغۇزچى دولان» دېگەن كەمسىندۈرۈش ناملىرى بى-
لەنمۇ ھاقارەتلىنىپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ناخشا ـ
نەغمىلىرىنى دۆڭ تۈۋلاپ، ئۇسسۇل ـ مەشرەپلىرىنى قىزىتىپ، خۇ-
رامان تىرىكچىلىكى بىلەن بوپكەلمەكتە ئىدى. نىھايەت، دولان مەش-
رەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇ-
شى ۋە ئۈنۈمىدىكى يەرلىك ئىپتىدائىي يۇراق كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە
سېلىپ، ئەجداد ـ ئەۋلادلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇدۇم بوپقالغان ھۇزۇر،
مەردانىلىق ئاتا قىلىدىغان سېھرىي كۈچى دولانلار ھەققىدە ئاڭلىغان،
كۆرگەن پۈتكۈل مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەھلىنى ـ ۋۇجۇدىدا ئازراقلا
سەنئەت ھۇجەيرىسى بار كىشىلەرنى تاڭ قالدۇردى ھەم يىتتۈرگەن
ئۆزلۈكىنى تاپقاندەك، ئەجداد نىداسىنى ئاڭلىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈ-
رۈپ، ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، مۇلاھىزىلەرنىڭ مۇھىم
تېمىسىغا ئايلاندى ۋە چوڭقۇر ئويغا سالدى.

دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۆز تۇپراق، ئۆز قەلب ئىچىدە
ئۆزلۈكىنى ئىزدەپ، ھەر قېتىملىق چوڭ سەنئەت پائالىيەتلىرى ياكى
مۇراسىملىرىدىكى داغدۇغىسى بىلەن بىردەملىك زىلزىلە پەيدا قىلىپ
تۇرغان باياۋاننىڭ بۇ ئەركىسى پەقەت ئاشۇ باياۋاندا ھەم ئاندا ـ
ساندا باياۋاننىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق، شەھەرلەردە سادا چىقىرىپ،
«ۋاي ئاللا، ۋاي ئاللا...»سى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلدۈ-
رۈپ تۇرغان پەيتلەردە، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ـ سىچۇەنلىك ناخ-
شىچى «لۇلىن» تەرىپىدىن «دولان» دېگەن نام بىلەن سۆرەپ چە-
قىلىپ، زور غەۋغا، دە تالاشقا سەۋەب بولدى. ئىشقىلىپ، «سىچۇەن-
لىك لۇلىن ئاشۇ سىرلىق ‹دولان› دېگەن نامنى قوللىنىپ، خۇددى
‹يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشىغاندەك› جۇڭگو پلاستىنكا با-
زارلىرىغا بۆسۈپ كىردى. 2004 ـ يىلى ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىس-
مىغا لايىق ‹دولان يىلى› بولدى.» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى
2005 ـ يىل 1 ـ سان 10 ـ بەت). شۇنىڭدىن كېيىن ناخشىچى فەن
شياۋفېڭ ئۆزىنى «غەربىي دىيارلىق دولان»، ئەركىن ئابدۇللا
«قۇملۇق دولىنى» دېگەن نامنى قوللاندى. بۇ ئۈچ «دولان»نىڭ
نامى ۋە پلاستىنكىلىرى شىددەت بىلەن جۇڭگو بازارلىرىغا كىردى،
قاپلىدى، جۇڭگونىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن تارتىپ ئەڭ يىراق ـ
چەت يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە، رېستوران ـ ئويۇنخانىلىرىدىن تارتىپ
ھەتتا ئايروپىلانلىرىغىچە شۇ بىر نام، شۇ بىر نامنىڭ زىغىردەك تەمى
ئارىلاشقان (بەزىلىرىدىن ھەتتا بۇنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ) ناخ-
شا ـ مۇزىكىلار قاپلاپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ بارلىقى ـ
جەزبدار، رەڭدار ۋە سېھىرلىك، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى ئارقىلىق
«دولان» دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇلدى، داڭلىق ماركا بولدى.
ئۆز ئىگىلىرى چەتتە قېلىپ باشقىلار تالىشىدىغان، خالىغانچە ئۆزىنىڭ
قىلىۋېلىپ، ئابرۇي، شان ـ شەرەپ ۋە بايلىققا ئېرىشىدىغان «تا-
ۋار»غا ئايلاندى. دولانلار ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى مانا

مۇشۇنداق ئۆزىنى تونۇدى، خەلقىمىز شۇندىلا ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلدى، خۇددى ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقىنى باشقىلار تارتىۋالغان بالىدەك ئۇمچىيدى، ئۆكسۈشكە باشلىدى...

ھالبۇكى، داڭلىق ماركا «دولان»نى بارلىققا كەلتۈرگەن مەنبە خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن بىرى بولغان دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدۇر. ئۇ ئۆزى بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ـ خەلق توپى، مەدەنىيەت بەلۋېغى ۋە ئانا يۇرتقا خاس ـ تەئەللۇق بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇنىڭ داڭلىق ماركا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ تالاش ـ تارتىشتا قېلىشى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىشى، پەقەت «دولان»نىڭ قىممىتىنىڭ قايتا نامايان بولۇشى، «تاۋار» سۈپىتىدە ئەكس ئېتىشى بولۇپ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھېچقانداق بىر شەخسكە ۋە بىرەر يەرگە خاس نام، توپۇنىم بولمىغان، ئەكسىچە، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىنىدىكى مەكىت، مارالبېشى، ئاۋاتتىن ئىبارەت بوستانلىقلاردا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ خاس نامى بولغان «دولان» قانداقتۇر مەلۇم شەخسكە تەئەللۇق ياكى خاس ماركا بوپقالماسلىقى، ھېچكىم ئۇنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئىگىلىۋالماسلىقى كېرەك.

مەلۇمكى، نۆۋەتتىكى «دولان يىلى»، «دولان قىزغىنلىقى» پەقەت بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىدىنلا ئىبارەت. بۇ يەردىكى گەپ «دولان»دىن ئىبارەت بۇ بىر پارچە ئوتنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە «قولۇم كۆيدى» دېمەي قولغا ئېلىشتىن ئىبارەت سەزگۈرلۈك ۋە جاسارەتكە باغلىق بولۇپ، بۇ ئىشلارنى بىز سوت ئويقۇسىدا ياتقاندا، باشقىلار ئاللىقاچان قىلىپ بولدى. «سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، لۇلىن خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭغا كۆز تىككەندى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئاتالغۇنى پۈتكۈل مەملىكەتكە نامايان قىلىپ ئۈلگۈردى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ بۇلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى... ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ‹دولان› دەۋالغان لۇلىن بىر توپ چوقۇنغۇچىغا نائىل بولدى؛ نامى چىقمىغان فەن شياۋفېڭ ئۆزىنى ‹غەربىي دىيارلىق دولان› دېگەن تەخەللۇس بىلەن پەردازلىۋېلىپ، خېلىلا ئامەتكە ئېرىشىپ قالدى؛ ئەركىن ئابدۇللا ‹قۇملۇقتىن بالقىغان دولان› ياكى ‹قۇملۇق دولىنى› نامى بىلەن مەملىكەت ئىچىدە شۆھرەت قازاندى.» (دۇڭ دا: «تالاشتا قالغان دولان»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 1 ـ سان 11 ـ ، 12 ـ بەتلەر)؛ ئۆزىنى «كۆك بۆرە» ئاتىۋالغان ناخشىچى ئەسقەر مۇھەممەت ئۆزىنىڭ «مەشھۇر» ناخشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى، ئۇلىنى بېيىتىش، چىڭىتىش ئۈچۈن ئۇمۇ «دولان» ئارىسىغا سىغدۇرۇلۇپ كىرىشكە تىرىشماقتا. بۇ نامنىڭ ھەقدارلىرى، ئۆز ئىگىلىرى بولسا ئاشۇ يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىملىرىدىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالى، غەربىي شىمالى، غەربىي چېتىدىكى بوستانلىقلاردا توغراق، قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان ۋادىلاردا ئۆز غېمى، ئۆز نەغمىسى، ئۆز ئۇسۇلى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ ياشىماقتا.

بىراق، دولاننىڭ نامى چىقتى! ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل مەملىكەت، پۈتكۈل دۇنياغا تارالدى. ئىلگىرى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى بىر توپ سەھرالىق «ياۋايى»نىڭ «ۋاي ئاللا ـ ۋاي ئاللا»سى دەپ بىلگەنلەردىن تارتىپ، «دولان»نىڭ نېمىلىكىنى، شۇنداق بىر نام ياكى شۇنداق بىر سەنئەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلمەيدىغانلارغىچە ھەممىسى بىلدى، تونۇدى! شۇنىڭدىن كېيىن «دولان» نامىدا نۇرغۇن داڭلىق ماركا، داڭلىق ئوبراز بارلىققا كەلدى. ھەتتا «‹دولان› ناملىق ماركىنى 30 مىليونغا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن دېگۈچىلەرمۇ چىقتى.» («شىنجاڭ شەھەر گېزىتى» خەنزۇچە) 2004 ـ يىل 17 ـ سېنتەبىر سانى 9 ـ بەت). مېنىڭچە، «دولان يىلى»دىكى بۇ داغدۇغىنى ياكى دولاننىڭ شۆھرىتىنى ئاتالمىش ئاشۇ ئۈچ «دولان» كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە پۈتكۈل دۇنياغا يايدى. بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ بىز ئەسىرلەر بويى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى ئاڭلىدۇق، ماختىدۇق، كۆپ بولسا بىرەر پارچە ماقالە، بىرەر كىتاب يازغاندىمىز. ئەمما بۇنىڭ بىلەن «دولان» دېگەن نامنى، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى ئۆز مەھەللىلىرىدىن ئېلىپ چىقالمىدۇق، بەك بولسا ئاپتونوم رايون، مەملىكەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلدى، بىز بولساق بىر مەھەل داغدۇغىلىق تەنتەنە قىلدۇق، ئاۋازىمىز مايسىز سۇنايدەك ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ كەتتى، ئۇلار يەنە شۇ مەھەللىلىرىدە قالدى. مانا ئەمدى بولسا، نەچچە مىليون يۈەن خەجلەپ تەشۋىقات قىلساقمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغان پۇرسەت، ئۈنۈم بارلىققا كەلدى.

دولاننى ھەممە تونۇدى، ئۇنىڭ نامى بۈيۈك بىر ناخشىدەك ھەممە يەردە ياڭرىدى، ھەممە كىشى شۇئېرلىسا «دولان...» دەپ شۇئېرلايدىغان بولدى، بىزمۇ ئۇنى قايتا تونۇدۇق، خۇددى ئۈچ «دولان» ئۆزئارا تالاشقاندەك تالىشىشقا باشلىدۇق.

«دولان قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، ھەممىمىزنىڭ قېنى قىزىپ كەتتى، ئاتالمىش ئۈچ «دولان»نى قاغىدۇق، «زادى كىم دولان؟» دېگەننى تالاشتۇق. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ «دولان»نى باشقىلار تارتىپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرىدۇق. ئەمما بۇ تالاش ـ تارتىشلار «دولان قىزغىنلىقى» كەلتۈرۈپ چىقارغان غەۋغالار سەۋەبىدىن سىچۈەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2004 ـ يىلى نويابىردا كۆرسەتكەن «دولانغا سەپەر» ناملىق مەخسۇس فىلمى ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 3 ـ قانىلى 2005 ـ يىلى ئىيۇلدا كۆرسەتكەن «سېھىرلىك دولان» ناملىق مەخسۇس فىلمى ئارقىلىق تېگىشلىك جاۋابقا ئېرىشتى. بۇ فىلملەردە ھەقىقىي دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى كۆرسىتىلىپ، ئاتالمىش «دولانلار»نىڭ ساختىلىقى ئېچىپ بېرىلدى. بىلىڭكى، بۇ دولان بىزنىڭكى! ئۇنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ ھەم تارتىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. «دولان يىلى» دىكى دولان قىزغىنلىقى بىردەملىك ھادىسە بولۇپ، بۇنداق چاكىنا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلانغۇچىلار، سۇيىئىستېمال قىلغۇچىلار ئادەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىش، نام چىقىرىش، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزە يارىتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ، يۈزى قېلىنلىق قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىراق ئۇلارنىڭ نامى، قازانغان ئۇتۇقلىرى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك
تېزلا تارقايدۇ، يوقايدۇ. بۇ يەردىكى «دولان قىزغىنلىقى» بىزگە
قالىدۇ، بىزنىڭ مەڭگۈ توختىمايدىغان ناخشىمىز سۈپىتىدە «بايا-
ۋان»نى كېزىپ يۈرىدۇ.

4

«دولان يىلى»دىكى «دولان قىزغىنلىقى» بىزگە ھەم خۇشاللىق
ھەم قايغۇ ـ ئەندىشە ئەكەلدى. بۇ يەردىكى خۇشاللىق، بۇ يىلدا
ھەقىقەتەنمۇ «دولان»نىڭ نامى چىقتى، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى قايتا
نامايان بولدى. بۇ يالغۇز ئاشۇ ئاتالمىش ئۈچ «دولان»نىڭ «كارا-
متى»دىنلا بولماستىن، دولاننىڭ ئەسلىي ئىگىلىرىنىڭمۇ ئۆز كارامەت-
لىرىنى كۆرسەتكەنلىكلىرىدىن بولدى: بۇ يىلدا مەكىت، ئاۋات ناھىيە-
لىرى «مەشرەپ» مەخسۇس فىلىملىرىنى ئىشلىدى؛ مەكىت ناھىيىسى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن بىرلىكتە دولان
مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان «مەكىت مەدەنىيەت
بايلىقلىرىنى ئېچىش تەتقىقاتى» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى يولغا
قويدى؛ ئاۋات ناھىيىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە
دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئاچتى...
گەرچە بۇ ئىشلار سەل كېچىكىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆز تەمى، ئۆز
ئەسلىي، ئۆز رەڭگى بىلەن زور ئۈنۈم بەردى. كىشىلەر «دولان»نىڭ
ھەقدارلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئەسلىنى بىلدى، كۆردى.

«دولان» يىلىدىكى قايغۇ ھەم ئەندىشە خۇشاللىققا كۆرە يېتىپ
ئاشقىچە. بىر مەھەل ھېلىقى ئاتالمىش ئۈچ «دولان»نىڭ سارىسىمە-
دىن قورقۇپ ئېسەنكىرەپ يۈردۇق، ئۇلار خۇددى «دولان»نى بىز-
دىن تارتىپ كېتىدىغاندەك ئالدىرىشىپ قالدۇق. بىراق، ئۆز ئىچە-
مىزدىمۇ «زادى دولان كىم؟»، «ئانا دولان، قارا دولان كىم؟»
دېگەن غەۋغالار كۆتۈرۈلدى ھەمدە «دولان» ھەققىدە ئۆزئارا سوئال
نەزىرى بىلەن قارىشىپ، تارىخنى قايتا مالتىلاشقا باشلىدۇق. مېنىڭچە،
بۇ ئەڭ يامان بولدى. «مېۋىنىڭ تېشىدىن سېسىغىنىدىن، ئىچىدىن
سېسىغىنى يامان» دېگەندەك، ئەمدى دولاننى چىشلەپ ـ تارتىپ
نېمە قىلىمىز. تارىختىن بۇيان بىر ئۇيغۇرنى ھېلى «قەشقەرلىك»،
ھېلى «خوتەنلىك»، «ئاقسۇلۇق»، «تۇرپانلىق»، «قۇمۇللۇق»،
«ئىلىلىق»، دېسەك، ھېلى «تارانچى» ھېلى «دولان» دەپ دەتا-
لاش قىلدۇق. مانا ئەمدى «مەكىتلىك دولان»، «ئاۋاتلىق دولان»،
«بارچۇق دولان» دېيىشكە ئۆتتۇق. بۇ شۇم ئېغىزلىق بىزگە كىمدىن
ئۆدۈم قالغان بولغىيتى!؟ «چۇجىنىڭ شۇملۇقىدىن مېكىياننىڭ ئەھ-
چىكى يوق» دېگەندەك، بىزنىڭ مۇشۇنداق شۇم ئېغىزلىقىمىزدىن بۇ
«دولان» بىزگە تەۋە بولماي قالغىلى تاس قېلىۋاتىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا «دولان»نىڭ ئېتنىك مەنبەسى
ھەققىدە بىر قىسىم ماقالىلەر ئېلان قىلىنغانىدى. ئۇلار ئىچىدىكى ئۆ-
زىنى مۇشۇ ساھەدە خېلى نوپۇزۇم بار دەپ قارايدىغان بەزى تەتقى-
قاتچىلار يەنە شۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا غەرب ئالىملىرى، بو-
لۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن مالوف، تېنىشېفلارنىڭ
ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى ئاساسىدا «دولانلار ـ موڭغۇللارنىڭ
ئەۋلادى» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ (بۇ قاراشنى ياقلاي-
دىغان كىشىلەر بىزدىمۇ بار)، «يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرگەندەك»
ئىش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل زۆرلۈر بولمىغان تالاش ـ
تارتىش، ئارتۇقچە زورۇقۇشلار بولدى. دەرۋەقە، ئاشۇ مەشھۇر ئا-
لىملار (مالوف، تېنىشېفلار) تەكشۈرگەندە، «دولان» دەپ ئاتالغان بىر
تۈركۈم كىشىلەر ئۇلارنى شۇنداق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەندۇ. (ئۇلار
ئېھتىمال دۇنيانىڭ يېڭى خەۋەر، يېڭى شەيئىلىرىدىن بېكىنمە ـ خالىي
ياشىغان ـ جۇغراپىيىلىك مۇھىت قەدىمدىن ھازىرغىچە، يېقىنقى زامان-
غىچە دولان نامى بىلەن ئاتالغان بۇ ئۇيغۇر قەۋمىنى دۇنيادىن بىخە-
ۋەر قويغان، ئۆزىنىڭ ئۈچ ئەۋلادىغىچە ئاران بىلىدىغان دولانلارغا
ئۇچراپ قالغان بولۇشى مۇمكىن). ھازىرمۇ دولانلار ئارىسىغا بارسى-
ڭىز شۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان (ئۆزىنى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى
دەيدىغان) دولاننى ئۇچرىتىشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئەجەب-
لەنگۈدەك يېرى بولمىسا كېرەك. چۈنكى، تارىخنى ۋاراقلايدىغان
بولساق، موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، دولانلار مەر-
كەزلىك ياشىغان تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىن غەربىگە قەدەر بولغان
جايلار ـ پۈتكۈل تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي، جەنۇبىي ئېتىكى قاراق-
تانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىدىن قۇتۇلدى. بۇ مۇشۇ جايلاردىكى
خەلق سۆيۈنىدىغان ئىش ئىدى. بىراق، كېيىنكى چاغلاردا موڭغۇل-
لارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بۇ جايلارغا يەنە دەھشەتلىك ئېزىش ئە-
كەلدى. خوجىلار پاراكەندىچىلىكى دەۋرىدە بولسا، مەكىت قاتارلىق
دولانلار مەركەزلەشكەن جايلار ئۇرۇش ـ جەڭ، يېغىلىق، قىرغىنچى-
لىقنىڭ مەركىزى بوپقالدى. دېمەك، مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھېس-
سيات ـ موڭغۇللاردىن سۆيۈنۈش ۋە قورقۇش دولانلانىڭ پسىخىك
ئېڭىغا سىڭىپ، «ئۆزىنى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى» دەۋالىدىغان ئەھ-
ۋال شەكىللىنىپ قالغان ۋە كېيىنكىلەرگە تارقالغان بولۇشى مۇمكىن.
بۇنداق ئىش دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە قەدىمدىمۇ، ھازىرمۇ مەۋجۇد
بولغان. ئەمەلىيەتتە، بىرەر قەۋم تارىختىكى قايسىبىر مىللەتكە تەئەل-
لۇق، باغلىنىشلىق بولسا ئەڭ ئەقەللىي ئۇقۇم، شۇ قەۋمدە ئاشۇ مىل-
لەتنىڭ ساقىندىلىرى بولۇشى ھەممە بىلىدىغان ئىش بولسا كېرەك.
تارىختا ساپ مىللەت مەۋجۇد بولمىغان، ھېچ بولمىغاندا بىر مىللەت
بىرقانچە قەۋمدىن تەركىب تاپقان. بىراق مەدەنىيەت، تىل قاتارلىقلار
جەھەتتە ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور تارىخىي
باغلىنىش ۋە تارىخىي ئىزچىللىق مەۋجۇد بولۇپ، ئۇ، شۇ مىللەت، شۇ
خەلقنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن. قاراپ بېقىڭ، دولانلانىڭ مەدەنىيىتى،
سەنئىتى ۋە تىلىدا، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، بىناكارلىق سەنئە-
تىدە، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە موڭغۇللارنىڭ قايسى ئالا-
مەتلىرى ساقلىنىپ قاپتۇ؟

گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، مەلۇم غەرەز بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان
بۇ خىل قاراش، 1989 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسىدە ئېچىلغان «شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە سەنئەت تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى»دا
قاتتىق قامچىلاندى. يىغىندىكى پۈتكۈل ئالىم ـ ئۆلىمالار بىردەك بۇ
قاراشنى رەت قىلدى، «دولاننىڭ ئۇيغۇر قەۋمى» ئىكەنلىكى

مۇنازىرىسىز يەنە بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا دولانلار «تىنچ» ئۆتتى. 1994 ـ يىلى ئۆكتەبىردە مەكىت ناھىيىسىدە ئېچىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى قېتىملىق دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا پەقەت دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى، ئالاھىدىلىكى، تېكىستى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپرەك توختىلىپ، «دولان» نامى ئىزاھلاندى، لېكىن «دولان»لارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش، قايتا مۇلاھىزە بولمىدى. بىراق، 2004 ـ يىلىدىكى «دولان يىلى»دا قوزغالغان «دولان قىزغىنلىقى»نىڭ تەسىرى، شۇ يىلى ئۆكتەبىردە ئاۋات ناھىيىسىدە ئېچىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئەكس ئېتىپ، «دولان»دىن ئىبارەت بۇ ئاتانغان «دۆڭ»نى تالىشىدىغان خاھىش، «دولان»نىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى قايتا مالتىلايدىغان بازىرى كاسات ھۈنەرۋەننىڭ بىھۇدە ئۇرۇنۇشى يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئاۋات ناھىيىسىدە ئېچىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دەل ۋاقتىدا ئېچىلغان، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك يىغىن بولغانىدى. بىراق يىغىندا ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، پۇختا، ئەترابلىق تەييارلىق قىلغانلىقى، يىغىن ئەھلىگە كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكى ۋە بىر قىسىم پېشقەدەم ئالىملار ۋە ياش تەتقىقاتچى ـ ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىپ، بەزى يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن باشقا يېڭىلىق يوق. يەنە شۇ «كونا خامان»نى سورۇيدىغان ئەھۋال يۈز بەردى. ئەسلى بۇ يىغىننىڭ ۋەزىپىسى ھەرگىز «دولان»نىڭ ئېتنىك مەنبەسى، توغرىسىنى ئېيتقاندا «ھەممە دولان ئاۋاتتىن تارالغان» دېگەن «ئاۋات مەركەز» تەلىماتىنى بازارغا سېلىش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ مۇشۇ يىغىندا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش بولماستىن، بەلكى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى نۆۋەتتە دۈچ كەلگەن يېڭى مەسىلە، يېڭى ۋەزىيەت ھەققىدە ئويلىنىش؛ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش؛ ئاۋات خەلقى، ئاۋات دولانلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان دولان مەدەنىيىتى، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى نامايان قىلىش؛ ئاۋات ناھىيىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى تۆھپىلىرىنى نامايان قىلىش؛ «دولان مۇقامى ساغلاملىق گىمناستىكىسى»دەك يېڭى ئىجادىيەت، يېڭى شەيئىنى كۆرگەزمە قىلىش ئىدى. يىغىن ھەر ھالدا يۇقىرىقى كونتېرتىپلەرنى تولۇق تاماملىغان بولدى. ئەمما، يىغىن ئەھلىنىڭ ئويىچە، بۇ يىغىن «يەككە» ھالدا ئېچىلىپ، بۈيۈك بىرلىك ـ پۈتۈنلۈككە سەل قارالغان. مەكىت، مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق قوشنا ـ قولۇمىلار ـ دولانلار مەركەزلىك توپلاشقان جايلاردىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە تەتقىقاتچى ـ ئىزدەنگۈچىلەرگە ئېتىبار قىلىنمىغان. ئۇلارنىڭمۇ بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ھەققى بارلىقى ئويلىشىلمىغان. ئەقەللىيسى، مۇھەممەت ئوسماندەك ئاۋات ۋە ئاۋات دولان مەدەنىيىتىنى بىر ئۆمۈر قازغان، قوغدىغان، تەتقىق قىلغان ئاۋاتنىڭ ئىلىم ئەھلى بۇ يىغىننىڭ رەسمىي ۋەكىلى بولۇپ تەكلىپ قىلىنمىغان...

ئۇيغۇر دولانلىرى (بۇ نام ئىلگىرى «دولان ئۇيغۇرلىرى»، «دولانلار»دېگەن نام بىلەن ئاتالغانىدى. ئەمدى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن قولغا كەلگەن نەتىجىلەرگە كۆرە، بۇ نام «ئۇيغۇر دولانلىرى» دەپ ئاتالسا ئەڭ مۇۋاپىق بولغىدەك) ـ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى. دولان مەدەنىيىتى، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ۋە مۇھىم يىلتىز ـ تارماقلىرىنىڭ بىرى. تارىختىن بۇيان دولانلار تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبى، غەربىي چېتىدىكى مەكىت ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ مەكىتكە قوشنا يېزىلىرىدا، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مەكىتكە قوشنا ئاۋات، سېرىقبۇيا، ئاقساقمارال، شامال قاتارلىق يېزىلىرى ۋە تەكلىماكاننىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورچۆلى، تامتوغراق، باغتوغراق قاتارلىق يېزىلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دولانلار ئولتۇراقلاشقان جۇغراپىيىلىك مۇھىت (تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە يەكەن، تىزناپ، ئاقسۇ، تارىم دەريالىرى ئوراپ تۇرغان بېكىك مۇھىت)ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ باشقا جايلار،خەلقلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنىلا ئەمەس، بەلكى مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق جايلارغا تارالغان دولانلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسىنىمۇ چەكلىمىلىك ئىنچىگە چۈشۈرۈپ قويغان. يەنى دولانلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى يەكەن، ئاقسۇ، تارىم دەريالىرى پەسىللىك دەريالار بولۇپ، بۇ دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى كەلكۈن مەزگىلىدە دەريادىن ئۆتكىلى بولماسلىق سەۋەبىدىن پات ـ پات ئۈزۈلۈپ قېلىپ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى ـ شەرقىي قىرغاقتىكى دولانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن غەربىي قىرغاقتىكى دولانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئوتتۇرىسىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرق بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ غەربىي قىرغاقتىكى دولانلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى كۆپ بولغان. بۇ خىل ئەھۋال غەربىي قىرغاقتىكى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ قىسمەن شالغۇتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ساپ ، ئەڭ خاسلىققا ئىگە بولغىنى دەل مۇشۇ دەريالارنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى، تەكلىماكان باغرىغا ياندىشقان جايلاردىكى دولانلارنىڭ مەشرەپ ـ مۇقاملىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر مۇقام ـ مەشرەپلىرىنىڭ ئوق يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، رېئاللىققا كۆز يۇمۇشقا، «مەن قارا دولان»، «مەن ئانا دولان» دەپ جار سېلىپ، «مەركەزلىك» دەۋاسىنى قىلىشقا بىزنىڭ نېمە ھەددىمىز؟تايىنلىق ھەممىسى بىردولان، ھەممىسى بىر پىلەكنىڭ سويمىلىرىغۇ؟ كىمدە قانچىلىك پەرق ياكى ئارتۇقچىلىق بولسا، ئۇنى يەرلىك

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە قوبۇل قىلساق، ھۆرمەت قىلساق، خاسلىقىنى ساقلىساق بولمامدۇ؟ھېلىمۇ بىر مەھەل ئۆز ئىچىمىزدە تالاش ـ تارتىش بولۇۋېدى،باشقا كىشىلەر «بۇ دولاننىڭ ئىگىسى يوق ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىشىپ، «دولان»نى ئۆزىگە نام قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىچە سوتقا چۈشۈشۈپ يۈرۈشىدۇ. ئەگەر بىز يەنە تالاشساق، «ئىككى قاغا پوق تالاشسا ئۇچقىغا پايدا» دېگەندەك، بۇ دولاندىن تولۇق ئايرىلىپ قالغۇدەكمىز ياكى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ساختا دولاننى «ئاۋاتنىڭ مەدەنىيەت ئەلچىسى» قىلىپ تەكلىپ قىلغىنىدەك، «تالاشقانغا بىر نېمە...» دېگەندەك، بۇ دولاننى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋېتىدىغان ئوخشايمىز! مېنىڭ قايغۇم ۋە ئەندىشەم مانا شۇ. ئىشىنىڭلاركى، بۇ دولاننى بىز بېرىۋەتمىسەك، تاشلىۋەتمىسەك باشقىلار ھەرگىز تارتىۋالالمايدۇ. ئۆزىنىڭ قىلىمەن دەپمۇ قىلالمايدۇ. بۇ دولان «مېنىڭمۇ ئەمەس، سېنىڭمۇ ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ!» (بۇ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇخبىرى ئامىنە ئابدۇرېشىتنىڭ دولان ھەققىدە يازماقچى بولغان ماقالىنىڭ تېمىسى).

5

دولان ـ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ يەرلىك پۇرىقى قويۇق، كوللېكتىۋىزملىقى كۈچلۈك، ئاكتىپ ئۆزلىشىشچان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە خېلى يۇقىرى شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى. دۆلىتىمىزدىكى بىر تۈركۈم ناخشىچى ئۇنىڭ ھاياتى كۈچى، يۇقىرى ئابرۇيىنى ئاللىقاچان ھېس قىلىشىپ ئۆزلىرىگە نام قىلىپ قويۇۋالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا، دولانلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، ئۆز ئىچىمىزدە بولسا «ئاتا دولان»، «ئانا دولان»، «قارا دولان»نى تالىشىپ زۆرۈر بولمىغان بىھۇدە ئىشلارنى قىلىش ئەۋج ئالدى. بۇلار 2004 ـ يىلىدىكى «دولان»دا كۆتۈرۈلگەن «دولان قىزغىنلىقى»نىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى، ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ «دولان»دىن ئىبارەت بۇ «بىر پارچە ئوت»تا يېڭى مەسىلە، يېڭى ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، ئۇنى قېزىش، ۋارىسلىق قىلىش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى ئويلىشىش ئىنتايىن مۇھىم. ھازىرغىچە بۇ ھەقتە بىرقانچە قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. دۆلەتلىك سەنئەت ئىلمى 9 ـ بەشيىللىق تەتقىقات تېمىسى «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 2004 ـ يىلى نويابىردا ئاياغلاشتى. مەكىت ناھىيىسى بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەكىت دولان مەدەنىيىتى، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى ئاساسىي تېما قىلغان «شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش توغرىسىدىكى تەتقىقات» ناملىق يىرىك تەتقىقات تېمىسىنى ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ يولغا قويدى، كېلەر يىلى ئاياغلىشىدۇ. بۇ يىل شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ دولان مەدەنىيىتى، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەكىلسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن تەتقىقات تېمىسى دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرى قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. دولان مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى بۇ ئىككى مەخسۇس تەتقىقات تېمىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كىشىنى ناھايىتى خۇشال قىلىدۇ. بىراق، بۇ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. مېنىڭچە، «دولان» دەۋاسىنى قىلىشىۋاتقانلار، بولۇپمۇ رايونىمىزدىكى دولانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان «دولان رايونى»، «دولان مەدەنىيەت بەلۋېغى»نى شەكىللەندۈرگەن مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق جايلار «دولان»نىڭ ھەقىقىي ھەقدارلىرى، ئىگىلىرى. ئەمدى ئۇلار ناتوغرا رىقابەتنى قويۇپ، ئەرزىمەس تالاش ـ تارتىشلارنى تاشلاپ، ئاشۇ ئىشلارغا خەجلەنگەن پۇل، ئاتىغان ئىقتىسادنى يىغىپ، «دولانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نى قۇرسا، بۇ ئارقىلىق پىلانلىق، بىر تۇتاش ھالدا دولان مەدەنىيىتى، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويسا، باشقىلارنىڭ «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغان» قىلمىشىغا خاتىمە بەرگىلى، قېرىنداشلار، قوشنىلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشتىن ساقلانغىلى، مۇشۇ ئازغىنە دولانلارنىڭ «مەكىت دولان»، «ئاۋات دولان»، «مارالبېشى (بارچۇق) دولان» بولۇپ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولماسمۇ؟!

«دولانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇش «ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»، «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرغانغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ جەمئىيەت قۇرۇلسا ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى ۋە مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى پىلانلىق، سىستېمىلىق ھالدا تېخىمۇ چوڭقۇر قازغىلى، رەتلەپ، مۇكەممەل بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرغىلى؛ ئەجدادلارنىڭ قىممەتلىك مىراسىغا ئومۇميۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلاد تايانچ كۈچلىرىنى سىستېمىلىق تەربىيىلىگىلى؛ مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزنى قوغداش بىلەن ئېچىش ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلغىلى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باشقا ئارىلاشما مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ شالغۇتلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى؛ يەرلىك، مەھەللىۋى، ئۆزىگە خاس پۇراق ـ تەم ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغىلى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشى، بىرلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ؛ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى ھەقىقىي مەنىسى، بىرلىكى، تولۇق گەۋدىسى بىلەن كەلگۈسىگە، دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ قولىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. مەن «دولان رايونى»، «دولان مەدەنىيەت بەلۋېغى»دىكى خەلق، رەھبەرلەر ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئورتاق كۈچ چىقىرىشىنى تەۋسىيە ۋە ئۈمىد قىلىمەن!

2005 ـ يىلى16 ـ ئاۋغۇست، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئوقۇش ـ تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى



# ساقايمىسىز، سۆيۈملۈك «ساراڭ»!

— ئۆمەرجان ئوبۇلنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىل 4 - سانىغا بېسىلغان «يېڭى ساراڭ» ناملىق ھېكايىسىغا ئەگەشمە مۇلاھىزە

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

سىناق ۋە تېپىشماققا تولغان ئىنسانىيەت ئالىمى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ بارماقتا. بۇ يېڭىلىنىش ئىنسانىيەتكە ئۆز نۆۋىتىدە كۆپ ياخشىلىقنىمۇ ۋە كۆپ ئەپسۇسلۇق ئىشنىمۇ تارتۇقلاپ كەلدى. ئېرىشكەن ھەممە يېڭىلىقتىن ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەملەر ئۆزلىرى بەھرىمەن بوپكەلگەن ياخشىلىقلارنىڭ ئەللىيى بىلەن غەپلەت بېسىپ، ئەپسۇسلۇق ئىشلاردىن ۋاقتىدا ساقلىنالماي، مۇھىم پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يېڭىدىن يېڭى يېڭىلىقلارغا ئۇتتۇر كېلىشكە باشلىدى. بۇ خىل يېڭىلىق ھەر ساھە، ھەر خىل پائالىيەتلەردىن ئوخشىمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى: ئېتىز - يەرلەرنى خىمىيۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن زەھەرلەپ بولغاپ، ئەمدى يېشىل - بىئولوگىيىلىك ئوغۇت يېڭىلىق بولدى. خىمىيىلىك بولغانمىلارنىڭ تەسىرىنى كېيىن بايقاپ، يېشىل يېمەكلىكلەر يېڭىلىق بولدى. زەھەرلىك خىمىيۋى دورىلاردىن ئۆلۈپ يوقالغان ئىت - مۈشۈك قاتارلىق جانىۋارلىرىمىز يەنە بىر يېڭىلىق بولدى. چەت ئەللەرنىڭ بىر مەھەل خۇدىمىزنى بىلمەي ئەگەشكەن ئەبجەش - شالغۇت مەدەنىيەتلىرى مەنىۋى ئۇيسىزلۇقىمىزنى قاندۇرالماي، ئەنئەنىمىز ئۆزىمىزگە يېڭىلىق بولدى. بۈگۈنكى ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ، رەڭگارەڭ دۇنيانىڭ رېتارىغا قاراپ ئېچىلىدىغان «ئاپتاپپەرەس ئىدىيە»گە ئايلانغان ئىدېئولوگىيىمىز پۇچەكلىشىپ، ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار يېڭىلىق بولدى. غىتمەكلەشكەن چۈشكۈن - نىمجان مەدەنىيەتنىڭ سۇنئىي رېڭى بۇلغىغان روھىمىزغا ئوي - پىكرى يېڭى، قابىل ۋە دادىل كىشىلىرىمىزنىڭ مەردانە ھەرىكىتى يېڭىلىق بولدى.

ئەخلاق ۋە ساغلام ئېتىقاد مىسلىسىز كرىزىسكە دۇچ كېلىپ، ماددىي مەئىشەت گاراڭلىقى ۋە ئىجتىمائىي گاسلىق جەمئىيەتلىشىپ (مەسئۇل مۇھەررىردىن)، ئادەملەردىكى ھەققانىيەت ئېڭى ۋە چىن ئىنسانلىق روھ يېگىلەشكە باشلىدى. تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

## كۈلكۈرمەنلەر چايخانىسى

ئېيتقاندەك: «كىيىمدىكى پىتلار قەلبكە كۆچۈپ» («پىتلار نەگە كەتتى؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 - يىل 2 - سان)، بۇ پىتلاردىن قەلبى مۇستەسنا ئادەملەر «دۆڭگە چىققان ئېتى يامان - ساراڭ» بولۇپ، يېڭىلىشقان ئىستېمال سۆزلۈكلىرىدىن «ساراڭ» دېگەن لەقەمنى قويغان نادانلارنىڭ يەنە بولدى قىلماستىن، ئاشۇ «ساراڭلار»نى ساراڭنى داۋالايدىغان دوختۇرخانىلارغا بەند قىلىشى، ئويلاپ كەلسەك كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

ئوبۇل ئەسلى ساراڭ ئەمەس، نورمال ئادەم ئىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئوقۇتقۇچى دېگەن سۆزدىنلا ئۆگەتكۈچى - تەربىيىلىگۈچى دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. ئوقۇتۇش - تەربىيىلەش دېگەن سۆزنىڭ بىز بىلىدىغان مەنىسى بولسا، ئېسىل پەزىلەت، خەيرلىك ئىشلارنى ئۆگىتىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بىز دەۋاتقان ياخشى ئىش - ئەمەللەر قايسى؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇش، بىلىملىك ئادەم بولۇش، ھەققانىي - توغرا ئادەم بولۇش، ۋەھاكازالار. بىزنىڭ ئوبۇل بالىلارغا مۇشۇنى ئۆگىتەتتى، ئوقۇتاتتى. بالىلارغا ئۆزىدىكى بىلىمنى سىڭدۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۆگەتكۈچى ئىدى. كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىسى - ئىگىسى بولغان سەبىي ئوقۇغۇچىلارغا كۆز بوياماچىلىق، ئالدامچىلىق، پورداقچىلىق دېگەندەك ناچار خاھىشلارنى ئىش - ئەمەلدە كۆرسەتسە، ئۆگەتسە قەتئىي بولمايتتى. ئۇنداق قىلسا، كۆرگەننى دوراپ - ئۆزلەشتۈرىدىغان بالىلار ئوبۇلدىن ئاشۇ ناچار خاھىشلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋالاتتى. چۈنكى ئوبۇل ئوقۇتقۇچى ئىدى.

ئوبۇل رېئال مۇھىتقا نىسبەتەن بىر يېڭىلىق ئىدى؛ سەھىپە بېشىدا «گەپ ساتقىنىمىزدەك»، ئۇ تېپىك يېڭىلىق ئىدى! ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتقا نىسبەتەن روشەن سېلىشتۇرما بولالايدىغان «بىزنىڭ ئوبۇل» خۇشامەتچىلىك - لالملىقنى چىن ئىنسانىي تەبىئىتى كۆتۈرمەيدىغان، كۆز بوياماچىلىق - ھارامزادىلىك ۋۇجۇدىغا يات، شوئاۋازلىق - شەكىلۋازلىقنى ئىلمىيلىكنىڭ كۈشەندىسى دەپ قارايدىغان «يېڭىلىق» ئىدى. كىشىلىك قىممەت - قەدرىيەت، «سىياسىي مەدەنىيلىك»نىڭ دۈشمىنى بولغان بۇ خىل چاكىنا - رەزىللىكنى ئەۋلادلارغا ئۆگىتىشنى خالىمايدىغان مەسئۇلىيەتچان، ۋىجدانلىق ئوقۇتقۇچى ئىدى. شەكىلگە

ئەمەس، ماھىيەتكە ئەھمىيەت بېرەتتى. بىر ئوبۇل ياكى بىر مەكتەپتىكىلەر كۆز بويامچىلىق قىلىپ ھۆكۈمەتنى ئالداپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغان بىلەن، بۇ خىل ساختىپەزلىك ـ ئالدامچىلىقنىڭ بىر سىنىپتىكى 40 ـ 50، بىر مەكتەپتىكى 500 ـ 600 يۈز نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنى ۋە ياكى ئاشۇ 500 ـ 600 ئوقۇغۇچىدىن قۇرۇلغان كېلەچەك جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى بىزنىڭ ئوبۇللا چۈشىنەتتى. «ساپا مائارىپى»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىزنىڭ ئوبۇللا بىلەتتى. «ساپا مائارىپى»نىڭ مەنىسىنى دوگما ھالەتتە بۇرمىلاپ قوبۇل قىلغان شەكىلۋاز، ئۇششاق باشلىقچاقلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىش بىزنىڭ ئوبۇلنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ۋىجدانىغا مۇخالىپ كەلگىنى ئۈچۈن، ئۇ «ساراڭ»دەپ ئاتىلىپ قالدى. ساراڭ بولسىمۇ بولسۇن، ئۇ بىر «سۆيۈملۈك ساراڭ» ئىدى.

بۇنداق «سۆيۈملۈك ساراڭ»لار كەتمەن چاپقۇچىلاردىنمۇ چىقىپ قالىدۇ. دائىم تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى كۆرۈپلا ئولتۇرىدىغان، قولىدىن گېزىتنى چۈشۈرمەيدىغان بىر «ئوبۇل ساراڭ» بار ئىدى. بىر قېتىملىق سىرتقا چىقىپ ئىشلەشتە، ئۇ ئۈرۈمچى ـ غۇلجا تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلىپ خېلى كۆزى ئېچىلىپ قالغانىكەن. قايتىپ كېلىپ يۇرتتا دەريانىڭ بىر قېتىملىق مۇزىنى چوقۇش ھاشىرىدا كادىر چاقلار بىلەن زاكونلىشىپ قاپتۇ:

ـ قىشتا سۇ ئۈستىدە مۇز چېقىش خەتەرلىك، ماشىنا ئارقىلىق چاقساق بولمامدۇ؟

ـ ماشىنا دېگەنگە پۇل كېتىدۇ، پۇلنى كىم بېرىدۇ؟

ـ دەريانى چاپتۇرغان ھۆكۈمەت بەرمەمدۇ؟

ـ دەريانى ھۆكۈمەت چاپتۇرغان بىلەن سۇدىن كىم پايدىلىنىدۇ؟

ـ پايدىلانغانلار سۇ ھەققى تۆلەيمىز ـ دە.

ـ ئۆستەڭلىرىڭگە تەييار تەقسىملەپ بەرگەن سۇغا ھەق تۆلەمەمتىڭ ئەمىسە؟

ـ سۇ دېگەن تاغدىن كېلىدۇ. تەييار كەلگەن سۇنى ماۋۇ پىشپىرخانمۇ تەقسىملىيەلەيدۇ. تەبىئەت ئاتا قىلغان سۇنى ساتقان پۇلغا ماشىنا تەكلىپ قىلساڭ ياكى بىزدەك ئىشلىگەنلەرگە ھەق بەرسەڭ توغرا بولمامدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى سىياسىتىدىمۇ شۇنداق دېيىلمىۋاتامدۇ ـ ھاشار ئەمەلدىن قالدۇ دەپ.

ـ سەن گەدەنكەش بۇنداق گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

ـ رادىئو ـ تېلېۋىزوردىن. غۇلجا تەرەپلەردە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

ـ غۇلجا دېگەن غۇلجا، بۇ يەر دېگەن بۇ يەر.

ـ ھەممىسلا بىر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنىغۇ؟

ـ تولا ئېغىز غېرىچلىماي مۇزۇڭنى چوقۇ، ساراڭ ـ تەلۋە!...

بىزنىڭ ئوبۇل ئەسلىي ساراڭ ئەمەس ئىدى. ئادەملەردىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى سۇسلاشقان، چىن ئىنسانىي تۇيغۇ ـ غۇرۇر، ئادىمىي پەزىلەت بۇلغانغان ناچار مۇھىت ئۇنى شۇنداق يېڭى نامغا ئىگە قىلدى. ئەسلىي ئۇ ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى كۈچلۈك، مەيدىسىدە «ئەركەك تۈكى بار» چىن ئىنسان ئىدى. ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلارنىڭ نورمال كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان بېلەت ساتقۇچى ھاكاۋۇرغا سەپەرداشلىرىنىڭ ھەقلىق ـ ئەقەللىي تەلىپىنى ئىنكاس قىلىمەن دەپ سەپەرداشلىرى تەرىپىدىن «ساراڭ»ئاتالدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئادەمسىز چۆل ـ باياۋاندا ئانىسىدەك ياكى ئاچىسىدەك بىر بىچارە دېھقان ئايالنى سەتلەپ تىللاپ، ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولغان چالا كۆرەڭ بېلەتچى ئەبلەخنى ھېچكىم ئەيىبلىمىدى. دەرىخا، شۇڭا يا ئوبۇل ساراڭ، يا بۇ ئاپتوبۇستىكى كىشىلىك قەدىرىيەت، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى ئۆلۈشكە يۈز تۇتقان 40 ـ 50 تەك خام كاللا يولۇچىنىڭ ھەقىقىي ساراڭلىق نامى ئالمىشىپ قالغان...

ھەئە، ئوبۇل ئەسلىي ساراڭ ئەمەس ئىدى. بۇ ئالەمدىكى ئەڭ بۈيۈك ـ ئۇلۇغ مۆجىزات، ياراتقۇچى بولغان ئىنسانغا يۈكسەك مۇھەببەت بار ئىدى؛ كىشىلەرئارا ئىناقلىق، كۆيۈم، ھەمجەھەتلىك، مېھرىبانلىقنى ئۆزىنىڭ ئادىمىي بۇرچى بىلەتتى (مەسئۇل مۇھەررىردىن). مجەزى ئىتتىك، چۇسلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، توغرا كەتكەن، كۆڭلى يۇمشاق، جىگەرلىك يىگىت ئىدى. سەپەردىكى ئادەم مۇساپىردۇر. «مۇساپىرغا بىر يۇتۇم سۇ بېرىش جەننەتنىڭ ئىشىكىگە يۈزلىنىشتۇر» («ھەدىس شەرىف»تىن). مۇساپىرغا ياخشىلىق كۆرسىتىش ئىنسانپەرۋەرلىكتۇر. 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە مەكتەپ سېلىۋاتقان سېخىي ـ مەردلەرمۇ ئادەم ئىدى (قاراڭ: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 4 ـ سان مۇقاۋىسىدىكى ئەلنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ـ سېخىي ـ مەردانە دېھقان يىگىتى ئابلىكىم كامالنىڭ نۇرانە سىيماسىغا). بىر سۇدان سۇنىڭ ئاتا يوللۇق بوۋايغا كەتكىنىگە چىدىماي ئىچ ـ باغرى خۇن بولۇپ، بوۋاينى كالتەكلىگەن مەلئۇنمۇ «ئادەم» ئىدى. ئاقچا ـ دۇنيانىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئادىمىيگەرچىلىكتىن چىققان بۇ «پورداقيۈز» خوجايىنىنىڭ قارا بىسلىقى، رەزىللىكى، پەسەندىلىكىگە بۇ يازمىدا قايىناشقا، باھا بېرىشكە تىل كىرلىشىدۇ، قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ (مەسئۇل مۇھەررىردىن)! بۇنداق روھىيتى تولىمۇ زەئىپ، ۋىجدان ـ ۋۇجۇدى ئۆلۈشكە يۈز تۇتقان غۇرۇرى سۇس «مۇسۇلمان»لار ئارىسىدىن رەزىللىككە مۇشت كۆتۈرۈپ چىققان «چۇس دەھرىي» ئوبۇل چىن ساراڭ ياكى ئۇلارنىڭ نامى ئالمىشىپ قالغان!...

ئوبۇل «ساراڭ» كىشىلەر تەرىپىدىن ساراڭ دەپ سۆكۈلسىمۇ، ئۇ «سۆيۈملۈك ساراڭ»دۇر. تاماقنىڭ تەمىنى تۇز تەڭشىگەندەك، ئادەمىيلىك، چىن ئىنسانلىق، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئەخلاق ـ ساپا تەڭپۇڭلۇقىنىڭ تۇز تەمىنى تەڭشەيدىغان ئوبۇلدەك «سۆيۈملۈك ساراڭلار»نى داۋالايمىز، دەپ مەردانە ئوغلانلارنىڭ يىلتىزىنى كەسمەيلى. شۇنى ئۇنتۇمايلىكى، ھەقىقەت ئوبۇلدەك كىشىلەرگە موھتاج! بۇنداق پسىخولوگىيىلىك داۋالاشنى «بىزنىڭ سۆيۈملۈك ساراڭ ئوبۇل»غا ئەمەس، شەكىلۋاز ـ كۆزبويامچى مۇدىرچاق، ئاتىكاچى ـ خۇمسى بېلەت ساتقۇچى، نامى ئۆزىدىنمۇ سەت ۋە يىرگىنچىلىك پورداقيۈز، لەنەتگەردى ئاشخانا خوجايىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىرىيىتىنى بىلمەيدىغان نىمجان قۇرتتەك «مۇسۇلمان»لار ـ ئاپتوبۇستىكى يولۇچى «ئۆلۈك جانلار»غا ئېلىپ بارغىنىمىز تۈزۈك!

2005 ـ يىل 7 ـ ئاۋغۇست، سەھرايى ئەرمۇدۇن

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسى كەنتىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى

www.uyghurkitap.com

# ئاچچىق

# كۈلكىلەر



## خېنىم بىلەن تىلەمچى

شەھەر سىرتىدىكى چىرايلىق داچىدا بىر گۈزەل خېنىم ئولتۇراتتىكەن. بىر كۈنى چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان، كىيىملىرى جۇل - جۇل تىلەمچى خېنىمنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. خېنىمنىڭ ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا ئون سوم پۇل بېرىپ سوراپتۇ:

- سىز تىلەمچىلىكتىن باشقا يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىسىز؟

- ياسىنىمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تىلەمچى.

- ياسىنىمەن؟ - خېنىم تولىمۇ ئەجەبلىنىپتۇ، - تىلەمچىلىك قىلىش ئۇ-چۇنمۇ ياسىنىش كېتەمدۇ؟

- شۇنداق، ئەلۋەتتە ياسىنىش كېرەك، - دەپتۇ تىلەمچى، - مەن ئۆزۈمنى پەر-دازلاپ تېخىمۇ نامرات ھەم قېرى كۆرسىتىشكە تىرىشىمەن -دە، بۇ ئارقىلىق كىشى-لەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپ، نۇرغۇن پۇل تاپالايمەن. خېنىم، سىزچۇ، خىز-مەت قىلغاندىن باشقا يەنە قانداق ئىشلارنى قىلىسىز؟

- گىرىم قىلىمەن، - دەپتۇ خېنىم.

- خېنىم، سىز قەيەردە ئىشلەيسىز؟ يەنە سوراپتۇ تىلەمچى.

- تانسخانىدا، - دەپتۇ خېنىم جاۋابەن، - مەن گىرىم قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈمنى تېخىمۇ ياش، ئالىيجاناب ھەم پەزىلەتلىك كۆرسىتىشىم كېرەك، مۇ-شۇنداق قىلسامىلا مېھمانلار مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ، نۇرغۇن پۇل بېرىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان تىلەمچى دەرھال ھېلىقى ئون سومنى خېنىمغا قايـ-تۇرۇپ بېرىپتۇ.

- ھە، سىزگە كېرەك ئەمەسمۇ؟ - سوراپتۇ خېنىم ئەجەبلىنىپ.

- شۇنداق، ماڭا پۇلىڭىز كېرەك ئەمەس! - دەپتۇ تىلەمچى، - بىزنىڭ بۇ كە-سىپتىكىلەرنىڭ مۇنداق بىر قائىدىمىز بار - يەنى ئۆز ئارا پۇل تىلەشمەيمىز!

---

شاۋياڭ قەلىمىدىكى بۇ يارما «جۈجەكىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىل 5 - سانىغا بېسىلغان. ئىمىنىياز مەتنىياز تەرجىمىسى (تەرجىمان: كېرىيە ناھىيە توغرىغاز يېزا بۇرەكچى كەنتىدە، دېھقان)

# قىرتاق پاراڭلار

## ... ئەمەس، بەلكى ...

بۇ يارچىدىكى گەپلەر گەرچە قىسمەنلىك بولسىمۇ، ئىجتىمائىي مۇھىت بۇزۇلغان، چىرىكلىك، كۆزبويامچىلىق باش كۆتۈرگەن بەزى ساھەلەردىكى ساختىپەزلىكلەرنىڭ بىر تەرىپى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قاتتىق چەكلەپ، تەدبىر قوللىنىۋاتقان قانۇن ۋە سىياسەتكە خىلاپ سەلبىي قىلمىشلارنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلگەن.

- ئۇيغۇرچە نەشر مەسئۇل مۇھەررىرىدىن

ماقالە يېزىپ چىقىلغان ئەمەس، بەلكى كۆچۈرۈپ چىقىلغان؛

دوستلار، تونۇشۇپ دوستلاشقان ئەمەس، بەلكى ئىچىشىپ دوستلاشقان (ھاراق سورۇنىدا)؛

ئىئانە پۇل، ئىئانە قىلىنغان ئەمەس، بەلكى سېلىق چېچىپ يىغىلغان؛

باشلىق ئىشلەپ باشلىق بولغان ئەمەس، بەلكى «ئارقا ئىشىك» تىن مې-ڭىپ باشلىق بولغان؛

نەتىجە ئىشلەپ يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى توقۇپ چىقىرىلغان؛

تەدبىر كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىنغان ئەمەس، بەلكى بىرىنچى باشلىقنىڭ ئۇستەلگە بىر مۇشتلىشى بىلەن بەلگىلەنگەن؛

چىرىكلەشكەن مەنسەپدار تەكشۈرۈپ تېپىلغان ئەمەس، بەلكى ئوغرى ئاشكارىلاپ قويغان؛

سان - سىپىر تۆۋەننىڭ ستاتىستىكىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى يۇقىرىنىڭ بېسىمى بىلەن چىقىرىلغان؛

تەجرىبە يەكۈنلىنىپ ئەمەس، بەلكى قەلەمنىڭ كارامىتى بىلەن چىقىرىلغان؛

شىركەت ئوغلىنىڭ كارامىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنسەپدار دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېچىلغان؛

نامراتلىق قالپىقى يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئەمەس، بەلكى مۇ-ناسىۋەت ئارقىلىق كېلىگەن.

---

ۋاڭ گوبىڭ قەلىمىدىكى بۇ پارچە «فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2005 - يىل 15 - ئاپرېل سانىدىن «رەھبەرلىك ئىلمى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىل 13 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئابلىز ساقى پەزىلەتشاھ** تەرجىمىسى (تەرجىمان: ج ك پ قاراقاش ناھىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خادىمى).



# يەھۇدىيلاردەك بولغىمىز كەلسە...

تۇرسۇن تۇردى

ئىككى گەپنىڭ بىرىدە: «يەھۇدىيلار ئۇنداق قەيسەر، بۇنداق پىشقان، ئەقىللىق» دەپ تامىقىمىزنى چاكىلدىتىپ سۆزلەيدىغان بوپقالدۇق ھەم ئۇلارنىڭ قەيسەرلىكى ۋە ئاجايىپ ئەقىل - پاراستىنى مىساللار بىلەن دەلىللەپ ئۆزىمىزنى قامچىلايمىز. بۇنداق چاغدا بەكمۇ يەھۇدىي بولغىمىز كەپكېتىدۇ. لېكىن يەھۇدىيلارنىڭ تارىختا تارتقان خورلۇقلىرى، جەبىر - جاپاسى ۋە ئۇلارغا يۈزلەنگەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىرغىنچىلىقلار ئېسىمىزگە كەلگەن ھامان جىسمىمىز تىترەكتىن بىرلا سىلكىنىدۇ - دە، ئارقىدىنلا: «يائاللا، ياراتقان ئىگەم، ھېلىمۇ بىزنى يەھۇدىي قىلىپ ياراتماپتىكەنسەن» دېگىنىمىزچە بىر - بىرىمىزگە مۆلدۈرلەپ قاراپ قالىمىز. يەھۇدىيلاردەك قەيسەر، ئەقىللىق بوپكەتكىمىز بارىيۇ، ئەمما تارىختا ئۇلارنىڭ بېشىغا ياغقان بالا - قازا ۋە ئەلەملىك قىسمەتلەرنىڭ مىليوندىن بىرىگە تاۋىمىز يوق. تېخى يەھۇدىيلاردەك ياشىغۇچىسى بار زىيالىيلار ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىغا خام - گاچا؛ يەھۇدىيلارنىڭ قانۇنىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىكى قالتىس چېۋەرلىكنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ سۆزلەۋاتقان بايقۇشلارغا قارىسىڭىز، ئۇ ئۆزى ئاساسەن قانۇندىن «قارا قورساق».

«ئوغۇل بالىنى جەبىر - جاپا ئەمەس، بەلكى كەيپ - ساپا كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېگەندەك، مىللەتنىمۇ ئۇنىڭ تارتقان جاپاسى ئەمەس، بەلكى سوۋۇپ قالغان مەنتاگىدەك بەدرەڭ ھالاۋەتتى كېرەكتىن چىقىرىدىغانلىقىنى تارىخ ئاللىقاچان ئىسپاتلىدى.

«ئارتۇق گەپ ئېشەككە يۈك» دېگەندەك، ئەمدى بۈگۈنكى تولىمۇ كەسكىن رىقابەت دۇنياسىدا بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىز توغرىلىق قانداقتۇر چوڭقۇر سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي مۇلاھىزە ۋە پەلسەپۋىلىك ئىلمىي خۇلاسىلەر ئارقىلىق بىرەر «مەسىلە»نى ئوتتۇرىغا ئېتىشتىن كۆرە،ئالدى بىلەن مۇنۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئويلىشىپ، دەگسەپ بېقىش زۆرۈرمىكىن، دەيمەن:

ناخشا - ئۇسسۇل يەپ كەتتى سىگنانلارنى،
ھاراق خۇنپەر «ھاپ» ئەتتى ئىندىيانلارنى.
بۇ ئىككى «يەيدۇر» بىزدىمۇ تەلدۇر،
يەپ كېتەركىن قايسىسى بالدۇر؟

خوش، ناخشىنى دۆڭ توۋلاپ، ھاراقنى چىلاشقىچە ئىچىپ، يەھۇدىيلاردەك بولۇش چۈشىنى كۆرۈپ يۈرگەن ئەزىمەتلەر سىلەرگە بىر مەسلىھەتىم: ئەگەر راستلا يەھۇدىيلاردەك سەرخىل بولغۇڭلار كەلسە، ئۇنداقتا سىلەرمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش بۈگۈنكى دۇنياۋى شەپقەتسىز -كەسكىن رىقابەت ۋە تارىخنىڭ رەھىمسىز تالاش-تارتىشىغا دادىل يۈزلىنىڭلار. «ئۆلگەن سارتنىڭ قوينىدىن بىر توقاچ» ئەمەس، بەلكى جانغا ئەسقاتىدىغان بىر پارچە كىتاب چىقسۇن! قېنى، بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالامسىلەر؟!

---

ئاپتور: قاراماي كەسپىي - تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا



# تۈزۈكىنى دورىسۇن

(فېليەتون)

گايىت مۇسابەگتۇر

قاپاق مايىسلىرى ئەمدىلا ئۈچ تارتىپ يامىشىشقا باشلىغان يېڭى باراڭغا ساڭگىل - سۇڭگۇل ئېسىۋېتىلگەن كونا قاپاق - نو-گايلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتقانلىقىمنى بايقىغان ئاپام چۈشەن-دۈردى:

- قاپاق دوراپ بەك چۈشىدۇ، خۇددى تۇغماس خوتۇن بالا بېقىۋالسا قورساق كۆتۈرگەندەك.

ئاپامنىڭ ساددا جاۋابى باشتا كۈلكەمنى قىستىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاستا - ئاستا مېنى مۇلاھىزىلەر قوينىغا سۆرەپ كىردى.

راست، جاھان دوراپچىلىقتىن خالىي ئەمەس. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دوراش - ئىنسانلارنىڭلا ئەمەس، ھايۋانلارنىڭمۇ ئۆز ھاياتىنى تەمىن ئېتىشتە زۆرۈر بولغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشىدىكى مۇھىم يول. بۈركۈت چۈجىلىرى ئانا بۈركۈتنى دوراپ قىيادىن پەسكە شۇڭغۇش ئارقىلىق كۆكتە پەرۋاز قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. مالە-

چىلاردىن ئاڭلىشىمچە، بۆرە دەسلەپتە قوي كالىلىسىنى دۈگىدىن پەسكە يۇمىلىتىپ كۈچۈكلىرىنى قوغلىغىلى سېلىپ، كېيىن ئوغلاق، قوزىلارنى تىرىك يېتى ئەكېلىپ بوغۇپ كۆرسىتىپ، يىرتقۇچلۇق تەبىئىتىنى يېتىلدۈرىدىكەن. كىچىك چاغلىرىمدا مۈشۈكنىڭ چاشقان-نى چىشلەپ چالىجان قىلغاندىن كېيىن ئاسلانلىرىغا تاشلاپ بېرىپ قوغلىتىپ، چاشقان تۇتۇشنى ئۆگەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. لېكىن يېقىندا كۆزۈمگە چېلىققان بىر ئىش مېنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى: سەھرادىكى بىر تۇغقىنىمىز چاشقاننىڭ دەستىگە پايلىماي ئۆرۈمە-چىدىن بىر مۈشۈك سېتىۋېلىپ كەپتۇ. بۇ مۈشۈك چاشقان دورىسى پەيدا بولۇش بىلەن رىزقى قىيىلىپ، ئۆرۈقى قۇرۇغان يەرلىك مۈشۈكلىرىمىزنىڭ بەشىگە تەڭ كەلگۈدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، باشتا بۇنىڭ مۈشۈكلىكىگە چىنپۈتكۈم كەلمەي، سەل سۈر باستى ۋە تۇغقىنىمنىڭ پەمىگە كۆڭلۈمدە قايىل بولدۇم: كۆتەككە بېقىپ پالتا، ھازىرقى چاشقانلارغا مۈشۈندىقى تەڭ كەلمىسە قالغىنى بىكار، ئەمدى بۇ ھويلىدا چاشقان ئاتلىقلارنىڭ ھالىغا ۋاي. لېكىن ئىش كۈتمىگەن يەردىن چىقتى: بىر كۈنى چۈشتە تۇغقىنىمنىڭ ھويلىسىدا ئارام ئالاي دەپ ياتقانىدىم، بۇلۇڭدىن بىر چاشقان چىقىپ كەلدى. چاشقاننىڭ يوغانلىقىغا قاراپ، بولغۇسى «جەڭ مەنزىرىسى»دىن

## شەكلۋازنىڭ ئەقلى تۆت چاسا

چۈچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئولتۇردۇم. لېكىن چاشقان قىلچە ھې-
يىقماي يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، مۈشۈكنىڭ ئالدىدىكى يەرگە قويۇپ
بېرىلگەن ئاش (بىزنىڭ بۇ يەردە مۈشۈككە ئاشنى يەرگە قويۇپ
بېرىدىغان ئادەت بار)نى خىرامان ئېچىشكە باشلىدى. بۇ ھال ماڭا
بىر داستىخاندا غىزا يەۋاتقان پاششاپ بىلەن ئوغرىنى ئەسلەتتى.
چۈشەندىم: شەھەردە تۇغۇلۇپ، زۇرۇر دوراش پۇرسىتىدىن مەھرۇم
چوڭ بولغان مۈشۈك مۈشۈنداق بولماي قانداق بولماقچى؟! دو-
راش ئادەم بالىسىنىڭ تۇغما تەبىئىتى ۋە شۇنداقلا ئىنسانىي كا-
مالەت يېتىلدۈرۈشىنىڭ زۇرۇر قەدىمى. چوڭلارنى دوراش ئارقىلىق
بالىلارنىڭ تىلى ۋە ئايىغى چىقىدۇ، مىجەز ـ خۇلقى، ئەقىل ـ پەمى
يېتىلىدۇ. يېزىشچە، بوۋاق چېغىدا چىشى بۆرە ئەكېتىپ بېقىپ
چوڭ قىلغان «بۆرە بالا» (بۇ ھەقتە ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا
تالاش ـ تارتىش بار) بۆرىگە خاس تەبىئەت يېتىلدۈرگەن بولۇپ،
ناھايىتى چەبدەس ئۆمىلەيدىكەن، لېكىن ئۆرە ماڭالمايدىكەن،
ھۇۋلايدىكەنۇ، بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدىكەن، خام گۆشلەرنى
ئىشتىھا بىلەن يەيدىكەنۇ، يەل ـ يېمىش، كۆكتات سىگمەيدىكەن.
شۈبھىسىزكى، «كاۋا ئىچىدە ئۆسسەڭ يۇملاق بولىسەن، تەرخە-
مەك ئىچىدە ئۆسسەڭ ئۇزۇنچاق» دېگەندەك، گۆدەكلەر ئۇچۇن
ئېيتقاندا، دوراش كۆپىنچە ئاڭسىز، مەقسەتسىز بولىدۇ. بىر زاماند-
لاردا مەلۇم بىر باشلىقنىڭ ئەركە ـ نايناق، غىلجىڭ بىر قىزىنى
بالىلار باغچىسىغا تەربىيچىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندا، ئۇنىڭ
قولىدا تەربىيلەنگەن قىز ـ ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسى سۆڭگۈ-
چىنى تولغاپ ماڭىدىغان بوپقېلىپ، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارنى زەر-
دىگۈش قىلغانلىقى ھازىرقىدەك ئېسىمدە. بالىلارلا ئەمەس، بەزى
ئىجتىمائىي تەشكىلات، دۆلەتلەرمۇ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن گۆدەك
مەزگىللىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىغا ئۇيغۇن ھې-
سابلىغان باشقا بىرەر تەشكىلات ۋە دۆلەتلەرنى پىرئوستاز تۇتۇپ
تەقلىد قىلىش ئارقىلىق مەۋجۇدلۇق، تەرەققىيات يولى ئىزدەيدۇ ۋە
ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزگە تەشكىلات ۋە دۆلەتلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنى
ئۈلگە قىلىشىنى خالايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز مەسلەكلىرى، تۇتقان
يوللىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئۆزلىرىگە ئىشەنچ تىكلەشكە
تىرىشىدۇ. دېمەك، دوراش ـ گۆدەكلىككە مەنسۇپ ئورتاق پىسخى-
كا. لېكىن ئۆزىنى ئەقىل ـ ئىدراك، پەم ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەت-
تۇق، دەپ ھېسابلايدىغان چوڭلار ئارىسىدىكى دوراmچىلىقلارغا،
ئائىلىۋى، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە يات ئادەتلەرنى دوراm-
چىلىق بىلەن پەيدا قىلىپ قويۇپ، ئاخىرىدا ئۆدەك چۈجىسى چې-
قارغان مېكىيان كۆل قىرغىقىدا مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندەك قىيىن
ھالغا چۈشۈپ قالغان جامائەتچىلىكىمىزگە؛ ئىجادىيەت مەيدانىغا
ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ بىلەن بىر ئوبدان كىرىپ كېلىپ، كىشىلەر
سۆيۈنگۈدەك نەتىجە ياراتقان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۇ «ئىزم»، بۇ
«مېتود»لارغا كۆپ تەقلىد قىلىش ئاقىۋىتىدە خۇددى دۇكانىمۇ
دۇكان بويۇنداپ يۈرۈپ، قويىندىكىنى ئوغرىغا بەرگەن سەھرالىق-
تەك داغدا قالغان ئەدىبلىرىمىزگە؛ سەھنىلىرىمىزنى قاپلاپ كەتكەن
چەلەڭگۈش ناخشا ـ مۇزىكىلارغا نېمىدەپ تەبىر بەرگۈلۈك؟ بىر
چاغدا بىر يازغۇچىمىز كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مى-
لىتىمىزدىكى ئىللەتلەرنى سۆكۈپ يېزىپ چىققان بىر پارچە ئەسىر
جەمئىيەتتە مەلۇم ئىجتىمائىي تەسىر قوزغىۋېدى، ھايت ـ ھۇيت
دېگۈچە مەتبۇئات يۈزىنى خۇددى قوشكېزەكلەردەك بىر ـ بىرىگە
ئوخشاپ كېتىدىغان، خاسلىقى يوق، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە
ئورتاق بولغان ئىللەت ـ ئاجىزلىقلارنى مىللىتىمىزگە دۆڭگەپ يې-
زىلغان ماقالىلەر قاپلاپ، كىشى كۆرسە «ھۆ» بولغۇدەك ھالەتكە
كەلتۈرۈپ قويدى. بۇنى نېمىدەپ چۈشەنگۈلۈك؟ مەلۇم بىر جايدا
ئۆتكۈزۈلگەن بىر بايرام ئوبدان ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش
بىلەنلا، بىر مەھەل ھەممىلا جايدا دېگۈدەك كۆتۈرۈلگەن بايرام
داۋراڭلىرىنى؛ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يۈزەكى ھالدا شەھەرلەشتۈرۈش،
شەھەرلەشتۈرۈشنى بىنالاشتۇرۇش دەپ چۈشىنىۋېلىپ، دوراmچىلىق
بىلەن سېلىنىۋاتقان ئاسمانپەلەك بىنالار (يېزىشچە، ئىچكىرى ئۆل-
كىلەردىكى چوڭ شەھەرلەردە چەك قويۇلۇشقا باشلاپتۇ)نى؛ بىر
مەزگىل بازىرى ۋە تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى بىلەن ھېسابلاشماي
يېزىلار بويلاپ كۆتۈرۈلگەن، دېھقانلارنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقداش
بىلەن نەتىجىلەنگەن ئۈجمە تىكىش دولقۇنى ۋە باشقا دولقۇنلارنى،
ھەمدە بۇلارنى مەقامىغا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە چاقىرىلغان نەق
مەيدان يىغىنلىرى، تۈۋلانغان ھەيۋەتلىك شوئارلار ۋە باشقا ھەد-
دى ـ ھېسابسىز دوراmچىلىقنى قوبۇل قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە مەن-
تىقە ئاجىز. دەرۋەقە دىت ئىشلىتىپ ئىجابىي رەۋىشتە تەقلىد قى-
لىش ـ ئەقلىي كاملىلىقنىڭ بىر دەلىلى، ئەكسى ھالەتتىكىسى بولسا،
ئەقلىي كوتالىقنىڭ مەنسۇپ. بىزدىكىسىنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكىسىگە
تەئەللۇق بولۇپ، يىلتىزى ـ ئاڭسىزلىق، نادانلىق (قىسمەنلەردە
تەقلىد قىلىنغۇچىغا يېقىش ھەۋىسىمۇ بار). ئېرىشكىنىمىز ـ ئاچچىق
ئۆرۈكنى تۈيۈن (تاتلىق) ئۆرۈككە ئۇلىغاندەك كاسات مېۋىدىن ئىبا-
رەت. ئاڭلىشىمچە، قوينى قوچقارغا قويغاندا ياكى سۇنئىي ئۇرۇقلاند-
دۇرغاندا ئاق قوينى تۈم ئاق نەرسىگە، قارا ئەلتىرىلىك قوينى بولسا
تۈم قارا نەرسىگە قارىتىپ تۇرۇش شەرتمىش، بولمىسا قوزىسى ئالا-
چىپار تۇغۇلۇپ قالارمىش. بۇنىڭ راست ـ يالغانلىقى ۋە ئىلمىي ئاسا-
سى توغرۇلۇق بىر نەرسە دەپ بېرەلەيمەن. لېكىن ئايال كىشى ھا-
مىلدارلىق مەزگىلىدە چىرايلىق گۈل، گۈزەل مەنزىرىلەرگە قاراپ
بەرسە، تۇغقان بالىسى چىرايلىق بولىدۇ، دېگەننى كۆپ ئاڭلىغانمەن.
بۇلارنىڭمۇ راست يېرى باردۇر بەلكىم. قوغۇنلۇققا كاۋا ئۈنۈپ قالسا،
ئەتراپىدىكى قوغۇنلارنىڭ كاۋا تېتىپ قېلىپ (چاڭلىشىش يولى بىلەن)
كۆشۈكى بىر پۇل بولىدىغانلىقى، كۆكتات گەمىسىدە ساقلانغان يەل ـ
يېمىشلەرنىڭ كۆكتات تەمىگە كىرىپ قالىدىغانلىقى (نەپەسلىنىش يولى
بىلەن) ئېنىق. يېقىندا، خېلى نوپۇزلۇق بىر گېزىتتە يېزىشچە، خې-
نەننىڭ مەركىزى جېڭجو شەھرىدە بىرسىنىڭ ئۆيىدە ئىلگىرى رىۋايەت
تۈسنى ئېلىپ كەلگەن، قىممىتى بىباھا ئىپار قاشتاش ( 金香玉

بايقىلىپتۇ. بۇ تاش ئۆزگىچە كۆچلۈك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدى-
كەن. بۇ تاشتىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكنىڭ سەۋەبى، ئۇزاق زامانلار
ئىلگىرى خىلمۇخىل خۇش بۇي گۈل ـ گىياھلار ئارىسىدا شەكىللەن-
گەنلىكتە ئىكەن. خۇلاسە كالام، جانلىقلار ۋە جانسىزلار، تىللىقلار ۋە
تىلسىزلار، ئاقىللار ۋە نادانلار، پۈتكۈل جەمئىيەت، ھەتتا جانسىز
تاشقىچە دوراشتىن خالىي ئەمەس ئىكەن. ئۇنداقتا، ئاپامنىڭ جاۋابى-
نىڭ كۆلگىدەك نېمىسى بار. «چىنىمەي ئېتىۋېدىم، پوكىنىغا تەگ-
دى»دېگەندەك، بەزى ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى تەرىپىدىن ئىنكار قىلى-
ۋېتىلىدىغان، دېمىسمۇ ئاڭلىماققا بىمەنىلىكتەك تۇيۇلىدىغان بەزى
ئىشلارنىڭ ئاۋام پۇقرالارنىڭ قولى بىلەن مۇمكىنچىلىككە ئايلانغاند-
لىقى ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، مۇبادا، سىز بىرەر چارۋىچىلىق
مۇتەخەسسىسىنىڭ ئالدىدا كالا بىلەن ئېشەكنى چېتىشتۇرسا، قېچىر
تۇغۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپنى چىقارسىڭىز، جەزمەن توم تو-
ياق ھايۋان بىلەن ئاچاق تۇياق ھايۋاننىڭ چېتىشىپ ئەۋلاد قالدۇ-
رۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىر تالاي نەزەرىيە بىلەن چۈشەندۈ-
رۈپ، سىزنى نادانىنىڭ ھاسا تايىقىغا چىقىرىۋېتىشى ئېنىق. لېكىن كالا
بىلەن ئېشەك ئوتتۇرىسىدا تۆرەلگەن «كالا قېچىرى»دېگەن غەلىتە
مەخلۇقنىڭ بارلىقى راست ۋە بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن.
شۇنىڭدەك يۇگىدىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە چۈچىكە قوچقارنى ياكى
ساغلىقىقا تېكىنى قويۇش ئارقىلىق تۇغۇلغان يا ئۇغلاققا، يا قوزىغا
تەۋە ئەمەس جانىۋارلارنىڭ بارلىقىمۇ ھەقىقەت. بۇنىمۇ ئادەتتىكى
ئىلمىي قاراشلار قوبۇل قىلىپ كېتىشى ناتايىن. بۇ دەۋرنىڭ بەزى
ھەقىقەتلىرى ئۇ دەۋرگە بارغاندا كۈرسى چۈشۈپ، ئاۋام پۇقرالارنىڭ
ساددا يەكۈنلىرىگە ئورۇن بوشىتىدىغان ئەھۋاللار ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشىمىزدىلا ئەمەس، ئىلىم ـ پەن تارىخىدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. يې-
قىندىن بۇيان دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە كۆتۈرۈلگەن مۇنازىرىلەر نەتى-
جىسىدە، ئىلىم ـ پەن تارىخىنىڭ سەلتەنەت تاجى ھېسابلىنىپ كەلگەن
دارۋىننىڭ ئۇۋولۇتسىيە (تەدرىجىي تەرەققىيات) نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلىغا
سۇ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە يەكۈنىنىڭ دەل ئاۋام پۇقرالار ئىزچىل
چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ساددا قاراشلارغا يېقىنلىشىپ بېرىۋاتقانلىقى سىر
ئەمەس. دېھقانلارنىڭ «بولىدۇ» ۋە «بولمايدۇ» سىنى ئۇنچە بوش
چاغلىغىلى بولمايدۇ. دۇنيا مۇرەككەپ. ئەل ئارىسىدىكى ئاڭلىماققا
ھاماقەتلىكتەك بىلىنىدىغان نۇرغۇن ساددا قاراشقا ئۇزاق ئەسىرلىك
تەجرىبىلەر، ئەمەلىي كۆرۈنۈشلەرنىڭ يەكۈنى سىڭگەن بولىدۇ. ئۆزى
چۈشەنمىگەننى ياكى باشقىلار چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئاجىز كەل-
گەننى يالغانغا چىقىرىۋېتىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ھەر خىل تاسادى-
پىلىقلار ئارقىسىدا ئاپامنىڭ دېگەنلىرى راست چىقىپ، بۇ يىل قاپاقتىن
مول ھوسۇل ئالسا ئەجەب ئەمەس.

خىيالىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مېنى بىردىنلا ئەندىشە باستى.
چۈنكى ئاپامنىڭ باراڭغا ئېسىۋەتكەنلىرى بولتۇر كۈزدە پىششقا
ئۈلگۈرمەي ئۈششۈك ئۇرۇۋەتكەن مايماق ـ سايماق، قورۇق قا-
پاق ـ نوگايلار ئىدى. تېخى مازاق قىلغاندەك ئەسكى ئۆرۈق،
پۇچۇق چەينەكلەرنى قوشۇپ ئېسىۋەتكەنلىكىنى نېمە دەي. ئالدى-
راپ ـ تېنەپ خىتاب قىلدىم:

ـ ئاپا، ھامىنى ئاسقاندىكىن، ساپالىقراقلىرىنى ئېسىڭ، دورىسا،
تۇزۇكلىرىنى دورىسۇن.

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەت پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆ-
ۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم فامى-
لىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى،
ئالاقىلىشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە
يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قە-
غەزگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن
يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋا-
پىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان،
ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر
گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر
بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.
كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى، بې-
سىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللار، مەزكۇر كىتاب،
گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر
قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى
كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر
بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان
ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي
نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش
بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىيات-
لارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ
قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر
بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

ــ«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئورۇقلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى

باشقىلارنىڭ ئورۇقى توق بولامدۇ ياكى پۇچەك بولامدۇ، بۇ ئەسلىدە مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئەمما تەتقىقاتچىلارنىڭ يېقىندا ئاشكارىلىغان ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ، تاقەت قىلىپ بولالماي بىر نەچچە ئېغىز سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم. گېزىت خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، بىر تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تەتقىقات ئورنى ستۇدېنتلارغا ئورۇق يىغىش ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقاقاندا ئاكتىپ قوللاشقا ئېرىشىپ، 387 نەپەر ستۇدېنت ئورۇق ئىئانە قىلغان. كۈتۈلمىگەن ئىش شۇ بولغانكى، تەتقىقاتچىلار يىغىلغان ئورۇقلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، % 40 ئورۇقنىڭ لاياقەتسىزلىكى بايقالغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئون ستۇدېنتنىڭ ئىچىدە تۆتىنىڭ ئورۇقى پۇچەك چىققان. مەن بۇ خىل «كۈتۈلمىگەن» تەتقىقاتتىكى «بايقاش»نىڭ قانچىلىك دائىرە ئىچىدە قانچىلىك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما ئايرىم رايوندىكى بىر «مەسال»دىن قارىغاندا، نەتىجە ئادەمنى چۆچۈتىدۇ.

«پالنامە»دە: «ئەر ـ ئايال ئىككى جىنسنىڭ بىرىكىشى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىشنىڭ ئىپتىداسى» دېيىلگەن. گويا «ئەتىگەن سائەت 8 ـ 9 لاردىكى قۇياش»قا ئوخشايدىغان كەڭ ياشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ساغلام ئورۇقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدە مېنىڭ بۇ يەردە ئۇستاتلىق قىلىپ، «ياخشىلىققا يېتەكلىشىم»نىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. مەسىلە شۇ يەردىكى، كىشىلەر تەرىپىدىن «تەڭرى ئەركىلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ستۇدېنتلارنىڭ ئورۇق سۈپىتىدە نېمە ئۈچۈن شۇنچىلا چاتاق چىقىدۇ؟ تەتقىقاتچىلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ستۇدېنتلارنىڭ ئورۇق سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغقان: بىرىنچىسى، تۇرمۇش ئادىتى ناچار، دائىم تورخانىلارغا قاترايدۇ، ئۇيقۇسى يېتەرلىك ئەمەس، نەتىجىدە بەدەن زەئىپلىشىپ، بۆرەك زىيانغا ئۇچراپ، مەنى سۈيۇقلۇقى ئازلاپ، ئورۇقنىڭ ھاياتىي كۈچى چېكىنگەن. ئىككىنچىسى، يېمەك ـ ئىچمەكى بىر خىل ياكى تاماق تاللىغانلىقتىن، ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىشى ناچار. ئۈچىنچىسى، تاماكا، ھاراققا بېرىلگەنلىكتىن، ئورۇقنىڭ يېتىلىشى تولۇق ئەمەس ياكى غەيرىي يېتىلىپ قالغان. تۆتىنچىسى، «چەكلەنگەن مېۋە»نى

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

ئوفرىلىقچە يېيىش، نىكاھدىن بۇرۇن زىيادە جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش مەۋجۇد بولۇپ، بۇ كۆپىيىش ئەزالىرىدا قالايمىقانچىلىق ۋە يۇقۇملىنىش پەيدا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكەن.

مېنىڭ نەزىرىمدە مەكتەپ بىر مۇقەددەس ئورۇن، ھەرگىزمۇ خىيالىي جەننەت ئەمەس. ھېچبولمىغاندىمۇ ستۇدېنتلار ئۇنچىلا كۆپ مەشچانلىق ئىللىتىنى يۇقتۇرۇۋالماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەمما تەتقىقاتچىلارنىڭ تەسۋىرىدىن بۇ ياشلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىيىتى، ئالغا ئىنتىلىش ئىنجاسىنى كۆرەلمىدۇق. ئەكسىچە، بۇ دۇنيادا يەنە بىر توپ نانقېپى كۆپەيگەن. ھەسەن || «مەكتەپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بارومېتىرى» دېگەن. بۇ سۆز ئازراقمۇ ئاشۇرۇۋېتىلمىگەن. جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن ئادەم كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتنى كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ زور بەخت، ئەڭ زور بەھرىمەن بولۇش، دەپ قاراۋاتقان چاغدا، جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى بولغان ئالىي مەكتەپلەرنى قانداقمۇ بۇ پانىي دۇنيانىڭ تەسىرىگە زادىلا ئۇچرىمايدۇ، بۇلغانمايدۇ دېگىلى بولسۇن؟! تورخانا، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، پۇلغا چوقۇنۇش، «ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» دەپ قاراش، ھالقىما ئىستېمال، قىلىقسىزلىقتا بەسلىشىش، بىكار تەلەپلىك، ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش... بۇلارنى ۋاقىتنىچە قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت نىكاھدىن ئىلگىرىكى جىنسىي قىلمىش ھەققىدە توختالغاندىمۇ، ھازىرقى ياشلارنىڭ «ئېچىۋېتىش» ئېڭى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈلگەن سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئوغۇل ستۇدېنتلارنىڭ نىكاھدىن ئىلگىرى جىنسىي قىلمىشقا قوشۇلىدىغىنى 70% نى، قىز ستۇدېنتلارنىڭ 60% نى ئىگىلىگەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن نىكاھدىن ئىلگىرىكى جىنسىي قىلمىشنى قوللايدىغانلار 15.5% بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەلۇم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 9.9% ئوقۇغۇچى كۆڭلى چۈشۈپ قالسىلا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان. 2.5% ئوقۇغۇچى ھەتتا ماقۇل بولۇپ، ئازغىنە نەپ يەتكۈزۈلسىلا جىنسىي ئالاقە قىلغان. جىنسىي مۇتەئەسسىپلىك ۋە جىنسىي بېسىم ئەلۋەتتە ياخشى ئىش ئەمەس. ئەمما جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ئەخلاق قارشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ جىسمانىي غىدىقلىنىشى ۋە ھوزۇرلىنىشىنى قوغلىشىش ئوخشاشلا ياخشى ئىش ئەمەس. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بۇ ياشلارنىڭ كەسپىتە ئىلگىرىلەپ نەتىجە يارىتىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىشىمۇ بىر گەپ بوپقالىدۇ.

«ياشلار بىلىملىك بولسا دۆلەت ئابرۇيلۇق بولىدۇ. ياشلار باي بولسا دۆلەت باي بولىدۇ. ياشلار كۈچلۈك بولسا، دۆلەت قۇدرەتلىك بولىدۇ... ياشلار جاسارەتلىك بولسا، ئاندىن دۆلەت يەر شارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.» لياڭ چىچاۋنىڭ بۇ سۆزى ئوقۇغان ھەر بىر ئادەمنىڭ تا ھازىرغىچە قېنىنى ئۇرغۇتۇپ، چەكسىز روھلاندۇرىدۇ. ياش ئەۋلادلارنىڭ يەلكىسىدە كەلگۈسىنىڭ ئېغىر يۈكى بولۇپ، ئۇلارغا باغلىغان ئۈمىد ۋەتەننىڭ ئۈمىدىدۇر، مىللەتنىڭ ئۈمىدىدۇر. مەن «قانداشلىق نەزەرىيىچىسى» ئەمەس. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بەدەن ئىنقىلابنىڭ دەسمايىسى. بىزنىڭ ئەپيۇنغا بېرىلىپ كېتىشىمىز نەتىجىسىدە دۆلەت ئاجىزلاپ، ئەسكەرلەر لەققىۋالشىپ، خورلۇقلارغا جاق تويغان ھاقارەتلىك تارىخىمىز بولغان ئەمەسمىدى؟ ناۋادا ھەر بىر پۇقرادا ساغلام قەددى-قامەت بولىدىغان بولسا، ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىققان، خەلققە ۋە تۈرلۈك-تۈمەن ئىشتا بەخت يارىتالىغان بولاتتۇق. شۇڭلاشقا دەيمەنكى، ئەشۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئۇرۇقى تولىمۇ مۇھىم. «بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلادقا يەتمەلىك» پاجىئەسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن قاي مۇراجىئەت قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنى قۇتقۇزۇۋالايلى!

---

شۇچاڭ قەلەمدىكى بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتونلار ئايلىق مەجم…سى»نىڭ 2003-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. **تۇرسۇنبەگ ئىبراھ تايماس** تەرجىمىسى

# جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش دەرىجىسى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ

100 يىل مابەينىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرى كۈچلۈك ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر توپى بولۇپ كەلگەنىدى. يېقىندا، بورك جۇڭگو تور پونكىتى «جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ جامائەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش سوئالى»نى ئېلان قىلدى.

تەكشۈرۈشتە جەمئىي 3311 كۈچكە ئىگە جاۋاب ئېلىندى. تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 28 ياش بولدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ۋە ئىشەنچلىككە ئىگە بولدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش دەرىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان. زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ 69.87% ى نۆۋەتتىكى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئوبرازى مەنسەپدارلارغا ئوخشاپ قالىدۇ، دەپ قارىغان، مائارىپچىلارغا بەكرەك ئوخشايدۇ، دەپ قارايدىغانلار ئاران 6.54% نى، مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارغا بەكرەك ئوخشايدۇ دەپ قارايدىغانلار ئاران 9.98% نى ئىگىلىگەن. روشەنكى، ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ بۇ خىل ئاممىۋى ئوبرازى، ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرى ئالدى بىلەن مائارىپچى بولۇشتەك ئوبرازى بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلەنگەن.

---

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2005-يىل 27-ئاۋغۇست سانىدىن

# ئەرلەر

www.uyghurkitap.com

# مۈشۈك قىسمىتى



تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

قىسمەت ـ يۈز بېرىۋاتقان، تېخىمۇ توغرىسى رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقان تەقدىر. ناۋادا بۇ يەردە «رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقان تەقدىرنىڭ ھەممىسى قىسمەت بولامدۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭغا: «رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقان تەقدىرنىڭ تراگېدىيىلىك تۈس ئالغانلىرىلا قىسمەت ھېسابلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىلسە كۇپايە. بۇ يەكۈن قانداقتۇر قۇرۇقتىن قۇرۇق تەپەككۇرغا تايىنىپ، ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپلا چىقىرىلغان يەكۈن بولماستىن، بەلكى بىز ياشاۋاتقان بۇئۇنكى دۇنيانىڭ كۆز ئالدىمىزدا مانا مەن دەپ تۇرغان رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن چىقىرىلغان ئەمەلىي يەكۈن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئاساس بولغان بىر ئەمەلىي مىسالغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

مۈشۈك گەرچە يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان سانى كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ، بەزى يۇرتلاردا ھەتتا نەسلى قۇرۇشقا يۈزلەنگەن جانلىق بولسىمۇ، لېكىن دىيارىمىزدا ئۇنى بىلمەيدىغانلار ئاساسەن بولمىسا كېرەك. چۈنكى مۈشۈك ئۆزىنىڭ ئوماقلىقى، ئادەمگە ئىجىللىقى، جۇغىنىڭ كىچىك، يەپ ـ ئىچىدىغىنىنىڭ چاغلىق بولۇشى، شۇنداقلا ئادەملەرنى بىزار قىلىدىغان چاشقانلارنىڭ تەبىئىي كۈشەندىسى بولۇشى قاتارلىق كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكى بىلەن تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئامراقلىقىغا ئېرىشىپ، ئادەملەر بىلەن بىر ئۆيدە ياشاش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئەرمەك ھايۋان.

ئەمما ھەممە ئادەم كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى رېئاللىقتا، ئىنسانلارنىڭ ئامراق دوستى بولغان مۈشۈكلەر مىسلىسىز مۈشكۈل تاللاشقا دۇچ كەلدى. يەنى ـ مۈشۈك يارىلىشىدىلا ۋۇجۇدىدا بار بولغان تەبىئىتىگە سادىق بولۇپ،چاشقان تۇتۇشى كېرەكمۇ ياكى ئۆزىنىڭ مۈشۈكلۈك تەبىئىتىدىن ۋاز كېچىپ، چاشقان تۇتمايدىغان باشقا مەخلۇققا ئايلىنىپ ياشىشى كېرەكمۇ؟ ناۋادا، مۈشۈك ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتىدىن ۋاز كېچىپ، چاشقان تۇتمايدىغان باشقا بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالسا، ئۇنى يەنە داۋاملىق مۈشۈك دەپ ئاتاۋېرىش كېرەكمۇ ياكى يېڭىدىن باشقا ئىسىم قويۇش كېرەكمۇ؟!

مۈشۈك دۇچ كەلگەن بۇ مىسلىسىز مۈشكۈل تاللاش، تەپەككۇرى ئويغاق ھەر بىر ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. چۈنكى ئۇ نۆۋەتتە گەرچە مۈشۈك قىسمىتى بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جانلىق تۈپىنىڭ ئۆزلىرى بىلىپ ـ بىلمەي ماھىيەتلىك مۈشكۈل تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھادىسىلەرنى كۆرۈشكە يارىتىلغان جىسمانىي كۆزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ ھادىسىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە يوشۇرۇنغان ماھىيەتنى كۆرۈشكە يارىتىلغان ئەقلىي كۆزى ئوچۇق ئادەملەرگە ئايانكى، مۈشۈك بىلەن چاشقان تەبىئەت دۇنياسىدىكى كۆرمىڭلىغان جانلىق تۈپىنىڭ پەقەت ئىككى تۈرىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى تارىختىن بۇيان ئۆز تەبىئىتىگە ئىزچىل سادىق بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دوستى ھەتتا ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە قارشى ئېلىنىپ كەلسە، يەنە بىرىمۇ ئۆزىنىڭ زىيانداشلىق تەبىئىتىگە ئىزچىل سادىق بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ يوقىتىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ كەلدى. بۇ نۇقتىدا ئۇلارنىڭ بىرىنى ياخشىلىق ـ ئەزگۈلىكنىڭ، يەنە بىرىنى شۇملۇق ـ رەزىللىكنىڭ ۋەكىلى دېيىش مۇمكىن.

ئەمما مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، دۇنيا تەرەققىي قىلىپ 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ياخشىلىق ـ ئەزگۈلۈك تەرەپتىكى مۈشۈكلەر نەسلى قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ، ئەكسىچە، شۇملۇق ـ رەزىللىك تەرەپتىكى چاشقانلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، ھەتتا ئادەملەردىنمۇ ھېيقمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئەلمىساقتىن بۇيان ئۆز تەبىئىتىگە سادىق بولۇپ، رەزىل چاشقانلارنى تىزگىنلەپ كەلگەن مۈشۈكلەر بۈگۈن نېمە ئۈچۈن نەسلى قۇرۇش خەۋپىدىن ئىبارەت پاجىئەگە دۇچ كېلىدۇ؟ ئەجەبا، مۈشۈكلەردىن بىرەر مۇھىم سەۋەنلىك ئۆتتىمۇ؟ ياق، مۈشۈكلەردىن ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكىنى يوق. مۇنىڭدىن مىڭ ـ ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى مۈشۈكلەرنىڭ تەن شەكلى، تەبىئىتى قانداق بولغان بولسا، بۈگۈنكىلىرىمۇ شۇنداق. ھەتتا يەنى كولاپ تەرەت قىلىپ كېيىن كۆمۈۋېتىدىغان، ھېچقانداق ھايۋاندا بولمىغان ئادەتمۇ بۈگۈنكى مۈشۈكلەردە شۈپىتى داۋام قىلماقتا.

ئۇنداقتا، مۈشۈكلەر دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى پاجىئەلىك

قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ ماھىيەت مەسىلىسىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە يۈزەكى نەزەر سالغاندىمۇ، شۇ نەرسە ئايانكى، ئادەملەر چاشقان يوقىتىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا پۈتۈنلەي خىمىيىلىك دورىلارغا تاياندى. جۈملىدىن، ئايروپىلاننى كەشىپ قىلغاندا، ئېھتىيات يۈزىسىدىن پاراشوتنىمۇ بىللە كەشىپ قىلغان ئىنسانلار، بۇ قېتىم ھېچقانداق ئاقىۋەتنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ چاشقان دورىسىنى ياساپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەرزان باھادا تەمىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىلەردىن مېھمانسارايلارغىچە، دوختۇرخانىلاردىن دۇكانلارغىچە، ھەتتا ئاشخانىلاردىن مەسچىتلەرگىچە ھەممىلا يەرنى چاشقان دورىسى قاپلاپ، تەشۋىق تىلى بويىچە ئېيتقاندا، چاشقانلارغا قارشى «بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشى» باشلاندى. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئەمەس، ئەكسىچە سۇبيېكتىپ مەقسەتكە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ «خەلق ئۇرۇشى» نىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى شۇ بولدىكى، دورا يەپ زەھەرلىنىپ ئۆلگەن چاشقانلارنى يېگەن مۈشۈكلەرمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتتى. يالغۇز مۈشۈكلەرلا ئەمەس، مۇھتقا، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ئۈچار قۇشلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلارمۇ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۆلۈپ، دەرەخلەر قۇشسىز، دەريا ـ ئېقىنلار پاقا ـ بېلىقسىز قالغىلى تۇردى. ھەتتا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چاشقان دورىسى ئېچىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان ئادەملەر سانىمۇ يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ باردى. بۇنىڭ ئەكسىچە، چاشقان تائىپىسى سان جەھەتتىن ھەددى ـ ھېسابسىز ئاۋۇش بىلەن بىرگە، خۇي ـ مىجەز جەھەتتىنمۇ ئۆزگىرىش ياساپ، ئادەملەرنى مەنسىتمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. غوزا قۇرتى، يوپۇرماق پىتى دېگەندەك زىيانداش ھاشاراتلار مىسلىسىز كۆپىيىپ، دېھقانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ھاردۇرۇپ، ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئون يىللاپ داۋاملاشقان بۇ ئاچچىق ساۋاق، گەرچە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنى چاشقان دورىسىنى چەكلەش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقىتىشقا مەجبۇر قىلغان ۋە دەسلەپكى بىر مەزگىلدە بازاردىكى چاشقان دورىلىرى بىر ئاز ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇقتۇرۇش قەغەز يۈزىدىلا قېلىپ، دورىلار يەنە داۋاملىق سېتىلىۋەردى.

يۇقىرىقى بىر قاتار ھادىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مۈشۈكلەرنى ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىۋاتقان باش جاۋابكار ئادەملەر بولۇپ، ناۋادا مۈشۈكلەرمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش گەپ قىلالايدىغان بولسا ئىدى، ھېچبولمىغاندىمۇ «ھەي ئادەملەر، بىزگىمۇ قىلدىڭلار، ئۆزۈڭلەرگىمۇ قىلدىڭلار!» دېگەن بولار ئىدى. «ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ» دېگەن بۇ سۆز، گەرچە ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدا كۆپ ئۇچرىمىسىمۇ، لېكىن فولكلور بايلىقىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان چۆچەكلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان خاس سۆز بولۇپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ئەمما جىسمانىي كۆزى ئوچۇق بولسىمۇ، ئەقلىي كۆزى (دىلى) كور بولغاچقا، باشقىلارغا زىيان سېلىشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىگە زىيان سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى چۈشەنمىگەن نادانلارغا قارىتا ئېيتىلىپ كەلگەن.

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا گويا غايەت زور بىر تەبىئىي كېمە. ناۋادا بۇ كېمىنىڭ بىزدىن يىراق بولغان بىر بولۇڭىغا سۇ كىرىپ كېتىدىكەن، گەرچە بىزنى شۇ ھامان سۇ غەرق قىلىۋەتمىسىمۇ، لېكىن غەرق قىلىۋېتىش تەھدىتى تەدرىجىي يېقىنلايدۇ، زورىيىدۇ. تېخىمۇ يامان تەرىپى شۇكى، ناۋادا تۆشۈك ۋاقتىدا ئېتىۋېتىلمىسە، سۇغا غەرق بولۇش تەقدىرى مۇقەررەرلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە مۈشۈكلەر دۇچ كەلگەن قىسمەتنى بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراش، ئەمەلىيەتتە يەنە شۇ غاپىل نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دەرۋەقە، چاشقاندىن ئىبارەت زىيانداشنى يوقىتىشتا، ئەزەلدىن تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىپ مۈشۈك بېقىپ كەلگەن كەڭ ئاۋام خەلق نۆۋەتتە مۈشۈكلەر دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە ئەپسۇسلاندى، ئېچىندى. شۇڭا ئۇلار گۆش ھېسابىدا بىر كىلوگرام كەلمەيدىغان بىر ئاسلاننى 50 سومدىن 100 سومغىچە سېتىۋېلىپ، مۈشۈكلەرنىڭ نەسلى قۇرۇشقا قاراپ تۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆيلىرىدە ئەتىۋارلاپ باقتى. ئەمما ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ، نەسلىنىڭ ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي چاشقان تۇتۇشتىن ئىبارەت تەبىئىتىدىن زادىلا كېچەلمىگەن گۇناھسىز مۈشۈكلەرنىڭ يەنە زەھەرلەنگەن چاشقانلارنى يەپ سېلىپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى باغلاقتا ياكى قەپەستە باقتى. بۇ، ئادەملەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل كۆيۈنۈش بولسىمۇ، لېكىن مۈشۈكلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل مەسخىرە دېمەي ئامال يوق. چۈنكى ئەلمىساقتىن بۇيان ئوغرى چاشقانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ كەلگەن مۈشۈكلەرنىڭ ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە چاشقانلار ئالدىدا باغلاقتا ياكى قەپەستە بىقۇۋۇل ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى ھەقىقەتەن بىر بەختسىزلىك.

شۇنداق قىلىپ، مەيلى ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى كۆيۈنۈشى بولسۇن ياكى ئالدىنقى بىپەرۋالىقى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى مۈشۈكلەرنى ئوخشاشلا مىسلىسىز مۈشكۈل تاللاشقا دۇچار قىلدى. بىر ھېسابتا بۇنى تاللاش دېگەندىن كۆرە، يەنىلا مىسلىسىز مۈشكۈل خىرىس دېيىش مۇۋاپىقراق بولسا كېرەك. چۈنكى، ناۋادا مۈشۈكلەر ئۆز تەبىئىتىگە سادىق بولۇپ داۋاملىق چاشقان تۇتسا، مۇقەررەركى، زەھەرلەنگەن چاشقانلارنى يەپ سېلىپ، ئۆلۈپ تۈگەش خەۋپىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆز تەبىئىتىدىن ۋاز كېچىپ چاشقان تۇتماسلىقنى تاللىسا، تەبىئىتىدىكى ئۇنىڭ كۈشەندىلىرى بولغان ئوغرى چاشقانلارنىڭ تېخىمۇ كۆڭلى تۇغۇلىدۇ ـ دە، بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، ئاخىر بېرىپ مۈشۈكلەرنى تۇتۇپ يەيدىغان ھالەتكە يەتمىگۈچە توختىمايدۇ.

بۇ پاجىئەلىك قىسمەت تەبىئىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلماسلىققا بېرىلگەن ئاچچىق جاۋاب ئەمەسمۇ؟

2005 ـ يىل 9 ـ ئاۋغۇست، مەكىت

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك كۈتۈپخانىنىڭ پېنسىيونېرى

# ھەشەمەتلىك ئۆيلەردىن ھەسرەتلىك ئويلارغا



نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

كۆكتە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش، ھەممىگە شاھىد ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگەرگىنى يوق، ئەمما تەرەققىيات چۆچەكلەردىكى «جاھاننەما ئەينەك»، «ئۇچار گىلەم» دەك نۇرغۇن ئاجايىباتنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. توپىدىن ئۈنۈپ چىققان ئىنسان ئۆز قىياسىدىكى سائادەتنىڭ زېمىندا چاقنىغان شولىلىرىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ شولىلار بەزىلەر ئۈچۈن ئېتىقاد ۋە مەرىپەت ئىدى؛ بەزىلەر ئۈچۈن مال ـ دۇنيا ۋە مەئىشەت ئىدى؛ يەنە بەزىلەر ئۈچۈن خۇددى كۆلەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مەنسەپ ۋە شان ـ شۆھرەت ئىدى. كىرىزىس ۋە خىرىس چۇقانلىرىغا تولغان يەر شارىنىڭ روھىمىزدەك تىمتاس بۇ بۇلۇڭىدا بىز بۈگۈن قاياققا قاراپ كېتىۋاتىمىز؟

تېلېۋىزورنى ئاچتىم. مەدەنىيەت نامىدىكى ئاپرىمخانىلاردا ئە-

## روھ سەپىرىدە

چملىك، چېكىملىك كەيپىدىن ئېگىز ـ پەس سەكرىشىۋاتقان قارا كۆز، قاراچاچلار بىردىنلا ماڭا ئوت ئىچىدىكى يالىڭاچ ئەر ـ ئاياللار تويىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يۈرىكىم ئاغقان ھالدا دېرىزىنى ئاچتىم. كېچە ئاسمىنىدا جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلار ماڭا سانسىز كۆزدەك بىلىنىپ كەتتى. ئىنسان نەدىن كەلدى؟ نەگە كېتىدۇ؟ بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق تەڭ بولامدۇ؟ ئاقىۋەتى ھامان خۇلاسىلىنىدىغان ئىلاھىي يېشىم ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئەمەسمۇ؟ شۇ تاپتا بىز ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي پادىشاھلىقى دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئېرىشكەنلىرىمىزنىڭ قارشىسىغا قاراپ باقساق، ماددا بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ كەتتى. بىنالار قانچە ئېگىز سېلىنغانسېرى بىزنىڭ ئادىمىيلىكىمىز شۇنچە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆيلەرنى قانچە ھەشەمەتلىك بېزىگەنسېرى ئىچىمىز قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتىدۇ. ئېسىل كىيىنىش، ئوبدان يېيىش، قانغىچە ئويناپ ـ كۈلۈپ راھەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزى بولغانسېرى ھاياتنىڭ يۈكسەك مەنىلىرى يوقىلىۋاتىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر مەرۋايىتتەك چۇكۇپ،

www.uyghurkitap.com

كۆپۈكتەك ئادەملەر ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. ھەشەمەتخور شۆھرەتپەرەسلەر، ساختا شۆھرەتنىڭ قەغەز قاناتلىرىدا غارقىراپ ئۇچۇۋاتقانلار، پۇچۇق تىيىنغا ئەرزىمەس پايدا ـ مەنپەئەت، ھارامخور ئەمەل ـ مەنسەپ كويىدا قاتراپ دۇنياغا تويماي ئۆتۈۋاتقانلار ھاياتنىڭ يەنە بىر يۈزىدە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگۈچى ماغزاپلاردۇر.

ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدا دۇنيانى تىترەتكەن مەشھۇر ئىمپېراتور ئىسكەندەر ماكدونىسكىي ئۆلۈم ئالدىدا ۋەزىرلىرىگە شۇنداق نەسىھەت قىپتۇ:

– كۆزۈم يۇمۇلۇپ، جىنازامنى ئېلىپ ماڭغان چېغىڭلاردا ئىككى قولۇمنى تاۋۇتتىن چىقىرىپ قويۇڭلار.

ھەيران قالغان ۋەزىرلىرى سوراپتۇ:

– نېمىشقا؟

ئىسكەندەر ئېيتىپتۇكى:

– كىشىلەر مەندەك شان ـ شۆھرىتى دۇنياغا تارالغان، ھېسابسىز بايلىققا ئىگە مەشھۇر ئىمپېراتورنىڭ بۇ دۇنيادىن قۇرۇق قول كېتىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، ئىبرەت ئالسۇن.

بۈگۈن ماددىي جەھەتتە توققۇزى تەل بولغان ئادەم راھەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋېتىپ، بىردىنلا بەختنىڭ ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. چۈنكى روھىي نېمەتلەر بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىق ھالدىكى ئادىمىلىك شەرىپىگە نائىل بولغان ئىنساندا ماددىي تەلپۈنۈش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ماددىي ئېھتىياجغا بولغان ئېتىبار ۋە بېرىلگەن قىممەت مەنىۋى زۆرۈرىيەتتىن ئېشىپ كەتتى. مانا بۇ بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ «يارا ئېغىزى». ئادىمىلىك قىممەت ۋە ھاياتنىڭ مەنىسىنى پۇل ـ مالدىن، يەپ ـ ئىچىش، ئويناپ ـكۈلۈشتىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇشتىن ئىزدەش، شۆھرەتپەرەسلىك، ھەشەمەتخورلۇق، ئىسراپخورلۇق، شەكىلۋازلىق ئەنە ئاشۇ«يارا ئېغىزى» دىن سىرغىپ چىققان ئىللەتلەردۇر. راھەتكە ئىنتىلىش ـئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى. «ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى جىلغا ئالتۇنى بولسا، ئۈچ جىلغا ئالتۇنۇم بولسىكەن، دەيدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ كۆزىنى توپىدىن باشقا نەرسە تويدۇرالمايدۇ». ئىنساننىڭ ئىنسانلىقى ئۆز روھىنى ئەسلي تەبىئىتى بويىچە مەيلىگە قويۇۋېتىشتە ئەمەس، ئېتىقاد ۋە ئالىي پەزىلەتلەر بىلەن يېتەكلەش، چېنىقتۇرۇشتا.

ھېسسىياتنى ئەمەس غالىبلارچە رىقابەتنى، ئىچ ئاغرىتىشنى ئەمەس رەھىمسىز شاللاشنى ھاياتلىق شەرتى قىلغان 21 ـ ئەسىر بىزنىڭ روھىمىزدا قاتتىق سىلكىنىش ۋە ئازابلىق ئويلىنىش پەيدا قىلدى. ئەمما بۇ سىلكىنىش ۋە ئويلىنىش شامال سۇ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەندەك يېنىك دولقۇن ھاسىل قىلدى ـ يۇ، سەۋەب ۋە يېشىمگە ھامىل يىلتىز تارتالمىدى. پۇل ـ مەنپەئەت بورىنى ئۇچۇرۇپ، كەمتۈكلىشىپ، يىگىلەپ كېتىۋاتقان ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىمىز بىزدە يېڭىدىن يېڭى كرىزىسلەرنى پەيداقىلدى. ماھىيەتكە ئەمەس، ھادىسىگە، تاشقى شەكىللەرگە ھەددىدىن ئارتۇق ئەھمىيەت بېرىش خاھىشى بىزنى ئۆزىمىز ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە شۇ ئاساستىكى تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقان كرىزىس. ئۆز ئېھتىياجىدىن ئۆزگىلەرنىڭ باھاسىنى ئارتۇق بىلىدىغان ئەخمىقانىلىك شەخسنىڭ ئەقلىي كەمتۈكلۈكى ۋە روھىي پۇچەكلىكىدىن دېرەك بەرسە، جاۋاھىراتتىن غەپلەتتە قىلىپ، كۆپۈك ئۈچۈن تىرمىشىپ داغدا قېلىۋاتقان ئىجتىمائىي توپنىڭ چوڭقۇر يىلتىزىدىكى ئىللەتنى كۆرسىتىپ بەردى.

يېقىندا بىر ماتېرىيالدىن، مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مودا كىيىم ـ كېچەك ئىستېمال نىسبىتىنى تەكشۈرۈش ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم .مېنى ھەيران قىلغىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە شەخسىي كىرىم جەھەتتە مەملىكەت بويىچە كەينىدە تۇرۇۋاتقان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1 ـ دەرىجىگە تىزىلغانلىقى، شاڭخەي، بېيجىڭدەك يۇقىرى تەرەققىياتقا ئىگە چوڭ شەھەرلەرنىڭ خېلىلا كەينىدە تۇرۇۋاتقانلىقى بولدى. كىيىم ـكېچەكتىكى بۇ خىل ھاماقەتلەرچە ئىستېمالنى قويۇپ تۇرايلى، ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي 20 ـ 30يىللىق يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ھېسابىغا چوڭ ئۆي سېتىۋېلىش، ھەممىدە يۇقىرى ئىستېمال قوغلىشىش، ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى بولمىغان تۈرلۈك نام ـ ئاتاقلاردىكى يىغىلىش ـ چاي ۋە ئۆلاردىكى ئىسراپچىلىق، چىقىمى بارغانسېرى ئېشىپ، قائىدە يوسۇنلىرى كۆپىيىپ، كۆلەم جەھەتتىن يوغىناپ كېتىۋاتقان مەرىكىلەر... ئۆزىمىزنىڭ تايىنلىق ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۆزىمىزگە ئايان، بۇلار بىزنىڭ زېھنىمىزنى، ۋاقتىمىزنى، ئىقتىساد ۋە ھاياتىي كۈچىمىزنى خوراتماقتا. سوراش ھاجەتسىز، مۇشۇنچىۋالا ئىسراپچىلىقنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋە نىشانى نېمە؟ دېگەن سوئالغا شان ـ شۆھرەت ۋە بەخت ئۈچۈن دەپ جاۋاب بېرىلىدىغانلىقى ماڭا ئايان. ئەمما رېئاللىقىمىزغا قارايدىغان بولساق، بۇھەشەمەتخورلۇق ـ ئىسراپچىلىقلارنىڭ بىزگە ئەكەلگىنى ئابرۇي، بەخت ئەمەس، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس جەڭگى ـ جېدەل، ئارازچىلىق، ئۆچ ـ ئاداۋەت، شەخسىيەتچىلىك ۋە تاشتىن قاتتىق موھتاجلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىمىز يوق. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەنە شۇ موھتاجلىق جىنايەت ـ رەزىللىك ۋە زور ئاپەتكە ئايلانغان زەھەرلىك چېكىملىك، ئەيدىز كېسەللىدەك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ تاشقى مەنبەسى بوپقالماقتا. ئادەم بۇ دۇنيادا يەۋالغىنى، ئويناۋالغىنى بىلەنلا بەختلىك بولامدۇ؟ ھەشەمەتلىك، ياسداق ئۆيى ۋە ئالىي دەرىجىلىك كىيىم ـ كېچەكلىرى بولغانلىقى بىلەن ئابرۇيلۇق ھېسابلىنامدۇ؟ھەممە نەرسە ئاۋۋال ئىدىيىدىن باشلىنىدۇ. قارىغاندا، بەخت ۋە شان ـ شۆھرەتكە توغرا تەبىر بېرىش، خىرەلەشكەن، مۇجمەل ئۇقۇملاردىن قايمۇققان كاللىمىزنى سەگىتىپ، ئىللەتلىرىمىزنى تۈزەشتىكى مۇھىم ھالقىدەك تۇرىدۇ.ھەقىقەت شۇنداق، ساناقسىز پادىشاھ، باي ـ غوجاملارنىڭ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى تارىخنىڭ قۇم ـ بورانلىرىدا غايىب بولدى. ئۇلارنىڭ نام ـ شەرىپىمۇ بايلىقىغا ئوخشاشلا نام ـ نىشانسىز ئۇچۇپ كەتتى. ئارىدىن بىر ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ ئاتۇش دىيارىدا ياندۇرغان مائارىپ مەشئىلى ئۇلارنىڭ نامىنى تارىخ بەتلىرىدە چاقنىتىپ كەلدى. ئابدۇقادىر داموللا، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىيدەك ئۆلىما ـ ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەل ئۈچۈن ئوت بولۇپ كۆيگەن يۈرىكى ۋە ئەجىر ـ مېھنىتى خەلق قەلبىگە چېكىلدى. جىسمى قارا تۇپراققا كۆمۈلگەن ئاشۇ ئۇلۇغلىرىمىز يەۋالغىنى، كىيىۋالغىنى، ئويناۋالغىنى ۋە ياكى

تۆپلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى سەۋەبىدىن ئەمەس، باغرىدا ئۆستۈرگەن ئانا زېمىنىنىڭ، تۇزىنى يېگەن ئانا خەلقىنىڭ ھەققىنى ئالىي ھىممەت بىلەن ئادا قىلغىنى ئۈچۈن، نامى ئۆچمەس ھۆرمەت، شۆھرەت ساھىبقىرانلىرىغا ئايلاندى. مانا بۇ ھەقىقىي بەخت ۋە شان ـ شۆھرەتتۇر.

بىز بۈگۈن باشقا ھېچقانداق بىر دەۋرگە ئوخشىمايدىغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز، غەم ـ قايغۇمىز، كىرىزىس ۋە ۋەھىملىرىمىز بىلەن مۆلچەرلىگۈسىز رىقابەتكە يۈزلىنىۋاتىمىز. بىزنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بىلىم ـ ساپايىمىز، ئەڭ ئەۋزەل مائارىپ تەربىيىسىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق بالىلىرىمىز، نامراتلىق ـ موھتاجلىقتىن بويۇن قىسىپ قالغان قېرىنداشلىرىمىز، دۇنيانىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىدىن بىخەۋەر نۇرغۇن كىشىمىز... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىقتىساد كېرەك. سانايمۇ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇ موھتاجلىقلار ئالدىدا ئۆزىنى ئەقىل ئىگىسى ھېسابلايدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ بىر تىيىننىمۇ ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چېچىشى راۋا ئەمەس. چۈنكى ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەللىرى، ۋاقتى، پۇل ـ مېلى ھەتتا ھەر بىر تىنىقى ئۈچۈنمۇ ھېساب بەرگۈچىدۇر. بىزدە يېتەرلىك ئىقتىساد بولمىغاچقا، ئېچىلىش ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقان مائارىپ، مېدىتسىنا، مۇھىت ئاسراش، تەبىئىي پەنلەردەك نۇرغۇن ساھە بار. ھەر يىلى تۈرلۈك ھېيت ـ بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلىنىۋاتقان سەنئەت كېچىلىكى، سەنئەت پروگراممىلىرى ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ يۈەن سەرپ ئېتىلىۋاتقانلىقى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ھەر قانداق ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا بىر خەلقتە چوقۇم سەنئەت بولۇشى كېرەك، دېيىشى مۇمكىن. ئەمما شۇنى ئۇنتۇپ قالمايلىكى، سەنئەت ھەممە ئەمەس، بولۇپمۇ بىزگە نىسبەتەن سەنئەت نۆۋەتتىكى زۆرۈرىيەتلەر كۆنتەرتىپىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدۇ. بىز تېخىچە سەنئەتنىڭ بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئىجابىي تەرەپكە سىلجىتىپ، ھاياتىي كۈچ ۋە غالىبلارچە ئورۇنغا ئىگە قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىدۇق. خۇددى مۇتەپەككۇرىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «خەلقىمىز بۈگۈنكى دۇنياۋى رىقابەتتە ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇسابىقىسىغا دۈچ كەلگىنى يوق!» (مەسئۇل مۇھەررىردىن). ناۋادا شۇنچىۋالا زور مەبلەغ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ساھەلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنسا، بىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن كۆپ مەنپەئەتلىك ئىش بولار ئىدى.

خەلقىمىز ئەزەلدىن ئۆز تارىخىنى، شاكىلىنى ئەمەس مېغىزىنى، ھادىسىنى ئەمەس، ماھىيەتنى تارازىغا سالىدىغان مۇكەممەل ھايات مىزانلىرى بىلەن بېزەپ كەلگەن. ئاددىي ـ ساددىلىق، ئىنساپ ـ دىيانەت، شەرم ـ ھايا، سەممىيلىك، باتۇرلۇق، ئىقتىسادچىللىق، ۋاپادارلىق، ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەت مانا بۇ خەزىنىدىن تامچىلار. ئەنە ئاشۇ تامچىلاردىن پۈتكەن مۇكەممەل كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق، قىممەت ئۆلچەملىرى ئۇيغۇرنى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، ئەسىردىن ئەسىرگە ئۇلىغان، زامانلار كۈلپىتىدىن، دۈشمەن ئوقلىرىدىن ئامان قىلغان. ئىقتىسادنىڭ بىر شەخس، بىر مىللەت، بىر دۆلەت ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتى ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكتە.

ئۇنىڭسىزمۇ ئەڭ ئالىي غايىمىزدىن ئەڭ ئاددىي ئېھتىياجىمىز ئۈچۈن تىرمىشىش مۇساپىسىدە ھەر قەدەمدە ئۇسۇۋاتقان مىخ، دۈچ كېلىۋاتقان دوقاللار بىزگە ئىقتىسادنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇرماقتا. قاياققىلا قارىساق، پۇل تېپىش قىزغىنلىقىدا پىتراپ يۈرگەن ئادەملەر. دوپپىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ ئويلاپ باقساق، بىزگە تېخىمۇ كېرىكى، قانداق قىلىپ پۇل تېپىشقا قارىغاندا، تاپقان پۇلنى قانداق قىلىپ جايىدا، دۇرۇس خەجلەش. چۈنكى ئىلكىمىزدىكى چەكلىك ئىقتىسادنى قەيەرگە، قانداق خەجلەش ئۆزىمىز بىلەن ئۆزگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭايتىدۇ ياكى كىچىكلىتىدۇ.

ئۇلۇغلاردىن بىرى شۇنداق دەپتىكەن: «ھەربىر ئۈممەتنىڭ تۈرلۈك سىنىلىدىغان نەرسىلىرى بولىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ سىنىلىدىغان نەرسىسى كەڭتاشا بېرىلگەن مال ـ دۇنيادۇر. مەن سىلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىڭلاردىن ئەمەس، دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىگە بېرىلىپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن». بۇ دانالارچە بېرىلگەن بېشارەت ماددىي ھەشەمەتچىلىككە چۆكۈپ، قەلب بوشلۇقلىرىنى نۇر بىلەن تولدۇرۇشتىن غەپلەتتە قېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بۈگۈنى ئەمەسمۇ؟ مەن شۇنداق تىلەيمەن: دۇنيانى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە بىلىمىمىزنىڭ چېكى قىلمىغىن.

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى باشلىنىپ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى 5 يۈەن، يېرىم يىللىقى 15 يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 30 يۈەن. مۇشتەرىلەرنىڭ بۇ ئىككى ئايلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداقلا 2006 ـ يىلدىن باشلاپ پارچە سېتىش كەسپى يولغا قويۇلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

—كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com

# تالانتلىق فوتوگراف ئابلىز خوجامنىياز ئەپەندى





《新疆文化》　（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»2005- يىل 5- سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, china
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路72号
邮编：830001　电话：（0991）2856942
印刷：《新疆日报》印务中心
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001تېلېفون نومۇرى:2856942 (0991)
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

发代号：58－22　定价：5元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-22 باھاسى: 5 يۈەن

ئۇستاز رەسسام، گۈزەل سەنئەت مائارىپچىسى بائىمە ئېلى خانىم ئەسەرلىرىدىن.



بائىمە ئېلى خانىم



كۆلالىچى بوۋاي



ماھىنۇر



سەھراقىزى



ئىشتىياق